ھەسەن ئابدۇرېھىم



شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى (بىرىنچى تۈركۈم)

# شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



ھەسەن ئابدۇرېھىم

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

民族文字出版专项资金资助项目

www.uyghurkitap.com

## 图书在版编目(CIP)数据

新疆伊斯兰建筑文化及其考古调查研究：维吾尔文 /艾山·阿不都热衣木著. -- 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2015.6

ISBN 978-7-5466-3177-6

Ⅰ. ①新… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①伊斯兰教－宗教建筑－文化－新疆－维吾尔语（中国少数民族言）②伊斯兰教－宗教建筑－考古调查－新疆－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①TU_098.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第149372号

نەشر قىلغۇچىلار: تاڭ خۇي
ئادىل مۇھەممەت

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان جۇماخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مەمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچىلەر: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: ئايىنىسا ئوبۇل

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى
(بىرىنچى تۇركۇم)

**شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتى**

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880 mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 10
2015 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى
2015 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978-7-5466-3177-6
باھاسى: 32.00 يۈەن

## ئاپتور ھەققىدە

ھەسەن ئابدۇرېھىم 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1970 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى، 1983 ـ يىلى جۇڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىناكارلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ قەدىمكى ئىزلارنى قوغداش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ مۇزېي كەسپى بويىچە تەتقىقاتچى. 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە 1984 ـ يىلى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى، 1986 ـ يىلى يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى، 1992 ـ يىلى ئامانىساخان مازىرى، 1993 ـ يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، 1997 ـ 1998 ـ يىللىرى ئاپاق خوجا مازىرى قاتارلىق دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان، نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

## ھەسەن ئابدۇرېھىم ۋە ئۇنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابى ھەققىدە

ئادىل مۇھەممەت

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيەت - سەنئىتى شىنجاڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى بىر ئاساسىي نۇقتا. ئۇ مەيلى ھۈنەر - سەنئەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى تارىخىي مەدەنىيەت قاتلىمى نۇقتىسىدىن بولسۇن چوقۇم سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان، ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دۇنيا مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە ئىلىم ساھەسىدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن «ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەڭ ئاۋۋال دەل مۇشۇ بىناكارلىق مەدەنىيەت - سەنئىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ۋە كىشىلەرگە تونۇلغان. مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا پۈتكۈل ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئورتاق ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيەت - سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇرلىشىپ باردى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئورنى، رولى ۋە تەتقىقاتتىكى قىممىتى كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇلدى.

ئىلىمىزدە بولسا ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تونۇشمۇ دەل مۇشۇ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلدى، چوڭقۇرلاشتى. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ۋە بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىشلەردە بولغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ھەسەن ئابدۇرېھىمنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ كىتابى بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(1)

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا، ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىشقا ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا ھەسەن ئابدۇرېھىمنى تونۇدۇم. ئەينى چاغدا مېنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالەمنىڭ تېما ۋە مەزمۇنى قەدىمكى قەشقەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچ، مەن قەدىمكى قەشقەرگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە سېلىشتۇرۇش جەريانىدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەشكىللىشى بىلەن ھەسەن ئابدۇرېھىم يازغان «شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ بىرىنچى كىتابى بولغان «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى) ناملىق كىتاب بىلەن يۈز كۆرۈشتۇم. مەن بۇ كىتابنى ۋە كىتابتىكى مەزمۇنلارنى كۆرۈپ بەك ھاياجانلاندىم

ھەم كىتابىنىڭ يازغۇچىسىغا ئاجايىپ قايىللىقىم بىلەن رەھمەت ئېيتتىم. چۈنكى بۇ كىتاب شىنجاڭ رايونىدا ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئالاھىدىلىكى: شىنجاڭدا نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، فوتو سۈرەتلىرى، خەرىتىسى، نەقىش - بېزەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى مول، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك بولغان تارىخىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرى توپلىمى بولۇپ، ئۇ يالغۇز شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش، قەدىمكى ئىمارەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان بىناكارلىق نەزەرىيەسى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى بىلىملىرىمىزنى بېيىتىش، يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش ۋە بىناكارلىق گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ، كىتابتىكى قەدىمكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدىكى مەزمۇنلار مەن ئۈچۈن بەك قىممەتلىك ماتېرىياللار ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، مەن گەرچە ئۇستاز ھەسەن ئابدۇرېھىمنى كۆرۈش ۋە بىۋاسىتە تونۇشۇش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغان بولسامۇ، يىراق مېنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىش، خىزمەت ھاياتىمدا بۇ ئۇستازنىڭ نامى ئۈزۈكسىز زىكىر قىلىنىپ تۇردى ھەم ئۇنىڭ

مەن كىتابنىڭ يازغۇچىسىغا ئاجايىپ قايىللىقىم بىلەن رەھمەت ئېيتتىم. چۈنكى بۇ كىتاب شىنجاڭ رايونىدا ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئالاھىدىلىكى؛ شىنجاڭدا نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى، قۇرۇلۇشلارنىڭ تورلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، فوتو سۈرەتلىرى، خەرىتىسى، نەقىش - بېزەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى مول، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك بولغان تارىخىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرى توپلىمى بولۇپ، ئۇ يالغۇز شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش، قەدىمكى ئىمارەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان بىناكارلىق نەزەرىيەسى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى بىلىملىرىمىزنى بېيىتىش، يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش ۋە بىناكارلىق گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ، كىتابتىكى قەدىمكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدىكى مەزمۇنلار مەن ئۈچۈن بەك قىممەتلىك ماتېرىياللار ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، مەن گەرچە ئۇستاز ھەسەن ئابدۇرېھىمنى كۆرۈش ۋە بىۋاسىتە تونۇشۇش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغان بولساممۇ، بىراق مېنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىش، خىزمەت ھاياتىمدا بۇ ئۇستازنىڭ نامىنى ئۈزۈكسىز زىكىر قىلىپ تۇردى ھەم ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىنكى تەتقىقات ماقالىلىرى مېنىڭ ئالاھىدە دىققەت مەركىزىمدە بولدى.

نىھايەت، ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1995 - يىلى 9 - ئايدا مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن مەكىت ناھىيەسىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىغا يۆتكىلىپ باردىم. شۇ يىلى 11 - ئايدا ھەسەن ئابدۇرېھىم جۇڭگو قەدىمكى قۇرۇلۇشلار تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى جاڭ جىپىڭنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى ۋە ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ رېمونت قىلىنىشىغا ئالاقىدار ئىشلارنى بېجىردى. مەن مۇشۇ پەيتتە ئاندىن بۇ ئۇستاز بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت - بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئاپاق خوجا مازىرى قاتارلىق شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق نەمۇنىلىرى - شىنجاڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى رېمونت قىلىنىدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياسالدى. مۇشۇ جەرياندا مەن ئۇستاز ھەسەن ئابدۇرېھىم بىلەن بىرگە بولدۇم ھەم ئۇنىڭ شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدىكى بىلىملىرىنى ئۆگەندىم، جاپا - مۇشەققەتكە چىداش ۋە كەسپكە ئۆزىنى ئاتاش روھىدىن ئىلھام ئالدىم.

ھەسەن ئابدۇرېھىم 1948 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1970 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى، 1983 - يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىناكارلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق - قەدىمكى ئىزلارنى قوغداش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. مەدەنىيەت يادىكارلىق - مۇزېي كەسپى

بويىچە تەتقىقاتچى. 2013 - يىلى 7 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخ - مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە 1984 - يىلى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى، 1986 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، 1992 - يىلى ئامانىيساخان مازىرى، 1993 - يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، 1997 - 1998 - يىللىرى ئاپاق خوجا مازىرى قاتارلىق دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان، نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇستاز ھەسەن ئابدۇرېھىم ھەقىقەتەن كەسىپكە بېرىلگەن ئىجتىھادلىق، ئىزدىنىش روھىغا باي كىشى ئىدى. ئۇ قاتناشقان ھەم باش بولۇپ ئېلىپ بارغان شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش، تەشۋىقات ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى شىنجاڭنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى شىنجاڭ رايونىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش سەۋىيىسى، دىنىي ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى تارىخى،

پەن ـ مەدەنىيىتى، ھۈنەر ـ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم ـ تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، ھازىرقى زامان بىناكارلىق سەنئىتى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش، گۈزەل ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى.

ھەسەن ئابدۇرېھىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇب، شەكىل ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «شىنجاڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»نى بىرگە تونۇتتى ھەمدە ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولغان ئىسلام بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، سىزىش، ئۆلچەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ «شىنجاڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»نىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئۇنى نامايان قىلىپ، «شىنجاڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىلىم ساھەسىدە ئومۇملىشىشىغا تۆھپە قوشتى.

## (2)

ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ــ ئىسلام دىنىنىڭ
ارلىققا كېلىشى ۋە كەڭ كۆلەملىك تارقىلىشى ئارقىسىدا،
سلام دىنىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە
ارلىققا كەلگەن يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇ بارلىققا كەلگەن يىل
ەۋرى، تارقىلىش دائىرىسى ۋە تۈرلىرى قاتارلىق
جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەت
ەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە بىر ئورۇن تۇتىدۇ.
«ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن بۇ نام
نسانىيەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە نىسبەتەن
يىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە
الغان مەزمۇن، بارلىققا كەلگەن يىل دەۋر، تارقالغان دائىرە ۋە
ۈرلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى
ەۋەبىدىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاتىلىش ۋە قوبۇل
لىنىش جەھەتتە بىردەكلىك يوق. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت
ەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەممە دۇنيادىكى ھەرقايسى
لەت، رايونلارنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى
ەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن پۈتكۈل
نسانىيەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر
سمى بولغان «ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»غا بولغان
ونۇش چوڭقۇرلاشتى ۋە ئومۇمىي بىر ئىلىم ھادىسىسى
ۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدى، شۇنداقلا مەدەنىيەت
ادىكارلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان
ارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ
رىگە ئايلاندى.

www.uyghurkitap.com

(2)

ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ــ ئىسلام دىنىنىڭ ارلىققا كېلىشى ۋە كەڭ كۆلەملىك تارقىلىشى ئارقىسىدا، سلام دىنىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە ارلىققا كەلگەن يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇ بارلىققا كەلگەن يىل ەۋرى، تارقىلىش دائىرىسى ۋە تۈرلىرى قاتارلىق ەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەت ەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە بىر ئورۇن تۇتىدۇ.

«ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن بۇ نام نسانىيەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە نىسبەتەن بيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە الغان مەزمۇن، بارلىققا كەلگەن يىل دەۋر، تارقالغان دائىرە ۋە ۈرلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ەۋەبىدىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاتىلىش ۋە قوبۇل ىلىنىش جەھەتتە بىردەكلىك يوق. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت ەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەمدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ىلەت، رايونلارنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى ەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن پۈتكۈل نسانىيەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر سمى بولغان «ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»غا بولغان ونۇش چوڭقۇرلاشتى ۋە ئومۇمىي بىر ئىلىم ھادىسىسى ۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ادىكارلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ ىرىگە ئايلاندى.

شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىدە زور بىر بۆرۆلۆش بارلىققا كېلىپ، ئىسلام دىنى تەسىرى ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى ۋە ناھايىتى ئۇزۇن بىر تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى ھەمدە ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەرگە خاس بولغان مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە بۇ خىل مەدەنىيەتكە خاس بولغان ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىگە خاس بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، بۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىق بىرىنچى قول ماتېرىيال ھەم ماددىي پاكىت بولۇپ قالدى.

شىنجاڭنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا تارقالغان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى كۈچەپ تارقاتقان. مىلادىيە 960 - يىلى 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈرك - ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۇدۇن بۇددا دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ، قايتا - قايتا تىركىشىش ئارقىلىق مىلادىيە 1006 - يىلى قاراخانىيلار خانلىقى قوشۇنى ئۇدۇننى ئىگىلىگەن. ئىسلام دىنى

شىنجاڭدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان جويغا كېڭەيگەن.

موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقىلىشقا باشلىغان. جەنۇبتا چەرچەن، شىمالدا ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا كېڭەيگەن. ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمالىق (بۈگۈنكى قورغاس) ئىسلام دىنىنىڭ شىمالدىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق بازىسى بولۇپ قالغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تۆمۈر شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئالدى بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچى، شۇنداقلا موڭغۇللار ئارىسىغا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى موڭغۇل خانىدۇر. ئۇ 160 مىڭ چېدىرلىق موڭغۇلنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى كۈسەن قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇچقۇشلۇق ھالدا كۈسەنىنىڭ شەرقىگە قاراپ كېڭەيگەن. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى خىزىرخان خوجىنىڭ كۈچى بىلەن ئىدىقۇتنى ئىگىلەپ ئىسلام دىنىنى تۇرپان رايونىغا كېڭەيتكەن. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قومۇل رايونىغا تارقالغان. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقىلىشى بۇددا دىنىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەسىرىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ يەرلىك خەلقنىڭ بىردىنبىر دىنىي ئېتىقادىغا ئايلانغان.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ ئومۇملىشىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ يالغۇز دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىرىپلا قالماي، بەلكى تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ئۆزگەردى. پۈتۈن خەلق ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىغا دەسسەتتى ياكى

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. شۇ قاتاردا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي، دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە خاس بولغان بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بارلىققا كەلدى. قەشقەر ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى ھەم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتىدە، مۇشۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۆرنەكلىرى جۇغلانغان جايغا ئايلاندى. قەشقەر ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا بارلىققا كەلگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئىسلام دىنى تارقىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتى — ھازىرغىچە ئەينەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەسچىت - مەدرىسە ۋە مازارلار بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى ھېسابىدا، ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىن تېپىلغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭ ئىسلام خانلىقلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەتتىن شۇ دەۋردە قويۇلغان ۋە ئوبوروت قىلىنغان بىر تۈركۈم يارماق پۇللار، شۇ دەۋردە ئىشلىتىلگەن قەدىمكى تىل - يېزىق ماتېرىياللىرى، قەدىمكى ۋەسىقىلەر ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر ھەمدە زور بىر تۈركۈم تۇرمۇش بۇيۇملىرى — قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە ئالدى بىلەن مەسچىت، مەدرىسەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان.

ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىشى بىلەن، ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى جۇڭگوغا كىرىپ قۇرۇلۇش - بىناكارلىق جەھەتتە يېڭى بىر سەھىپە ئېچىشتىن باشقا، جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو ۋە ئەرەب بىناكارلىق سەنئىتى بىرلەشكەن بىناكارلىقنىڭ يېڭى بىر سەنئەت ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام بىناكارلىقى بولسا يەرلىكنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا، تۈرلۈك بىناكارلىق ئۇسلۇبلىرى ساقلانغان ۋە ئۆزئارا تەسىرلەشكەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مەدەنىيەت بەلبېغىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە ئۇ يەرلىكنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن بىرلەشكەن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئومۇمەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق خەزىنىسىدە ئىسلام بىناكارلىقىدىن ئىبارەت يېڭى بىر بىناكارلىق تىپى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تارىخىي دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىسلام بىناكارلىقى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلدى ھەمدە ئېلىمىز ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قۇرۇلما سىستېمىسى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا

ۋەكىللىك قىلىدىغان قەدىمكى قۇرۇلۇشلىرى – مەسچىت - مەدرىسەلەر ۋە مازارلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشلار ياسالغاندىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى مۇقەددەس ئورۇنلارغا ئايلىنىپ ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن ھەم قوغدىلىپ، رېمونت قىلىنىپ ۋە قايتا ياسىلىپ كەلگەن. بۇ قۇرۇلۇشلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا سىستېمىلىق ھالدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە قايتىدىن بايقالغان. ئەڭ دەسلەپ بۇ بىر تۈركۈم قەدىمكى ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىق قۇرۇلۇشلىرى 1953 -، 1954 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى، قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى 1983 - يىلى ۋە 1984 - يىلى ئۇدا ئىككى يىل مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسىغا قارىتا مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيەلىك قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەينى چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش خىزمىتى بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، 1983 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بولغان ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسى ۋە ئاتۇش شەھىرىدە ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ

خارابىسى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن ماتېرىيال رەتلەش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش، سىپلىشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق خىزمەتلەر بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە قەشقەر رايونىدىكى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئىچىدىكى تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى بويىچە بەلگىلىك ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان قەدىمكى ئىمارەتلەر ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىنغان؛ فوتو سۈرەتكە تارتىش ۋە ھەرخىل نەقىش نۇسخىلىرىدىن ئۈلگىلەرنى سىزىش خىزمىتى ئىشلەنگەن؛ بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ياسالغان دەۋرى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە رېمونت قىلىنىش ئەھۋالى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەمدە بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قورۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە نەقىش - بېزەكلىرىگە قارىتا سىپلىشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى سىستېمىلىق ئىشلەنگەن؛ ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈز خەرىتىسى، تىك يۈز خەرىتىسى، كەسمە يۈز خەرىتىسى ۋە ئايرىم بۆلەكلىرىنىڭ قۇرۇلما خەرىتىسى بولۇپ جەمئىي 40 پارچىدىن ئارتۇق خەرىتە سىزىپ چىقىلغان؛ بىرنەچچە يۈز پارچە ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى رەڭلىك، رەڭسىز فوتو سۈرەتلەر ۋە 200 پارچىدىن ئارتۇق نەقش نۇسخىسى رەتلەپ چىقىلغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ بىر قەدەر تولۇق بولغان ئىلمىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشقا ئاساس سېلىنغان ھەمدە ئىسلام دىنى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش



www.uyghurkitap.com

ھۆرمىتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

شىنجاڭدىكى ئىسلام قۇرۇلۇش ـ ئىمارەتلىرىنىڭ ھازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنى يىل دەۋرى، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق ئۇسلۇبى، بىناكارلىق سەنئىتى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يادىكارلىقلار ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە يادىكارلىقلار دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىشقا بولىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يادىكارلىقلارغا سۇلتان سۇتۇق مازىرى، مەھمۇد كاشغەري مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ئارسلانخان مازىرى، ئوردام مازىرى؛ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، قەشقەر ئوردا ئىشىكى جامەسى، خانلىق مەدرىسە قاتارلىقلارنى ۋەكىل خاراكتېردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى مەشھۇر مەسچىت، مەدرىسە ۋە مازارلار ھەققىدە بىر قىسىم ئالىم، تەتقىقاتچىلىرىمىز تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىشقانىدى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرگە تەۋە يادىكارلىقلاردىن يەكەن ئالتۇنلۇق مازىرى، يەكەن ئازنا مەسچىت، يەكەن جامە مەسچىتى، ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى، ئاپاق غوجا مازىرى؛ قومۇل ۋاڭلار قەبرىستانلىقى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، كۇچا خانىقاسى، خوتەن جامە مەسچىتى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردىكى مەشھۇر مەسچىت، مەدرىسە ۋە مازارلار ھەققىدە بىر قىسىم تەتقىقاتچى، ئالىملىرىمىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغانىدى.

ھازىر يۇقىرىدىكى ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى دەپ ئېلان قىلىندى.

(3)

ھەسەن ئابدۇرېھىمنىڭ «شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ كىتابى ئاپتورنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ھەمدە شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنى قوغداش، رېمونت قىلىش جەريانىدىكى يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى، تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنگەن.

كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ئاپتورنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى؛ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش، رېمونت قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي قاراشلىرى، شۇنداقلا مەھمۇد كەشغەرىي مازىرى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى قاتارلىق شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نەمۇنىلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىپ مۇھاپىزەت قىلىش جەريانلىرى، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەھەر بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان.

كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى ئاپتورنىڭ ئۇزۇن يىللىق خىزمەت جەريانىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە باھالاپ بېكىتىش، قوغداش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن شىنجاڭدىكى ئىسلام

بىناكارلىقىنىڭ نەمۇنىلىرى بولغان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەسچىت، مازارلار، قەبرىستانلىقلاردىن تەركىب تاپقان ھەمدە بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

كىتابنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەت بىناكارلىق سەنئىتى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسەلىرى، مەھمۇد كەشغەرىي مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ئاپاق خوجا مازىرى قاتارلىق ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق نەمۇنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار بۇ كىتابنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەسەن ئابدۇرېھىمنىڭ بۇ كىتابى شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق تارىخ - مەدەنىيىتىدىكى ئۆچمەس بىر ئەمگەك بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە ئالاھىدىلىكىنى، تەتقىق قىلىش ھەمدە ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

مەن مەرھۇم ئۇستاز ھەسەن ئابدۇرېھىمنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى رەتلەپ بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىدىم. كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن ھەمدە مەرھۇم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋاكالىتەن بۇ كىتابقا ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ئالىم، تەتقىقاتچى ئۇستازلارنىڭ بىزنى قوللىغانلىقىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى


شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا..............3
شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا.......................................19
شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى..........34
شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش، رېمونت قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا..........................76
شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەھەر بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان..........................116
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى..............................135
مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى...141


## ئىككىنچى بۆلۈم شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق نەمۇنىلىرى


مەسچىتلەر..........................................153

هېيتگاھ جامەسى..................153
ئوردا ئىشىكى جامەسى..................159
يەكەن جامەسى..................163
يەكەن ئازنا مەسچىتى..................165
غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى..................166
كۇچا خانىقاسى..................167
خوتەن جامەسى مەسچىتى..................169
گۇما چوڭ جامەسى..................171
تۇرپان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى..................173
ئۈرۈمچى خانتەڭرى جامەسى..................176
ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتى..................178
كېرىيە جامەسى..................179
ئۈرۈمچى شەنشى چوڭ مەسچىتى..................180
غۇلجا تۇڭگان مەسچىتى..................182

**مازارلار**..................184
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى..................184
ئوردام مازىرى..................187
مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى..................189
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى..................191
ئارسلانخان مازىرى..................193
تۇيۇق مازىرى..................194
چىلتەن مازار (چىلتەنلىرىم)..................196
نىيە چوڭ مازىرى (ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى)..................198
قەيس غوجام مازىرى..................200
تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى..................202
مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا مازىرى..................205

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاپاق خوجا مازىرى.......207
يەكەن ئالتۇنلۇق مازىرى.......210
ئابدۇرەھمان ۋاڭ مازىرى.......213
قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى.......215

## ئۈچىنچى بۆلۈم شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدە تەتقىقات

شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى.......221
ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسەلىرى.......245
«ھەزرىتى موللام» مازىرىنى نۇقتا قىلىپ ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى.......255
يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر.......269
ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى.......271
ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا.......277

[illegible] ........ 155
[illegible] ........ 159
[illegible] ........ 163
[illegible] ........ 165
غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى ........ 166
كۇچا [illegible] ........ 167
خوتەن جامەسى ........ 169
كونا [illegible] جامەسى ........ 171
يەركەن [illegible] ........ 173
ئۈرۈمچى [illegible] جامەسى ........ 176
[illegible] ........ 178
[illegible] ........ 179
[illegible] ........ 180
[illegible] ........ 182
[illegible] ........ 184
[illegible] ........ 187
[illegible] ........ 189
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ........ 191
ئارسلانخان مازىرى ........ 193
[illegible] مازىرى ........ 194
[illegible] ........ 196
[illegible] مازىرى ........ 198
[illegible] مازىرى ........ 200
تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ........ 202
مەۋلانە [illegible] خوجا مازىرى ........ 205

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى بۆلۈم

# شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

# شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى تارىخى ئۇزۇن، شەكلى ھەرخىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. جۇملىدىن ئۇ ئىسلام دىنى تارقالغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش سەۋىيەسى، دىنىي ئۆرپ - ئادەتى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش ھەمدە شىنجاڭنىڭ تارىخى، پەن - مەدەنىيىتى، ھۆنەر - سەنئىتى، دىنىي ئۆرپ - ئادىتىنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم - تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش ۋە ھازىرقى زامان بىناكارلىق گۈزەل - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلانغان ئىسلام دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسى ئىنتايىن مول.

ئەپسۇسكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، كۆپ ساندىكى ئىسلام ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسى ئەكسىيەتچى «سول» چىل لۇشيەننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. بىرقىسىم ئىسلام دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي بۇزۇپ تۈزلىۋېتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلام ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



مارەتلىرىنى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى پىلانلىق ئاساستا قانات يايدۇرۇشقا تولۇق شەرت ـ شارائىت يارىتىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئەترىتى 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئۇدا ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسىگە نىسبەتەن يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئىسلام ئىمارەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە بەلگىلىك ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان ئىسلام ئىمارەتلىرىنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىش، فوتو سۈرەتكە تارتىش، ھەر خىل نەقىش ئۆلگىلىرىنى توپلاش، رەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش دەۋرى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى رېمونت قىلىش، قايتا ياساش ئەھۋالى، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. تۆۋەندە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل بىناكارلىق سەنئىتى بىر ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى داۋاملىق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئىدىقۇت شەھىرىنى ئاساس قىلغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانا ـ مىڭ ئۆي بىناكارلىقى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى مەيدانغا كەلدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنى مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، مەسچىت، ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مەدرىسە، خان - پادىشاھ ۋە ئاتاقلىق ئىلىم - پەن ئالىملىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مازارلار ياسالغان. مەركىزىي شەھەرلەردە خاقان - پادىشاھلار نامىدىكى «خانلىق مەدرىسە» ۋە مەسچىتلەر ياسىلىپ ناھايىتى تېز ئومۇملاشقان ۋە يېزا - كەنتلەرگە قەدەر كېڭەيگەن. قەشقەردە يۈسۈپ قىدىرخان دەۋرىدە «ساچىيە مەدرىسەسى» ۋە «ھەمىدىيە مەدرىسەسى» ياسالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر ئوپالدا «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» بىنا قىلىنغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى جەھەتتە ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىسلام دىنى قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئاساسەن ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە ئالدى بىلەن مەسچىت، مەدرىسەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ دەرۋازا پەشتىقى، دېرىزە ۋە مېھرابلىرىغا ئەگمە چىقىرىشتىن باشقا، ئاساسىي قىسمى ياغاچ قۇرۇلما، ۋاسىجۇپ، تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. تۈۋرۈك، لىم، جەگە، هاراق، پارامان، ئىشىكلىرىگە نەقىش ئويۇلغان، دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان، تورۇسلىرىغا چاسا خا ئويۇقچە چىقىرىلغان ۋە رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. مېھراب ۋە پەشتاق مۇنارلىرى گەج ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارلار نىسبەتەن ئاددىي ياسالغان بولۇپ، پادىشاھ ۋە ئۆلىمالارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ۋاسىجۇپ تۈز تورۇسلۇق پېشايۋانلارنى ياساپ، تۆت ئەتراپىغا ياغاچ پەنجىرە ياكى رېشاتكا ئورنىتىپ توسۇپ قويۇش، كېسەك ياكى خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئالدىغا تۇغ ياكى ئەلەم قاداپ قويۇش بىلەن چەكلەنگەن. مازارلارنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساش ۋە ئۇنىڭغا ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ئادەتلىرى تېخى شەكىللەنمىگەن. نەقىش - بېزەكلىرى ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، كاھىش، رەڭلىك سىزما نەقىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان.

XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مىلادىيە 1352 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. مىلادىيە 1380 - يىللىرى خىزىر خوجا بېشبالىق، تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا ئىسلام ئېچىپ، شىنجاڭنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاساسلىق دىنغا ئايلاندى ۋە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەرەققىي قىلدى. خىش ۋە كاھىش ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا ئايلاندى. ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق، خىش ياكى كېسەك بىلەن ئەگمە چىقىرىپ گۈمبەز تورۇسلۇق ياساش ئۇسۇلى بىر ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى كۇچادا مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا مازىرى، ئىلى قورغاستا تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ياسالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا، خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان بولۇپ، مازارنىڭ ئالدى تەرىپى 20 نەچچە خىل كۆركەم نۇسخىدىكى گېئومېتىرىيەلىك نەقىش ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ھەربىر كاھىش خىش ئۆلچەملىك ۋە نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، بىر - بىرىگە ماس ھالدا رەت - رېتى بىلەن مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازارنىڭ ئالدىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىگە بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ ئايەت پۈتۈلگەن كاھىش، مازارنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى كىچىك دېرىزىنىڭ ئەتراپىغا «الله» خېتى چۈ-

ئورۇلگەن كاھىش خىش ئورنىتىلغان بولۇپ، پۈتۈن مازار ياسى-
لىش شەكلى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ناھايىتى قويۇق
مۇر ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى
ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلدى، كېڭەيتىپ ياسالدى. مازار - ماشا-
يىخلارنى زىيارەت قىلىش، خوجىلارغا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنىڭ
كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مازار بىناكارلىقى ئىسلام بىناكارلىقىدا
ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. سۇلتان ئابدۇرېشىت خان دەۋرىدە
(1533 ـــ 1570) ئاتۇش مەشھەتتە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازى-
رى، قەشقەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى خىش ۋە رەڭلىك كا-
ھىش بىلەن كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ قايتا ياسالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
مىللەتلەر ئۈزۈكسىز كۆپىيىپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ،
تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق يەتتىگە يەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەس-
چىت، مەدرىسە، مازار بىناكارلىق سەنئىتى قۇرۇلمىسى، شەكلى،
ياساش تېخنىكىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى
جەھەتتە داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەسلىدىكى مەسچىت، مەد-
رىسە ۋە مازارلار قايتا كېڭەيتىپ رېمونت قىلىنىپلا قالماستىن،
بەلكى كۆلىمى چوڭ، بىناكارلىق سەنئىتى يۇقىرى يېڭى مەسچىت،
مازارلار ياسالدى. ئازادلىق ھارپىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئا-
ساسلانغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جەمئىي 13
مىڭ مەسچىت بولۇپ، 40 مىڭ نوپۇسقا ئىگە قەشقەر شەھىرى ئى-
چىدە 126 ئورۇندا مەسچىت ياسالغان. ھەربىر كوچىغا بىر ياكى
بىرنەچچە مەسچىت، ئوردا مەسچىت، قازانچى مەسچىت، ئوردا ئى-
شىكى ئازنا مەسچىت، تۆشۈك دەرۋازا مەسچىت، قاسقان بازىرى
مەسچىت، ئاپاق خوجا مازىرى، ئارسلان خان مازىرى، ئىسكەندەر
ۋاڭ مازىرى قاتارلىق تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە
مەشھۇر بولغان مەسچىت ۋە مازارلار قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان بو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لۇپ، شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپى ئوخشاشلا ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىـ
نى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان ۋە ئىسلام بىناكارلىقى
شەھەر، يېزا ـ كەنت بىناكارلىقىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.
575 ئائىلە ئولتۇراقلاشقان خوتەن ناھىيەسىدە 36 مەسچىت سېـ
لىنغان. ئىسلام دىنى نىسبەتەن كېيىن ئومۇملاشقان تۇرپان، قۇـ
مۇل، ئۈرۈمچى رايونلىرىدىمۇ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ناھايـ
تى تېز تەرەققىي قىلغان. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، قۇمۇل ۋاڭ قەبـ
رىستانلىقى، ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىت، نەنمىن مەسچىت، شەنشى
چوڭ مەسچىتى قاتارلىقلار چىڭ دەۋرىدە يېڭىدىن ياسالغان بولۇپ،
بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋرى ئالاھىدىلىكىگە
ئىگە. بۇ مەزگىلدە خۇيزۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىـ
شى ۋە خۇيزۇ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىـ
شى، شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ
بېيىتتى. خۇيزۇ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتى، ئىمارەتلەرنىڭ
قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
رايونلاردا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئاساسىدا
ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلدى. مىلادىيە 1784 ـ يىلى غۇلجا شەھەـ
رىدە شەنشى خۇيزۇ مەسچىتى سېلىندى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى
ئۈرۈمچىدە شەنشى چوڭ مەسچىتى ياسالدى. خۇيزۇلارنىڭ مەسچىت
بىناكارلىقى سان جەھەتتە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ياسىلىش
شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكىـ
نى ساقلاپ قالغان بولۇپ، خۇيزۇ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتىنى
تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

چىڭ دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاـ
ھىدىلىكى مەسچىت، مەدرىسە ۋە مازارلارنىڭ چوڭ دەرۋازىسى،
پەشتاق مۇنارلىرىنى ياساش تېخنىكىسى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلـ
گەن. چوڭ دەرۋازىسى ۋە پەشتاق مۇنارلىرى ئېگىز، پۇختا ياسىـ
لىپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى كۆركەم ۋە نەپىس زىننەتلەنگەن.

ئىمارەتلەرنى رەڭگارەڭ كاھىش، سىزما نەقىش، ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەش ھۈنەر تېخنىكىسى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان ۋە تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن.

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

## 1. ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى ئىمارەتلەرنىڭ ئەمەلىي رولى، يايىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن مەسچىت، مەدرىسە، مازار بىناكارلىقى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان ۋە ئىسلام دىنىي ئۆرپ - ئادىتى، كونكرېت يەر شارائىتى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن جانلىق ۋە ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەر توپىدىن تەشكىل تاپقان.

مەسچىت — مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم ئورنى. مەسچىت ئادەتتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىبادەت زالىدىن تەشكىل تاپقان. چوڭ مەسچىتلەر مەدرىسە، قازىخانا، سەرەپخانا قاتارلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرق - غەرب يۆنىلىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە ئىشىك زالى بولۇپ، دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ياغاچ پەنجىرە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە ئىشىك زالى بولۇپ، دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئىككى يان تەرىپىگە ئەگمە ئىشىك ئېچىلغان. پەشتاق مۇنارى بىلەن چوڭ دەرۋازىسى قوشۇلۇپ پۈتۈن مەسچىتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىسبەتەن گۈزەل ئالدىنقى مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ئىبادەت زالى مەسچىت ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، غەرب تەرەپ ئوتتۇرىسىغا مىھراب ۋە مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تاشقىرىقى قىسمى كەڭ كەتكەن ئالدى ئوچۇق پېشايۋان ۋە كايۋاندىن تەشكىل تاپقان. جامە ـ مەسچىتلەر مەسچىت ۋە مەدرىسە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، ئىچكەركى قىسىمغا مەسچىت، تاشقىرىقى قىسىمغا مەدرىسە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

مەدرىسە — ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىسلام ئىلىم ـ پەن ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، پادىشاھ نامىدىكى مەدرىسەلەر چوڭ، كۆركەم ياسالغان. شەخسىيلەر نامىدىكى مەدرىسەلەر نىسبەتەن كىچىك ياسالغان. مەدرىسەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مەسچىتلەرگە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشى ۋە تالىپلارنىڭ ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان دەرسخانا، مەسچىت، قىرائەتخانا، مۇدەررىس ئىشخانىسى، ياتاق، سەراپخانا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مازار — ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق خان ـ پادىشاھ، مەشھۇر دىنىي زاتلار ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرى دەپنە قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. يەر ئاستىغا قەبرە ئىگىسى دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستىگە قەبرە قاتۇرۇلغان ۋە خاتىرە ئىمارەت ياسالغان. مازار قەبرە ئىگىسىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا قاراپ، پادىشاھلار مازىرى («ئالتۇنلۇق»)، خوجىلار مازىرى، ھەزرىتى موللام (ئۇلۇغ ئالىم) مازىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. پادىشاھ، خوجا ئەۋلادى، ئالىم ۋە ئۆلىما كىشىلەرنىڭ مازىرى چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان بولۇپ، پۇقرالارنىڭ قەبرىسى ئۇلارنىڭ مازىرىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازار ئادەتتە مازار چوڭ دەرۋازىسى ۋە روزى مەرىكىسى (قەبرىگاھى) دىن تەشكىل تاپقان. كۆلىمى چوڭ بولغان مازارلاردا دىنىي پا-

ئالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا،
مەسچىت، مەدرىسە قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەر كېڭەي-
تىپ ياسالغان ۋە قەبرىگاھنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۆز ئورنىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق
قورۇ - جاي بىناكارلىقىدىكى «ئايۋان - ساراي»، «باغ - هويلا»
شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكىرى -
تاشقىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاساسلىق ئىمارەتلەر بىلەن قوشۇمچە
ئىمارەتلەر بىر - بىرىگە ماس هالدا ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر يۈرۈش
ئىمارەتلەر توپىنى تەشكىل قىلغان. سىرتقى مۇھىت شارائىتىنى
ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن، ئىچىگە
كۆل ياكى قۇدۇق قېزىش، ئەتراپىغا دەل - دەرەخ قويۇپ كۆكەر-
تىش، باغ ياساش ئارقىلىق گۈزەل مەنزىرە هاسىل قىلغان ۋە ئى-
مارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولۇپ، ئۇ
يالغۇز مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ساياھەت، دەم ئې-
لىش ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى ئو-
رۇنغا ئايلانغان.

## 2. قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى ياغاچ قۇرۇلما، خىش - ياغاچ قۇ-
رۇلما، خىش - قۇرۇلما ۋە بۇ قۇرۇلمىلارغا ماس هالدا ۋاسا جۈپ،
تۈز تورۇسلۇق، گۈمبەز ئەگمە تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسىلىش
شەكلىگە ئىگە.

ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياساش
— ئىسلام بىناكارلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بىناكارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇسۇلى بولۇپ، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا ئۈستىگە تەكشى يۈزى تۆت چاسا ياكى ئۇزۇنچاق چاسا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە توغرا قويۇلغان لىم، جەگە، هاراقلارنى ئۆزئارا قوراشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدا لىم ۋە هاراق ئۈستىگە ناۋا تارتىلىپ، جەگىنىڭ ئۈستىگە باسما ـ كەۋزە قويۇلغاندىن كېيىن ۋاسا تىزىلغان. ۋاسىنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىپ، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسۇلى مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ياساشتا كەڭ قوللىنىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە مازارلارنى ياساشتىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۇپ تۈز تورۇسلۇق ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. مازارنىڭ تۆت ئەتراپىغا ياغاچ رېشاتكا ۋە پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئالدىغا تۇغ، ئەلەم قادالغان؛ خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈزى تۆت چاسا، سەككىز تەرەپلىك ئىككى خىل بولۇپ، بۇرجىكىگە ئەگمە چىقىرىش ئارقىلىق يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەز ئەگمىسى بەلگىلىك گېئومېتىرىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتە مۇستەھكەم، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆركەم ياسالغان. تەكشى يۈزى نىسبەتەن چوڭ بولغان گۈمبەزلەرنى ياساشتا، ئالدى بىلەن ئەگمە تۈۋرۈك ۋە مېھراب شەكىللىك ئەگمىلەر ئارقىلىق يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە قەپىزەك چىقىرىلغان، تۆت بۇرجىكىگە مۇنار ياسالغان بولۇپ، ئېگىز دەرۋازا پەشتىقى، گۈمبەز، چوڭ ـ كىچىك مۇنارلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ، گۈزەل سىرتقى مەنزىرە هاسىل قىلىنغان.

ئىمارەتلەرنى لايىھەلەشتە ئەمەلىي رولى، قۇرۇلما ۋە ياسىلىش سەنئىتىنىڭ بىرلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. قۇرۇلما جەھەتتىكى ھەرخىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق ياسىلىش شەكلىنىڭ

تۈركىلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان، پۈتۈن قۇرۇلمىنى تەشكىل
قىلغان ئايرىم قىسىملىرىنى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتى بارغان-
سېرى تەرەققىي قىلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋ-
رۈكلىرى ئۆت قىرلىق، سەككىز قىرلىق، يۇمىلاق ياسالغان ۋە نە-
قىش ئويۇلغان. تۈۋرۈك بېشىغا كاللا مۇھەننەس شەرىپە چىقىرىل-
غان، ئۈستىگە نەقىش ئويۇلغان. دېرىزىلىرىگە ھەرخىل نۇسخىدى-
كى ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. دەرۋازا پەشتىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
بىگىز چوڭ ئەگمە، ئىككى تەرىپىگە مۇنار ۋە ئەگمە تەكچە چىقىر-
ىلغان. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ
تەرەققىي قىلىشى، قۇرۇلما، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بېزەك-
لىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.
كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ بولغان مەسچىتلەرنى ياساشتا، خىش قۇ-
رۇلما، گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە ياغاچ قۇرۇلما، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇس-
لۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە ئۆزئارا قو-
شۇلۇپ بىر پۈتۈن بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان.

ئىمارەتلەرنى پۈختا ۋە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان
قىلىش ئۈچۈن، ئىشىك، دېرىزە بېشى، گۈمبەز، مۇنار، پەشتاق ۋە
دەرۋازا ئەگمىسى ئارىسىغا ياغاچ تارتما قويۇلغان. ياغاچ قۇرۇلمى-
لىق ئىمارەتلەردە تام ئارىلىقىغا تۈۋرۈك ئېلىنغان، تۆت تەرىپىگە
ھاراق قويۇپ، لىم بىلەن چېتىشتۇرۇلغان. گۈمبەز تورۇسلۇق ئى-
مارەتلەرنىڭ تۆت بۇرجىكىگە چىقىرىلغان مۇنارلار ۋە چوڭ دەرۋا-
زىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارلارمۇ ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەش-
تىن ساقلىنىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

مۇنار — ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدى-
لىكى. ئۇ ياسىلىش شەكلى ۋە ئەمەلىي رولىغا ئاساسەن پەشتاق
مۇنارى، مەنزىرە مۇنارى ۋە خاتىرە مۇنارى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.
پەشتاق مۇنارى ئەزان ئېيتىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئىچىدىكى پەلەم-

پەي بىلەن ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. مەنزىرە مۇنارى مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ۋە ئاساسلىق ئىمارەتنىڭ تۆت ئەتراپىغا ياسالغان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇلما جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. خاتىرە مۇنار قۇرۇلما جەھەتتە مۇستەھكەم، ياسىلىش شەكلى كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەقىش - بېزەكلىرى مول بولۇپ، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە.

### 3. نەقىش - بېزەكلىرى

ئىسلام ئىمارەتلىرى نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ شەكلى ھەرخىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرىيال ۋە ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياغاچ ئويما نەقىش، خىش ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، خىش تىزما نەقىش، گۈللۈك خىش، كاھىش، رەڭلىك سىزما نەقىش قاتارلىق ئون نەچچە خىلغا بۆلۈنگەن. ياغاچ قۇرۇلما ئىمارەتلەردە ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە گەج ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش، خىش تىزما نەقىش، كاھىش ئاساس قىلىنغان. خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشتە ھەرخىل نەقىش - بېزەك شەكىللىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جانلىق بىر تەرەپ قىلىنغان. چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىشىك، دېرىزە، مېھراب، تەكچە، تۈۋرۈك، ھاراق، جەگە، تورۇستىكى چاسا خا ئويۇقچە، تۈڭلۈك قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان ئورۇنلارنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى نىسبەتەن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ،

ئىنچىكە ۋە نەپىس ئىشلەنگەن.

ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى ئاساسەن گېئومېترىيىلىك نەقىش ۋە گۈل - گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غۇنچە - مېۋىلىرى، غول - يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ياكى گۈزەللەشتۈرۈلگەن شەكلى بولۇپ، ئەجايىپ ھالدا ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋە تېخىمۇ بېيىتىلغان، نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار بىر - بىرى بىلەن ئۆز رېتى بويىچە باغلانغان. نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ بىر - بىرىگە ماس ھالدا شەكلى يانغا ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشسا، بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ يۇمىلاق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، رومبا شەكىلدە مۇستەقىل بىر نەقىش بولۇپ شەكىللەنگەن. نەقىشلەرنىڭ رىتىم - شالاڭلىقى، ئاددىي ۋە مۇرەككەپلىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئارقىمۇئارقا ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇش، كېسىشتۈرۈش، قاتار قىلىش، ئايلاندۇرۇش، قارىمۇقارشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىپ، ئۆزگىرىشچان ھەم بىر پۈتۈن نەقىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېلېمېنتلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، ئانار، سۆخەر، يازا، كۆرگۈل، رەنجى، توقۇناق، خونچا، شەددە، پىلتە، ناۋا، ئىسلىما، كەكلىك قېشى قاتارلىق بىرنەچچە ئون خىلغا ئايرىلغان. نەقىشلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان شەكىللەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا ئاساسەن نەمۇنە نەقىش، كۆپۈشەك نەقىش، مېھرابچە نەقىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە بىناكارلىق گۈزەل - سەنئەت تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نەقىشلەرنى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە تەكشى يۈزلۈك سىزما نەقىش ۋە تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىش كۆپرەك قوللىنىلغان. چىڭ دەۋرد-



شىنجاڭ داشۆ كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابى
新疆大学图书馆藏书

دە نەقىش ـ بېزەك سەنئىتىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان ۋە تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن.

ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ نەقىش ـ بېزەكلىرىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك نەقىش ـ بېزەكلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا كونكرېت ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلىتىش قىممىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مازارنىڭ ئىچىدىكى قەبرىلەرنىڭ نەقىش ـ بېزەكلىرى نىسبەتەن مول بولۇپ، ئاق رەڭ، يېشىل رەڭ، كۆك رەڭ، زەڭگەر رەڭ، سېرىق رەڭنى ئاساس قىلغان، مازار چوڭ دەرۋازىسى، روزى مەرىكىسى، قەبرىسى، مۇنار ۋە پەنجىرىلىرىگە ياسالغان ۋاقتى، بېغىشلىما ۋە قۇرئان ئايەتلىرى ھۆسنخەت ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان ياكى ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز نەقىش ـ بېزەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىمارەتكە نىسبەتەن قويۇق دىنىي تۈس كىرگۈزگەن. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى زىننەتلەشتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىچكەركى ۋە تاشقىرقى مەسچىتنىڭ مېھراب، تەكچە، چاسا خا تورۇس، تۈۋرۈك، لىم، ھاراق، جەگىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يېشىل رەڭ، قىزىل رەڭ، بىنەپشە رەڭ، جىگەر رەڭ، ھال رەڭ، زەڭگەر رەڭ قاتارلىق ئوچۇق ۋە ئىللىق رەڭلەر كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. نەقىش ـ بېزەكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جانلىق، ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى يۇقىرى، شەكلى كۆركەم ھەم نەپىس، رەڭ سېلىشتۇرمىسى ئېنىق ۋە كۈچلۈك، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىگە بەدىئىي زوق، مەنىۋى ئوزۇق بېرىدۇ ۋە ھۇزۇر ئىپتىخار ـ بەخش ئېتىدۇ.



كۇچا ناھىيەسىدىكى جامە مەسچىتى.



كۇچادىكى مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا مازىرى تاشقىرىقى مەسچىتىنىڭ پىشايۋان ئۈستى كۆرۈنۈشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





قومۇل ۋاڭ قەبرىستانلىقىدىكى شاھمەخسۇت مازىرى
ۋە تەيجى مۇنارى.



قومۇل ۋاڭ قەبرىستانلىقىدىكى بېشىر ۋاڭ مازىرى.

# شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا

ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى، بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلىرى جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل بىناكارلىق سەنئىتى بىرلا ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى داۋاملىق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئىدىقۇت شەھىرىنى ئاساس قىلغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانا بىناكارلىقى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى مەيدانغا كەلدى.

قاراخانىيلار دەۋرى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئومۇملىشىش دەۋرى بولۇپ، ئىسلام مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەسچىت، ئۆلىمالار ۋە ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مەدرىسەلەر قۇرۇلدى ھەمدە ئاتاقلىق ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نۇرغۇنلىغان مازارلار ياسالدى. مەركىزىي شەھەرلەردە پادىشاھ نامىدىكى «خانلىق مەدرىسە» ۋە مەسچىتلەر ياسىلىپ تېز ئومۇملىشىپ، يېزا - كەنتلەرگىچە كېڭەيدى. يۈسۈپ قىدىرخان زامانى-

سىدا قەشقەردە «ساچىيە مەدرىسەسى» بىنا قىلىنىپ، يۇقىرى ئىلىم - مەرىپەت مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردىكى دۆلەتباغدا يەنە «ھەمىدىيە مەدرىسى»، ئوپالدا «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» بىنا قىلىندى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلام دىنى قائىدە - يوسۇن، ئۆرۈپ - ئادەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ پەشتاقلىرى، ئىشىك - دېرىزە ۋە مېھرابلىرىغا ئەگمە چىقىرىشتىن باشقا، ئاساسىي قىسمى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تورۇس قىلىپ ياسالغان. تۈۋرۈك، لىم، جەگە، ھاراق، پارامان ۋە ئىشىكلىرىگە نەقىش ئويۇلغان، تورۇسلىرىنىڭ خالىرىغا چاسا شەكىللىك ئويۇقچە چىقىرىلغان ۋە رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان، مېھراب ۋە پەشتاق مۇنارى گەج ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارلار نىسبەتەن ئاددىي ياسالغان بولۇپ، پادىشاھ ۋە ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق پېشايۋانلارنى ياساپ، ئەتراپقا ياغاچ پەنجىرە ياكى رېشاتكا ئورنىتىپ توسۇپ قويۇشتىن باشقا، كېسەك ياكى خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئالدىغا تۇغ - ئەلەم قاداپ قويۇلغان. مازارلارنى ھەشەمەتلىك ياساش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ئادەتلىرى تېخى شەكىللەنمىگەن. نەقىش بېزەكلىرى — ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش ۋە رەڭلىك سىزما نەقىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويما نەقىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

قارخانىيلار دەۋرىدە بىناكارلىق سەنئىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ، ئوردا - ساراي، مەسچىت، مەدرىسە ۋە ئولتۇراق قورۇ - جايلار كۆپ ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قال-

غانلىرى ناھايىتى ئاز. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئىسلام ئىمارەتلىرى ئىچىدە بىر قىسىم ئىمارەتلەر (مەسىلەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قاتارلىقلار) قارخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن پادىشاھ ۋە ئاتاقلىق ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ نامىغا ئاتاپ ياسالغان خاتىرە ئىمارەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىش ۋە قايتا ياساش جەريانىدا ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى قاتارلىقلار ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھازىرقى مەھمۇد كاشغەريي مازىرى روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئايۋان، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا، مەسچىت ۋە چوڭ دەرۋازا قاتارلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان. روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئايۋان ئۆي، كېسەك ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. لىم، جەگە، هاراق، پارامانلىرىغا ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان. روزى مەرىكىسى ۋە دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئېتىكاپخانا، ھۇجرا ۋە چوڭ دەرۋازا زالى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. پارامانلاردا ساقلىنىپ قالغان قارا سىياھ بىلەن پارس نۇسخىسىدا يېزىلغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ مازار ھىجرىيەنىڭ 1245 - يىلى ۋە 1315 - يىلى ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان. رېمونت قىلىش جەريانىدا ئېتىكاپخانا ۋە ھۇجرىسى كېڭەيتىپ ياسالغان. ئەڭ قەدىمكى روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئايۋان ئۆينىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمىگەن. ئەسلىدىكى نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، هاراق، پارامانلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. مەھمۇد كاشغەريي مازىرىدىكى ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى — ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىككى دەۋردىكى ئىسلام بىناكارلىق

www.uyghurkitap.com



سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. 1985 - يىلى ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك ئاساسىدا قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئوپال تەۋەسىدە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت ئىسلام ئىمارەتلىرىدىن «سەيپىدىن بۇزرۇكۋارلىرىم»، «ھەزرىتى پادىشاھىم»، «ئىككى ئىماملىرىم»، «يەتتە قىزلىرىم» قاتارلىق مازارلار ھازىرغا قەدەر ساقلانماقتا. بۇ مازارلارنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مىلادىيە 1352 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ۋە چاغىتاي ئۇلۇسىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. 1368 - يىلى يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. 1370 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈر ئىمپېرىيەسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادىيە 1380 - يىلى قېدىرخان خوجا بېشبالىق، تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا ئىسلام ئېچىپ شىنجاڭنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاساسلىق دىنغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بىناكارلىق تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ خىش ۋە كاھىش ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا ئايلاندى. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تۈز تورۇس ۋە خىش ياكى كېسەك بىلەن ئەگمە چىقىرىپ گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياساش ئۇسۇلى بىرلا ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياسالغان ئىسلام ئىمارەتلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تارىخىي ئىمارەت. ئۇنىڭ تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ، خىش قۇرۇلمىلىق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تېمىنىڭ ئارىلىقىغا ئۈستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي ۋە ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولىدىغان قەۋەتلىك كارىدور چىقىرىلغان. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 14.5 مېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ ئالدى تەرىپى ناھايىتى كۆركەم ياسالغان بولۇپ، 20 نەچچە خىل نەقىش ئويۇلغان رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ھەربىر كاھىش ئۆلچەملىك ۋە نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازارنىڭ ئالدى ئىشىكى ئۈستىدىكى ئەگمىگە ئايەت پۈتۈلگەن كاھىش، ئىككى تەرىپىگە تۇغلۇق تۆمۈرخانىنى مەدھىيەلەيدىغان بېغىشلىما پۈتۈلگەن كاھىش، ئىشىك ئۈستىدىكى پەنجىرىنىڭ ئەتراپىغا «الله» خېتى چۈشۈرۈلگەن كاھىش ئورنىتىلغان بولۇپ، پۈتۈن مازارنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلىرى ناھايىتى قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنغان.

يەكەن كونا شەھەردىكى ئازنا مەسچىت مىلادىيە 1470 ـ يىللىرى مىرزا ئابابەكرى خان ۋاقتىدا ياسالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ياسىلىش شەكلىنىڭ كۆركەم بولۇشى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان. پۈتۈن مەسچىت ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان. دىيامېتىرى 2.60 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.50 مېتىر كېلىدىغان 51 كىچىك گۈمبەز ۋە دىيامېتىرى 7.90 مېتىر، ئېگىزلىكى 13 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ گۈمبەزدىن تەركىب تاپقان. مەسچىت دەرۋازىسى ۋە چوڭ گۈمبەزنىڭ ئالدى تەرىپى پەشتاقلىق ياسالغان ۋە ئۈستىگە مۇنار چىقىرىلغان. ھويلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى تەرىپىگە پېشايۋان ياسالغان. مەسچىتنىڭ ئاساسي قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان گۈمبەز ۋە گۈمبەزلەرنى ئۆز ئارا تۇ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خىش تۇۋرۇكلەر ئارىسىغا چىقىرىلغان ئەگ-مىلەر بەلگىلىك گېئومېتىرىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ياسى-لىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھى-دىلىككە ئىگە.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۇزۇكسىز تەرەققىي قىلدى. *مازار — ماشايىخلارنى زىيارەت قى-لىش*، خوجىلارغا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگى-شىپ، مازار بىناكارلىقى ئىسلام بىناكارلىقىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى.

مىلادىيە 1533 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، يەكەن كونا شەھىرى ئالتۇن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلار قەبرىستانلى-قى — «ئالتۇن مازار»، غەرب تەرىپىگە «ئالتۇن مەسچىت» ياسال-دى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى قايتا كېڭەيتىپ ياسالدى. خوجا مۇھەممەت شېرىپ مازىرى يېڭىدىن ياسالدى. ئابدۇللاخان دەۋرىدە يەكەن جامەسى كېڭەيتىلىپ ياسالدى، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن رەڭدار كاھىش ھەم خىلمۇخىل نۇسخىدا ياسالغان ياغاچ پەنجىرىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ چاغدا ئىسلام بىناكارلىقى شەھەر بىناكارلىقىدىمۇ ناھايىتى مۇ-ھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام بىناكارلىقى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. خۇيزۇلار شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، خۇيزۇ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى-نىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. خۇيزۇلارنىڭ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردا شەكىللەنگەن ئەنئەن-

ۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلدى. غۇلجا، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر قاتارلىق رايونلاردىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچا ـ مەھەللىلەردە خۇيزۇ مەسچىتلىرى ياسالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىت، مەدرىسە ۋە مازار بىناكارلىقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. ئەسلىدىكى مەسچىت، مەدرىسە، مازارلار رېمونت قىلىندى ۋە كېڭەيتىپ ياسالدى.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا رېمونت قىلىنغان ياكى يېڭىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. قەشقەردە ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئاپاق خوجا مازىرى ئۈزۈكسىز كېڭەيتىلىپ ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان. ئىسكەندەر ۋاڭ مازىرى يېڭىدىن ياسالغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا 40 مىڭ نوپۇسقا ئىگە قەشقەر شەھىرىدە 126 ئورۇندا مەسچىت بولۇپ، ھەربىر كوچىغا بىر ياكى بىرنەچچە مەسچىت توغرا كەلگەن. يەركەندە خوجا مۇھەممەت شېرىپ مازىرى ۋە يەكەن جامەسى كېڭەيتىپ ياسالغان. ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى ۋە بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى يېڭىدىن ياسالغان. 575 ئائىلە ئولتۇراقلاشقان خوتەن ناھىيەسىدە 36 مەسچىت بولۇپ، 16 ئائىلىگە بىردىن مەسچىت توغرا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن جامە مەسچىتى ئەڭ چوڭ ياسالغان. كۇچادا جامە مەسچىتى بىلەن رەستە مەسچىتى قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى، ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قومۇل رايونلىرىدا ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. غۇلجا شەھىرى ئىلىدىكى 9 شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان شەھىرى دەپ ئاتالغان. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا غۇلجا مەدرىسەسى، شەھەر سىرتىغا خۇيزۇ مەسچىتى قاتارلىق 10 نەچچە مەسچىت ياسالغان. تۇرپاندا مىلادىيە 1778 ـ يىلى سۇلايمان ۋاڭ مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نارى ياسالغان. ئۈرۈمچىدە ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ شەنشى كو-چېنسى مەسچىتى، ياڭخاڭ (نوغاي) مەسچىتى، نەنمىڭ مەسچىتى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق مەسچىت سېلىنغان. قومۇلدا قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى، تۇغلۇق مازىرى، قومۇل يېڭى مەدرىسەسى، ئازنا مەسچىت قاتارلىقلار ياسالغان. قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىغا توققۇز ئەۋلاد ۋاڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان. ھازىر پەقەت ھېيتگاھ مەسچىت، بېشىرۋاڭ مازىرى، شامەخسۇت مازىرى ۋە تەيجىلەر مازىرى ساقلىنىپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيتىلگەن. ياسىلىش شەكلى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. پەشتاقلىق چوڭ دەرۋازا ۋە مۇنارلارنى ياساش سەنئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. رەڭگارەڭ كاھىش ۋە ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش، گەج ئويما نەقىش ۋە گۈللۈك خىشلار بىلەن ئىمارەتلەرنى زىننەتلەش ھۈنەر ــ سەنئىتى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

* * *

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش بېزەكلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىللەرگە ئىگە.

## 1. ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ئىسلام ئىمارەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىك قائىدە ــ يوسۇنى، ئۆرپ ــ ئادىتى، كونكرېت يەر شارائىتى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن قانۇنىيەتلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ

مەسچىت بىناكارلىقى، مەدرىسە بىناكارلىقى ۋە مازار بىناكارلىقى
دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
مەسچىت ــ مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا دىنىي پائالى-
يەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم ئورنى. ئۇ، شەھەر ۋە يېزا -
كەنتلەردىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە،
كوچا ۋە ئاممىۋى مەيدانلارغا جايلاشقان. مەسچىتلەرنىڭ دىنىي پا-
ئالىيەتلەردە تۇتقان ئورنى ۋە كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە
قاراپ ھېيتگاھ مەسچىت، جامە مەسچىت، ئازنا مەسچىت، مەھەل-
لىۋى مەسچىت قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. مەسچىت ئادەتتە چوڭ
دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى ۋە ئىبادەت زالىدىن تەركىب تاپقان. چوڭ
مەسچىتلەر مەدرىسە، سەراپخانا قاتارلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرق - غەرب يۆنىلىشى بويىچە ئو-
رۇنلاشتۇرۇلغان. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى، دەرۋازا پەشتىقى ۋە
پەشتاق مۇنارى مەيدان ياكى كوچىلارغا قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان
بولۇپ، پەشتاق مۇنارى بىلەن دەرۋازا پەشتىقى ئۆزئارا قوشۇلۇپ
پۈتۈن مەسچىتكە نىسبەتەن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ئىبا-
دەت زالى مەسچىت ئىچىدىكى ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، ئىچكى-
رى - تاشقىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئىچكى قىسمى تۆۋ-
رۈكلۈك زال بولۇپ، غەرب تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېھراب ۋە
مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سىرتقى قىسمى ئالدى ئوچۇق چوڭ
كەتكەن پېشايۋان ۋە ئايۋاندىن تەركىب تاپقان. جامە مەسچىتلەر
مەسچىت ۋە مەدرىسە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىچكى
قىسىمغا مەسچىت، سىرتقى قىسىمغا مەدرىسە جايلاشقان.
مەدرىسە ــ ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى
تەربىيەلەيدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، پادىشاھ نامىدىكى مەد-
رىسەلەر چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان. شەخسلەر نامىدىكى مەدرىسەلەر
بولسا، نىسبەتەن كىچىكرەك ياسالغان. مەدرىسەنىڭ قۇرۇلمىسى
مەسچىتكە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ۋە تا-

لىپلارنىڭ ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان دەرسخانا، ئىبادەتخانا، قىرائەتخانا، مۇدەررىسخانا ۋە سەراپخانا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مازار — ئىسلام تارىخىدىكى ئاتاقلىق پادىشاھ، ئالىم ۋە دىنىي زاتلار دەپنە قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. يەر ئاستىغا ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستىگە قەبرە ۋە خاتىرە ئىمارەت ياسالغان. مازار — ئۆلگۈچىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا قاراپ پادىشاھلار مازىرى، خوجىلار مازىرى ۋە ھەزرىتى موللام مازىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. پادىشاھ، خوجا ئەۋلادى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قەبرىسى چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان، پۇقرالارنىڭ قەبرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ مازىرىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازار ئادەتتە مازار دەرۋازىسى ۋە روزى مەرىكىسى (قەبرىگاھ) دىن تەركىب تاپىدۇ. كۆلىمى چوڭ بولغان مازارلاردا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، مەسچىت، مەدرىسە، ھۇجرا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي ـ ئىمارەتلەر ياسالغان ۋە روزى مەرىكىسىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئولتۇراق قورۇ ـ جاي بىناكارلىقىدىكى «ئايۋان ـ ساراي»، «باغ ـ ھويلا» شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاساسلىق ئىمارەتلەر بىلەن قوشۇمچە ئىمارەتلەر بىر ـ بىرىگە ماس ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن بىناكارلىق تۈسىنى تەشكىل قىلغان. سىرتقى مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. ئىچىگە كۆل ياكى قۇدۇق قېزىش، ئەتراپىغا دەل ـ دەرەخ تىكىپ كۆكەرتىش، باغ ياساپ مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈل ئۆستۈرۈش ئارقىلىق گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلىنغان. بۇ، ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئۇ يالغۇز مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان

ئورۇن بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە، ھېيت - بايرام ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورنىغا ئايلانغان.

## 2. ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى ياغاچ قۇرۇلما، توپا - ياغاچ قۇرۇلما، خىش - كېسەك قۇرۇلما ۋە ۋاسا جۈپ تورۇس، گۈمبەز - ئەگمە تورۇس، يانتۇ تورۇس قاتارلىق شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ قۇرۇلما ۋاسا جۈپ تورۇس ۋە خىش قۇرۇلما گۈمبەز تورۇستىن ئىبارەت ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق قىلىپ ياساش، ئىسلام بىناكارلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا ئۈستىگە چاسا ياكى ئۇزۇنچاق چاسا ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى ئورنىتىپ، ئۈستىگە لىم، جەگە ۋە ھاراقلارنى توغرىسىغا تىزىپ ئۆزئارا قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان، جەگىنىڭ ئۈستىگە باسما - كەۋزە قويۇلغان ۋە ۋاسا تىزىلىپ، لىم ۋە ھاراق ئۈستىگە ناۋا تارتىلغان. بۇ خىل ياساش ئۇسۇلى مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ياساشتا كەڭ قوللىنىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە مازارلارنى ياساشتىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تورۇس قىلىپ ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. تۆت ئەتراپىغا ياغاچ رېشاتكا ۋە پەنجىرە ئورنىتىلغان. خىش قۇرۇلما گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈزى تۆت چاسا، ئۇزۇنچاق چاسا ياكى سەككىز قىرلىق ياسالغان. تۆت بۇرجىكىگە ئەگمە چىقىرىش ئارقىلىق يۇملاق گۈمبەز چەمبىرىكى ھاسىل قىلىپ، ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەز ئەگمىسى بەلگىلىك گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇستەھكەم، سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن كۆر-

www.uyghurkitap.com



كەم ياسالغان. تەكشى يۈزى نىسبەتەن چوڭ گۈمبەزلەرنى ياساشتا، ئالدى بىلەن ئەگمە تۈۋرۈك ۋە ئەگمە تەكچىلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق، يۇمىلاق گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە قەپىزەك چىقىرىلغان، تۆت ئەتراپىغا مۇنار ياسالغان. ئېگىز دەرۋازا پەشتىقى گۈمبەز ۋە چوڭ - كىچىك مۇنارلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلغان.

ئىمارەتلەرنى لايىھەلەشتە قۇرۇلما ۋە ياسىلىش سەنئىتىنىڭ بىرلىكىگە، سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن كۆركەم بولۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. قۇرۇلما جەھەتتىكى ھەرخىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق شەكىلنىڭ كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە تۈۋرۈكلىرىنى تۆت قىرلىق، سەككىز قىرلىق، يۇمىلاق ياساش، ئىمارەتنىڭ ئىچكى - تاشقى تاملىرىغا ئەگمە تەكچە، دېرىزە ۋە ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىش، دەرۋازا پەشتاقلىرىغا مۇنار، ئەگمە، تەكچىلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن پۇختا بولۇشىغا دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساستا ھەر خىل ئۆزگىرىش قىلىش ئارقىلىق شەكىل جەھەتتىكى كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. كۆلىمى چوڭ مەسچىت ۋە مازارلارنى ياساشتا خىش قۇرۇلما گۈمبەز تۇرۇسلۇق ۋە ياغاچ قۇرۇلما ۋاسا جۈپ تۈز تۇرۇسلۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە بىر پۈتۈن بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىناكارلىق سەنئىتى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئىمارەتلەرنى پۇختا ياساش ۋە يەر تەۋرەشتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشىك، دېرىزە، گۈمبەز، مۇنار ۋە دەرۋازا پەشتاق ئەگمىلىرىنىڭ ئىتتىرىش كۈچى مەركەزلەشكەن ئورۇنلىرىغا ياغاچ تارتما قويۇلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە لىم بىلەن چېتىشتۇرۇپ ھاراق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تۈۋرۈك بېشىغا شەرپە چىقىرىلغان ھەم ناھالچە قويۇلغان. تام ئا-

رىلىقىغا تۇۋرۇك ئورنىتىلغان. ئىمارەتلەرنىڭ تۆت بۇرجىكى ۋە دەرۋازا پەشتىقىنىڭ ئىككى يېنىدىكى مۇنارلارمۇ يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

مۇنار — ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. ئۇ ئەمەلىي رولى ۋە ياسىلىش شەكلىگە ئاساسەن پەشتاق مۇنارى، مەنزىرە مۇنارى ۋە خاتىرە مۇنارى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. پەشتاق مۇنارى — ئەزان ئېيتىپ مۇسۇلمانلارنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلىدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ، ئىچىدىكى پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. مەنزىرە مۇنارى — مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ دەرۋازىسى ۋە ئاساسلىق ئىمارەتنىڭ تۆت ئەتراپىغا ياسالغان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى قۇرۇلما جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. خاتىرە مۇنارى — ئىسلام تارىخىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان. مۇنارلار قۇرۇلما جەھەتتە مۇستەھكەم بولۇپلا قالماستىن، ياسىلىش شەكلى كۆركەم ۋە نەپىس، نەقىش - بېزەكلىرى مول بولۇپ، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە.

### 3. نەقىش - بېزەكلىرى

ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئەمەلىي رولى، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان بېزەش ئۇسۇلى ۋە نەقىش شەكلى قوللىنىلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش، خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە خىش ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، كاھىش ۋە گۈللۈك خىش ئاساس قىلىنغان. خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە نەقىش - بېزەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان. ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشتە نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمغا ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. دەرۋازا پەشتاقلىرى، گۈمبەز، مۇنار، ئىشىك، دېرىزە، مېھراب، تۈۋرۈك، لىم، ھاراق، جەگە، تورۇسلاردىكى چاسا خالىق ئويۇقچە، تۈڭلۈك قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان قىسىملىرى ئالاھىدە نەقىشلەنگەن ۋە نەپىس ئىشلەنگەن.

ئىسلام ئىمارەتلىرىدىكى نەقىش - بېزەكلەر ئاساسەن گېئومېترىيەلىك نەقىش، گۈل - گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل - غۇنچىلىرى، غول يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ياكى گۈزەللەشتۈرۈلگەن شەكىللىرى بولۇپ، نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئىككى ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشسا، يەنە بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ يۇمىلاق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، رومبا شەكىلدە مۇستەقىل بىر نەقىش بولۇپ شەكىللەنگەن. نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار بىر - بىرىگە ماس ھالدا بىر - بىرىنى كېسىپ ئۆتكەن ۋە بىر - بىرى بىلەن ئۆز رېتىمى بويىچە باغلانغان. نەقىشنى ھاسىل قىلغۇچى سىزىقچىلارنىڭ زىچ - شالاڭلىقى، ئېلېمېنتلارنىڭ ئاددىي - مۇرەككەپلىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قاتار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، قارىمۇقارشى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇش، كېسىشتۇرۇش ۋە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۆزگىرىشچان ھەم بىر پۈتۈن نەقىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

نەقىش نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېلېمېنتلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، ئانار، سۆخەر، يازا، كۆركۆل، زەنجى، توقۇناق، خۇنچا، شەددە، پىلتە، ناۋا، ئېسىلما، كەكىلىك قېشى قاتارلىق بىرنەچچە 10 خىلغا ئايرىلغان. نەقىشلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان شە-

كىللەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئاساسەن كۆپۈشەك نەقىش، نەمۇيەن نەقىش، گىرۋەك نەقىش، سەراپ نەقىش، هاراق نەقىش، تۈۋرۈك نەقىش، جەگە نەقىش، مېهرابچە نەقىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. نەقىشلەرنى ئىشلەش هۈنەر - سەنئىتىمۇ هەرخىل بولۇپ، تەكشى يۈزلۈك سىزما نەقىش، تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىشلەر كۆپرەك قوللىنىلغان هەم كۆپتۈرمە ئويما نەقىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان.

ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇهىم بىر ئالاهىدىلىكى نەقىش بېزەكلىرىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئالاهىدىلىك نەقىش بېزەكلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلىتىش قىممىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مازار ۋە قەبرىلەرنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى نىسبەتەن مول بولۇپ، ئاق، كۆك، يېشىل، توپا رەڭلەرنى ئاساس قىلغان. مازارنىڭ دەرۋازا پەشتىقى، مۇنار، ئىشىك، قەبرىلەردىكى گەج ئويما نەقىش، كاهىش، خىش ئويما نەقىش ۋە پەنجىرىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا قۇرئان ئايەتلىرى هۆسن خەت ئۇسلۇبى بىلەن ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز نەقىش بېزەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىمارەتنى ناهايىتى قويۇق دىنىي تۈسكە كىرگۈزگەن. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى زىننەتلەشتە نەقىش - بېزەكلىرى ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازا پەشتىقى، پەشتاق مۇنارى، لىم، جەگە، هاراق، تۈۋرۈك، مېهراب ۋە چاسا خالىق ئويۇقچىلار ئاساس قىلىنغان. كۆك، يېشىل، جىگەررەڭ، ياغاچ رەڭ قاتارلىق ئوچۇق ۋە ئىللىق رەڭلەر كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. نەقىش - بېزەكلىرىنى ئىشلەش هۈنەر - سەنئىتى يۇقىرى، قۇرۇلمىسى جانلىق، شەكلى كۆركەم ۋە نەپىس بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ۋە زوقلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

# شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

مەملىكەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى ۋە قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەدەنىي يادىكارلىقلار ئەترىتى 1983 - يىلى ۋە *1984 - يىلى ئۇدا ئىككى يىل مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇ*رۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسىگە نىسبەتەن مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش خىزمىتى بىرنەچچە باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى قېتىم 1983 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە 3 ئاي ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر شەھىرى، كونا شەھەر ناھىيە ئوپال رايونى، يەكەن ناھىيەسى ۋە ئاتۇش ناھىيەسىدە ئىسلام دىنى ئىما*رەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىگە نىسبەتەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئې*لىپ بېرىلدى. ئىككىنچى قېتىم 1984 - يىلى 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە قومۇل، خوتەن، غۇلجا، قورغاس، كۇچار، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەر ۋە ناھىيەلەردە ئالدى - كەينى بىرنەچچە باسقۇچقا بۆلۈپ نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ باشلىقى سابىت ئەخمەت يېتەكچىلىك قىلدى. دالا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن ھەسەن ئابدۇرېھىم، چىڭ جىنگو، قەشقەر ۋىلايەتلىك

مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مەھەممەت زۇنۇن سىدىق، باتۇر ئەزىز، قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىدارىسىدىن ھاجى مەتمۇسا، يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇقادىر داۋۇت، ئەسقەر، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن رەجەپ يۇسۇپ، كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مەھەممەت مۇسا، قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن ئوسمان تۆمۇر، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مۇھەممەت ھاجى، قورغاس ناھىيەلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مامۇتجان قاتارلىقلار قاتناشتى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن ماتېرىيال رەتلەش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش خىزمىتى بىرلەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان قەدىمكى ئىمارەتلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە بەلگىلىك ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان قەدىمكى ئىمارەتلەرنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىش، فوتو سۈرەتكە تارتىش، ھەر خىل نەقىش نۇسخىلىرىدىن ئۈلگىلەرنى سىزىپ رەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش دەۋرى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى رېمونت قىلىش، قايتا ياساش ئەھۋالى، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە نەقىش - بېزەكلىرىگە نىسبەتەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلدى. ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈزى خەرىتىسى، تىك يۈزى خەرىتىسى، كەسمە يۈزى خەرىتىسى ۋە ئايرىم قىسمىنىڭ قۇرۇلما خەرىتىسى بولۇپ جەمئىي 40 پارچىدىن ئارتۇق خەرىتە سىزىلدى. بىرنەچچە يۈز پارچە ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خىل كۆرۈنۈشتىكى رەڭلىك، رەڭسىز فوتو رەسىم ۋە 200 پارچە-دىن ئارتۇق نەقىش نۇسخىسى رەتلەپ چىقىلدى. نەتىجىدە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ بىر قەدەر تولۇق بولغان ئىلمىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشقا ئىلمىي ئاساس تۇرغۇزۇلدى. شۇنداقلا ئىسلام دىنى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى.

تۆۋەندە ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانى، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئىسلام دىنىي ئىمارەتلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى، ياسىلىش دەۋرى، بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى باسقۇچقا بۆلۈپ، رايونلار بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. قەشقەر شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش

قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ بويىچە ئىسلام دىنى ئەڭ بۇرۇن تارقالغان ۋە ئىسلام دىنى بىناكارلىق سەنئىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان قەدىمكى شەھەر. تارىخىي يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا قەشقەردە ئىسلام دىنى 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تارقالغان بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مەسچىت، ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە پەن - مەدەنىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مەدرىسە، ئىسلام پادىشاھلىرى ۋە ئاتاقلىق ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مازارلار ياسىلىشقا باشلىغان. قاراخا-

ـىلار دەۋرىدە ئىسلام دىنى بىناكارلىقى بىر مەزگىل تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر مىڭ يىلدىن ئارتوق ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭىيىپ ۋە شەھەر نوپۇسىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى، ئىسلام دىنى ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ئۈزۈكسىز كۆپەيگەن، بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە سەنئىتى جەھەتتە ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، شەھەر بىناكارلىقىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دىنى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئازادلىق ھارپىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 40 مىڭ نوپۇسقا ئىگە قەشقەر شەھىرىدە 126 ئورۇندا مەسچىت ۋە مەدرىسە سېلىنغان. ھەربىر كوچىغا بىر ياكى بىرنەچچە مەسچىت توغرا كەلگەن. شەھەر ئەتراپىدىكى ئون نەچچە ئورۇنغا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ئاپاق خوجا مازىرى، ئىسكەندەر ۋاڭ مازىرى قاتارلىق تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە مەشھۇر بولغان مازارلار ياسالغان بولۇپ، شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپى ئوخشاشلا ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى چىڭ دەۋرىدىن بۇرۇن ياسالغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى ۋە بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالغان. كۆپ قىسمى چىڭ دەۋرىدە رېمونت قىلىنغان ياكى قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان بولۇپ، كۆلىمى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلغان.

ئەپسۇسكى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە قەشقەر خانلىق مەدرىسە، ئوردا ئىشىكى مەسچىت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قاتارلىق بىر قىسىم تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى قىسمەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرغا قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

تەكشۈرۈش جەريانىدا ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئاپاق خوجا مازىرىنى نۇقتا قىلىپ شەھەر ئىچىدىكى جاڭ قورغان مەسچىت، ئارا ئوردا مەسچىت، قازانچى مەسچىت، قاسقان بازىرى مەسچىت، تۆشۈك دەرۋازا مەسچىتى قاتارلىق تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە بەلگىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىگە نىسبەتەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، قەشقەر خانلىق مەدرىسە، ئوردا ئىشىكى مەسچىت قاتارلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ خارابىسى قايتا تەكشۈرۈلدى ۋە ماتېرىيالى تولۇقلاندى. تۆۋەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئاپاق خوجا مازىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى، مۇتەپەككۇر، ئالىم، پەيلاسوپ ۋە شائىر. ئۇ مىلادىيە 1018 ـ يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلغان. كېيىن قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلگەن ۋە ئوردا ئىچىدە خىزمەت ئۆتىگەن. مىلادىيە 1068 ـ يىلدىن 1069 ـ يىلىغىچە ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە بىباھا ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ تۈگىتىپ، قاراخانىيلار خانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان ۋە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. تەخمىنەن مىلادىيە 1085 ـ يىلى ۋاپات بولغان ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي

جەنۇبى تۇمەن دەرياسى بويىدىكى «بارىگاھ» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنىپ خاترە ئۈچۈن مازىرى ياسالغان. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە (1570 — 1533) تۇمەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن سۈنىڭ خەۋپىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پايناپ يېزىسى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى) غا يۆتكەلگەن ۋە قايتىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مازارنى بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلغان بولسىمۇ، ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى ۋە بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگەرتمەي ساقلىنىپ قالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخىي خاتىرە ئىمارەت بولۇپ، تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەرق تەرىپىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، غەرب تەرەپكە مەسچىت ئورۇنلاشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تۇرۇسلۇق ياسالغان. ئالدى تېك يۈزى ھەر خىل نۇسخىدىكى رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن، تۆت بۇلۇڭىغا يۇملاق مۇنار چىقىرىلغان بولۇپ، مازارنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىك مۇنار ۋە گۈمبەزلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مازارغا نىسبەتەن گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلغان. مەسچىت قىسمى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئىچكەركى مەسچىت خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تۇرۇسلۇق ياسالغان. تاشقىرىقى مەسچىت ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تۇرۇسلۇق يېپىلغان.

پۈتۈن مازار ياسىلىش شەكلى جەھەتتە كۆركەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رەڭلىك كاھىش، ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىشلەرنى ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى يۇقىرى بولۇپ، يەكەن خاز-

ئۇيغۇر كىتابى تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مازار بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەركەزلىك هالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

يۇسۇپ خاس هاجىپ مازىرى 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇهاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن ۋە ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. ئەپسۇسكى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە «سولچىل» لۇشيەنىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ ئۈستى قىسمى بۇزۇپ تۈزلىۋېتىلگەن. هازىر پەقەت يەر ئاستى قىسمى ساقلىنىپ قالغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق هۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇهاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەسلىي هالىتى بويىچە قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىندى ۋە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ياسالدى.



يۇسۇپ خاس هاجىپ مازىرىنىڭ تەكشى يۈزى خەرىتىسى



يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ كەسمە يۈزى خەرىتىسى

## ھېيتگاھ جامەسى

ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىغا جايلاشقان، شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان قەدىمكى مەسچىت.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھازىرقى ئورنى مۇندىن 5 ـ 6 ئەسىر بۇرۇن ئوردا خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى دەپنە قىلىدىغان شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىق بولۇپ، قەبرىستانلىقتا ئىلىپ بارىدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مىلادىيە 1442 ـ يىلى بۇ يەرگە كىچىك بىر مەسچىت سېلىنغان. مىلادىيە 1537 ـ يىلى شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئوبۇل ھادى بەگ تۇنجى قېتىم كېڭەيتىپ تەئمىر قىلغان. مىلادىيە 1787 ـ يىلى يېڭى شەھەر ناھىيەسىگە قاراشلىق خانئېرىق يېزىدىن زۇلپىيە خېنىم دېگەن بىر ئايال راسخوت چىقىرىپ ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياساتقان. مىلادىيە 1809 ـ يىلى ئىسكەندەر ۋاڭ ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان ۋە كۆل كولىتىپ دەرەخ قويدۇرۇپ رەتلەتكۈزگەن. مىلادىيە 1839 ـ يىلى زوردىن ھاكىم بەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساتقاندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com



ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەر ئىچىدىكى مەركىزىي مەسچىتكە ئايلانغان ۋە يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىپ ھېيتگاھ جامەسى دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 1873 - يىلى بەدەۋلەت (ياقۇپبەگ) دەۋرىدە ئۈچىنچى قېتىم كېڭەيتىلىپ ياسالغان. غەرب تەرىپىنى مەسچىت، شەرق تەرىپىنى مەدرىسە قىلىپ ئىككى قىسىمغا بۆلگەن، مەدرىسە قىسمىنىڭ شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپلىرىگە 72 ئېغىز ھۇجرا، شەرقىي شىمال تەرىپىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى يۇيۇنالايدىغان مۇنچا، شەرق تەرىپىگە پەشتاقلىق دەرۋازا ۋە مۇنارلارنى ياساتقان، شۇنىڭدىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسى كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ئاساسىي كۆلىمى ۋە ياسىلىش شەكلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1983 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك كىچىك رېمونت قىلىنغان.

ھېيتگاھ جامەسى چوڭ دەرۋازا، مەدرىسە، مەسچىت قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 15600 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. چوڭ دەرۋازا پەشتىقى خىش بىلەن ئېگىز ھەم كۆركەم ياسالغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ياسالغان 18 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى پەشتاق مۇنارى بىلەن قوشۇلۇپ، پۈتۈن جامەگە نىسبەتەن گۈزەل ئالدىنقى مەنزىرە ھاسىل قىلغان. دەرۋازا زالى تەكشى يۈزى سەككىز تەرەپلىك، ئۈستى گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. ئىچكى قىسمى مەسچىت ۋە مەدرىسە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋە ياغاچ رېشاتكىلىق خىش تام بىلەن ئايرىلغان.

مەدرىسە ئالدىنقى قىسىمغا جايلاشقان بولۇپ، شىمال ۋە جەنۇب ئىككى تەرىپىگە بىر - بىرىگە قارىتىپ ياسالغان ھۇجرا ۋە دەرسخانىدىن تەشكىل تاپقان. ھويلىسى ئىچىدە ئىككى كۆل ۋە كۆل

ئەتراپىدا دەل - دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، جامە ئىچى ئازادە ۋە رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسچىت غەربىي قىسىمغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچكەركى مەسچىت، تاشقىرقى مەسچىت، كايۋان دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۇزۇنلۇقى 140 مېتىر، كەڭلىكى 16 مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن مەسچىت 140 دانە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان ۋە 100 ئاراغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. ئىچكەركى مەسچىتنىڭ غەرب تەرىپىگە ئەگمە مېھراب ۋە ياغاچ بىلەن نەپىس ياسالغان مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئىككى يان تەرىپى ۋە ئالدى تەرىپىگە ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە ۋە ئىشىك ئېچىلغان. تاشقىرىقى مەسچىت ئالدى تەرىپى ئوچۇق ياسالغان كەڭ ۋە ئۇزۇن كايىۋاندىن تەشكىل تاپقان. توققۇز ئارانىڭ تورۇسىغا چاسا خالىق ئويۇقچە چىقىرىلغان ۋە رەڭلىك سىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن جامە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ناھايىتى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە.



ھېيتگاھ جامەسى مەسچىت كايۋانى لىمىدىكى ئويما نەقىش

## ئاپاق خوجا مازىرى

ئاپاق خوجا مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھەزرەت يېزىسىغا جايلاشقان. شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى چوڭ ۋە ھازىرغا قەدەر نىسبەتەن ياخشى ساقلانغان قەدىمكى مازار بولۇپ، چوڭ دەرۋازا، ئېگىز مەسچىت (كىچىك مەسچىت)، چوڭقۇر مەسچىت (خانىقا)، مەدرىسە، ئاپاق خوجا مازىرى، ئېتىكاپخانا، چوڭ مەسچىت (جۈمە مەسچىت) قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتلەردىن تەشكىل تاپقان ۋە مازاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىلگىرى - كېيىن ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ ياسالغان.

ئاپاق خوجا مازىرى ئەڭ بۇرۇن مىلادىيە 1640 - يىللىرى ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپنى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغان. مىلادىيە 1679 - يىلى ئاپاق خوجا جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ باشلىقى غالدان سىرىنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىن ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ مازىرىنى ياسىتىش نامى بىلەن قايتا كېڭەيتىپ ياساتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە بىر ئېتىكاپخانا ۋە مەسچىت، غەربىي جەنۇب تەرىپىگە چوڭ دەرۋازا ۋە خانىقا ياساتقان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ خان يارلىق چۈشۈرۈپ ئاپاق خوجا مازىرىنى بىرىنچى قېتىم ئومۇميۈزلۈك چوڭ رېمونت قىلدۇرغان. 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى بەدەۋلەت (ياقۇپبەگ) ئاپاق خوجا مازىرىنى ئىككىنچى قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرغان. چوڭ مەسچىتنى كېڭەيتىپ ياساتقان، كىچىك مەسچىتنى قايتا سالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئاپاق خوجا مازىرى بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ئاساسىي كۆلىمى ۋە ياسىلىش شەك-

لىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.



ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ تەكشى يۈزى ئومۇمىي خەرىتىسى

ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى مازارنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېگىز ھەم مۇستەھكەم ياسالغان ۋە نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن رەڭدار كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئېگىز مەسچىت چوڭ دەرۋازىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى سۇپا ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇلمىسى جەھەتتە مۇستەھكەم، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ناھايىتى كۆركەم ياسالغان. تۈۋرۈكلەردىكى ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىش ئويمىلار، ھاراق، لىم ۋە جەگىلەردىكى نەقىش، گۈل نۇسخىلىرى ۋە ھەر خىل مەنزىرىلەر، تاملىرىدىكى گەج - ئويما نەقىش ۋە خىش ئويمىلار، دېرىزىلەردىكى ياغاچ پەنجىرىلەرمۇ بىر - بىرىدىن نەپىس ۋە گۈزەل ئىشلەنگەن. مەسچىتنىڭ ئىچكەركى زالىمۇ ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە چىرايلىق بېزەلگەن. مەسچىتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىنچىكە ۋە ئۇچلۇق مەنزىرە مۇنارلىرى ناھايىتى كۆركەم ۋە نەپىس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياسالغان بولۇپ، چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز پەشتىقى ۋە ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن ياپيېشىللىققا ئورالغان «شەربەت كۆل» ئۆز ئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مازارغا نىسبەتەن گۈزەل ئالدىنقى مەنزىرە هاسىل قىلغان.



ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ تەكشى يۈزى خەرىتىسى

ئاپاق خوجا مازىرى مازاردىكى ئىمارەتلەر ئىچىدە ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە خىش قۇرۇلمىلىق، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان، شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئېگىز پەشتاقلىق ئىشىك ئېچىلغان. قالغان ئۈچ تەرىپىدگە پەنجىرىلىك قوش دېرىزە ئورنىتىلغان. تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان. غەربىي شىمال بۇرجىكىگە سىرتىدىن چىقىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئارىلىققا ۋە

ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى گ... ھەتتە
26.5 مېتىر، دىيامېتىرى 16 مېتىر بولۇپ ... نىت
بىلەن تۇرغۇزۇلغان. تۆت تەرىپىگە ئىككىنچ...
قارىتىپ دېرىزە ئېچىلغان ۋە ھەر خىل نۇس...
رىلەر ئورنىتىلغان. مازارنىڭ تاشقى تەرىپى ...
سېرىق ۋە ئاق رەڭدىكى نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش ئورنىتىلغان بولۇپ، كاھىشلارنىڭ نەقىش نۇسخىسىلا 70 خىلدىن ئاشىدۇ.

مازارنىڭ ئىچى كەڭ ۋە ئازادە ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز سۇپا ئۈستىگە چوڭ - كىچىك ياسالغان قەبرىلەر رەت - رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا) نىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشقان ۋە چوڭ ياسالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەسلىدە مازار ئىچىگە 5 ئەۋلاد 72 كىشى دەپنە قىلىنغان. ھازىر ئەمەلىيەتتە پەقەت 57 قەبرە ساقلىنىپ قالغان. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزەلگەن ۋە ئۈستىگە يىپەك يوپۇقلار يېپىلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى ھەيۋەتلىك گۈمبەز، تۆت ئەتراپىدىكى چوڭقۇر ۋە تار، ئۇزۇن ياسالغان ئەگمىلەر بىلەن قوشۇلۇپ مازارنىڭ ئىچى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە سىرلىق تۇس ئالغان.

چوڭ مەسچىت ئازادە ۋە كۆركەم ياسالغان، ئالدى تەرىپى 70 دانە ياغاچ تۈۋرۈك ۋە لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق يېپىلغان پېشايۋاندىن، ئارقىسى ۋە ئىككى يان تەرىپى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان گۈمبەز تورۇسلۇق زالدىن تەشكىل تاپقان. تۈۋرۈك ۋە لىملىرىغا ئويۇلغان نەقىش ۋە سىزىلغان گۈل نۇسخىلىرى ناھايىتى نەپىس ۋە ئىنچىكە ئىشلەنگەن. پېشايۋاننىڭ تورۇ-

سى ئوتتۇرىسىدىكى چاسا خالىق ئويۇقچە ئىچىگە ھەر خىل رەڭدى-
كى نەقىش ۋە گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان. ئايەت ۋە بىناكارچى
ئۇستازلارنىڭ ئىسىملىرى، رېمونت قىلىنغان ۋاقتى خەتتاتلىق
ئۇسلۇبى بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئارقىسىدىكى گۈمبەزلەرنىڭ ئەگ-
مىلىرى بەلگىلىك گېئومېتىرىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، بىنا-
كارلىق ئىلمىگە مۇۋاپىق پۇختا ياسالغان.

ئېتىكاپخانا زالى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى كايۋان ئاپاق خوجا ۋە ئۇ-
نىڭ ئەۋلادلىرى قۇرئان ئوقۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ،
ئېتىكاپخانا زالى تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. گۈمبەز-
نىڭ ئۈستىگە يېشىل كاھىش ئورنىتىلغان. كايۋان ياغاچ تۈۋرۈك
ۋە لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق ياسالغان. تۈۋرۈك ۋە لىملى-
رىغا ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىش ئويۇلغان. ئالدى تەرىپى ياغاچ
رېشاتكا بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، بىناكارلىق سەنئىتى
جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.



ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ئالدى تىك يۈزى خەرىتىسى

ئازادلىقتىن كېيىن ئاپاق خوجا مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش،

تەتقىق قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەندى. 1956 - يىلى چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى ۋە ئاپاق خوجا مازىرى ئۈستىدىكى گۈمبەز قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. 1972 - يىلى ئېگىز مەسچىت كىچىك رېمونت قىلىندى. 1982 - يىلى چوڭ دەرۋازىنى مۇستەھكەملەش خىزمىتى ئىشلەندى.



ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ كەسمە يۈزى خەرىتىسى

ھازىر ئاپاق خوجا مازىرىدىكى ئىمارەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن مازاردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ياسىلىش دەۋرى نىسبەتەن ئۇزۇن، ياسالغان ۋاقىتتا قۇرۇلما جەھەتتە بەلگىلىك چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم ئىمارەتلەر

ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇشقا باشلىغان. ئاپاق خوجا ما-
زىرىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەز بىر نەچچە ئورۇندىن يېرىلغان.
گۈمبەزنىڭ ئۈستى ۋە تاملىرىغا ئورنىتىلغان كاھىشلارنىڭ بىر
قىسمى ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەن. چوڭ مەسچىتنىڭ شىمالىي تەرە-
پىدىكى گۈمبەزلەرنىڭ ئەگمىلىرى يېرىلغان بولۇپ، بۇزۇلۇپ كې-
تىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپى-
زەت قىلىش قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ
ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم.

## 2. كونا شەھەر ناھىيە ئوپال رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش

ئوپال — كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ غەربىي - جەنۇب تەرىپىد-
گە، قەشقەر شەھىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، تارىختا
«كۆك ئارت» دەپ ئاتالغان پامىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە
جايلاشقان، يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى مول، تەبىئىي مەنزىرىسى گۈ-
زەل، ساپ ھاۋالىق بىر يېزا، شۇنداقلا ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە باي
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي جاي.

مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئا-
ساسلانغاندا، تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ بۇ يەردە ئىنسانلار
ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا
باشلىغان. مىلادىيە 2 - ئەسىردە بۇددا دىنى ئومۇملاشقاندىن كې-
يىن، بۇددا مەدەنىيىتى ۋە بۇددا ئىبادەتخانا بىناكارلىقى تەرەققىي
قىلغان. 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنى تارقال-
غاندىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىلىم - مە-
رىپەت راۋاج تاپقان. ئىسلام دىنى ئىبادەت پائالىيەتلىرى ۋە ھۈنەر -

ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇشقا باشلىغان. ئاپاق خوجا ما-زىرىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەز بىر نەچچە ئورۇندىن يېرىلغان. گۈمبەزنىڭ ئۈستى ۋە تاملىرىغا ئورنىتىلغان كاھىشلارنىڭ بىر قىسمى ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەن. چوڭ مەسچىتنىڭ شىمالىي تەرد-پىدىكى گۈمبەزلەرنىڭ ئەگمىلىرى يېرىلغان بولۇپ، بۇزۇلۇپ كې-تىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپى-زەت قىلىش قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم.

## 2. كونا شەھەر ناھىيە ئوپال رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش

ئوپال — كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ غەربىي - جەنۇب تەرىپى-گە، قەشقەر شەھىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، تارىختا «كۆك ئارت» دەپ ئاتالغان پامىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان، يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى مول، تەبىئىي مەنزىرىسى گۈ-زەل، ساپ ھاۋالىق بىر يېزا، شۇنداقلا ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي جاي.

مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئا-ساسلانغاندا، تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ بۇ يەردە ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. مىلادىيە 2 - ئەسىردە بۇددا دىنى ئومۇملاشقاندىن كې-يىن، بۇددا مەدەنىيىتى ۋە بۇددا ئىبادەتخانا بىناكارلىقى تەرەققىي قىلغان. 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنى تارقال-غاندىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىلىم - مە-رىپەت راۋاج تاپقان. ئىسلام دىنى ئىبادەت پائالىيەتلىرى ۋە ھۈنەر -

www.uyghurkitap.com



سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى بىناكارلىق سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئوپال «خاقانىيە ئۆلكىسى» گە قاراشلىق ئاساسلىق يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ۋە خان ئوردىسىدىكى ئاتاقلىق كىشىلەر بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە يەرلىكلەشكەن. پادىشاھ دەم ئالىدىغان «خان بېغى» (سۇلتانباغ)، «تەكياگاھ»، «موق يولى»، «خان يايلىقى»، «خان قورغان» قاتارلىق جايلىرى بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت گۈللەنگەن، ھايات قاينىغان بىر يۇرت بولۇشى بىلەن نام چىقارغان.

ئازادلىقتىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە قېتىملىق مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا ئوپال تەۋەسىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى، قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىلىرىدىن «ئوپال ئارت قەدىمكى شەھىرى»، «سۇلتانباغ»، «خوجاقونار»، «ئاق دالا» قەدىمكى ئىزى، «يارقورغان»، «خان قورغان» خارابىسى، «توققۇز قازناق» ئىبادەتخانىسى خارابىسى، «مەھمۇد كاشغەريي مازىرى»، «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» خارابىسى، «ھەزرىتى بۇزرۇكۋار مازىرى»، «ھەزرىتى پادىشاھىم مازىرى»، «ئىككى ئىمام مازىرى»، «ئالىپ تېكىن مازىرى»، «سوبوكتېكىن مازىرى»، «قىلىچ بۇغراخان مازىرى»، «يەتتە ئەزىز مازىرى»، «بۇۋى رابىيە مازىرى» قاتارلىق 30 نەچچە ئورۇن تېپىلدى. بۇ مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان قىممەتلىك تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىقلار يالغۇز ئوپالنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ رايونىنىڭ بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت ئىسلام ئىمارەتلىرىنى ئاساس قىلىپ «مەھمۇد كاشغەريي مازىرى»، «ھەزرىتى بۇزرۇكۋار مازىرى»، «ھەزرىتى پادىشاھىم مازىرى»،

«ئىككى ئىمام مازىرى»، «يەتتە ئەزىز مازىرى» ۋە «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» خارابىسى قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇندىكى مەسچىت، مەدرىسە، مازار ۋە ئۇنىڭ خارابىسىگە نىسبەتەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە بولغان تەتقىقات خىزمىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. مەھمۇد كاشغەريي مازىرىنىڭ خەرىتىسى ۋە نەقىشلىرى ئۆز ئەينى بويىچە سىزىلىپ رەتلەپ چىقىلدى. ياسىلىش دەۋرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى رېمونت قىلىش ۋە قايتا ياساش ئەھۋالى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسى، بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەھمۇد كاشغەريي مازىرىنى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بىر قەدەر تولۇق بولغان ئىلمىي ئارخىپنى تۇرغۇزۇشقا ئاساس يارىتىلدى.

ئوپال رايونىدىكى ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، مۇتلەق كۆپ قىسمى قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىمارەتلەر بولۇپ، ياسالغاندىن بۇيان بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان ياكى قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان بولسىمۇ، رېمونت قىلىش ۋە قايتا ياساش جەريانىدا ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى ۋە بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالغان. توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاساجۇپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان بولۇپ، ئالدى ۋە يان تەرەپلىرىگە ياغاچ رېشاتكا ياكى پەنجىرە ئورنىتىلغان. نەقىش بېزەكلىرى ياغاچ ئويما نەقىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ياسىلىش شەكلى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە.

تۆۋەندە مەھمۇد كاشغەريي ۋە ئۇنىڭ مازىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ مازىرى

مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخشۇناس، تىلشۇناس، دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمى ۋە سېلىشتۇرما تىل تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە قاراشلىق ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئائىلىسىدە ۋە ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپلەردە چىقارغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتىنى قەشقەردىكى شەيخ ئىمام زايىت ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف مۇدەررىسلىك قىلغان «مەدرىسە ھامىدىيە» ۋە شۇ چاغلاردا پۈتۈن شەرققە تونۇلغان «مەدرىسە ساجىيە» دە ئالغان ۋە ئۆمۈر بويى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللانغان.

مەھمۇد كاشغەرىي تەخمىنەن مىلادىيە 1058 - يىللىرى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ، تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، باسمىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ پەرقلىرى، كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى، تارىخى، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ئىلمىي ماتېرىيال توپلىغان. ئەرەب ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتقا بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان ۋە مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە مىلادىيە 1072 - يىلىدىن 1076 - يىلىغىچە تۆت يىل ئىچىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ تۈگىتىپ، ئابباسىلار خەلىپىسىنىڭ 27 - سى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئانا يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ «مەدرىسى مەھمۇدىيە» دەپ ئاتالغان بىر مەدرىسە بىنا قىلىپ مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە نۇرغۇن شاگىرت، ئىز - باسارلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. كىشىلەر

تەرىپىدىن ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ «ھەزرىتى موللام» (ئۇلۇغ ئالىم)، «ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى» دەپ ئاتالغان.

مەھمۇد كاشغەري ئانا يۇرتى ئوپالدا 97 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەردىكى «تاش بىلىق تېغى» (ھەزرىتى موللام تېغى) باغرىدىكى «سۇزۇك بۇلاق» ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان، شاگىرتلىرى ۋە ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيگۈچى، قەدىرلىگۈچى كىشىلەر ئىقتىساد توپلاپ مەھمۇد كاشغەري قەبرىسى ئۈستىگە خاتىرە ئىمارەت ياسىغان ۋە ئۇنى «ھەزرىتى مەۋلانا شەمشىدىن ھۈسەيىن ئوغلى، قەلەم ئىگىسى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى» ياكى قىسقارتىپ «ھەزرىتى موللام مازىرى» دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش، ئەسلەش پائالىيەتلىرى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلغان. ھەر يىلى ئۇجمە پىشىش مەزگىلىدە مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى مەركەز قىلغان «ئۇجمە سەيلىسى» ئېلىپ بېرىلغان. باغ - زېمىن ۋە كىتاب ۋەخپە قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. مازارنىڭ قىرائەتخانىسىغا نۇرغۇن كىتابلار قويۇلغان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەري مازىرى كىشىلەر كىتاب كۆرۈپ، شېئىر - نەزمىلەر ئېيتىشىپ، ئىلمىي سۆھبەت، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئېلىپ بارىدىغان مەدەنىيەت يۇرتىغا ئايلانغان.

خەلقىمىز مەھمۇد كاشغەري مازىرىنى ئۆزلۈكىدىن قوغدىغان ۋە ئىقتىساد توپلاپ رېمونت قىلغان، كېڭەيتىپ ياسىغان، دەرەخ قويۇپ، سۇغىرىپ كۆكەرتكەن ۋە باغ بىنا قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئالىمنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ھەر ساھە خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

* * *

مەھمۇد كاشغەري مازىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لى، قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇيغۇر ئىسلام ئىمارىتى بولۇپ، روزى مەرىكە، تىلاۋەتخانا، ئايۋان، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا، مەسچىت ۋە چوڭ دەرۋازا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەردىن تەشكىل تاپقان. روزى مەرىكە، تىلاۋەتخانا، ئايۋان، مەسچىت قىسمى توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاساجۇپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. ئېتىكاپخانا، ھۇجرا ۋە دەرۋازا زالى توپا قۇرۇلمىلىق، گۇمبەز تورۇسلۇق ياسالغان، دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان، لىم، جەگە، ھاراق، پەرمانلىرىغا نەقىش ئويۇلغان. نەقىش - بېزەكلىرى ناھايىتى قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بىناكارلىقتا دەسلەپ قوللىنىلغان تەكشى يۈزلۈك ياغاچ ئويما ۋە گەج ئويما نەقىشنى ئاساس قىلغان. نەقىشلەر ئىچىدە سۇخەر، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، يازا، كورگول، شەددە، بېلىق قاسىرىقى ۋە ھەر خىل گۈل - ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ھاسىل بولغان 10 نەچچە خىل نۇسخا بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ياسالغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىدە بۇ نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۆز شەكلىدە ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى ساقلىنىپ قالغان. بەزى نەقىش نۇسخىسى نىسبەتەن قەدىمىي بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىت قوللىنىش جەريانىدا باشقا نەقىش شەكىللىرىگە ئۆزگەرگەن ياكى ئاستا - ئاستا ئىشلىتىلمەي چۈشۈپ قالغان.

مەھمۇد كاشغەري مازىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە كېڭەيتىپ ياسالغان، پارامانلاردا ساقلىنىپ قالغان قارا سىياھ بىلەن پارس نۇسخىسىدا يېزىلغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا بۇ مازارنى ھىجرىيەنىڭ 1245 - يىلى ۋە 1315 - يىللىرى يەرلىك كىشىلەر ئىقتىساد توپلاپ ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرغان.

روزى مەرىكىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىككى پارچە پارامانغا

رېمونت قىلىنغان ۋاقتى ۋە رېمونتتا مەدەت قىلغۇچىلار نەزىـ
ئۇسۇلىدا خاتىرىلەنگەن.

«سالى شىرەست ھەزارۇ دوسەت چەھلى پەنجەست، بۇد تەئمىرى
مازارۇ مەدىدى سىددىقەت»

يەشمىسى:

«يولۋاس يىلى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق بەش (ھىجرىيە
مازارنى رېمونت قىلىشقا كۈچ چىقارغان كىشى سىددىقتۇر»

سول تەرەپتىكى پارامانىنىڭ ئوڭ قويۇلغىنىدا:

«شاھى سىدىق بەگ ئەلىمبەك بىر - بىرىگە يار بولۇپ، قىلدى
بۇزرۇكۋارى ئالىي بىنا»

ئايۋانغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ سىرتقى تەرەپ ئۈستىدىكى پارا-
مانغا:

«كى بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئون بەشتە قىلدى بۇ ئىمارەتنى، نامازۇ -
روزا ئەيلەپ قىلسا ھەر كىمكى تىلاۋەتنى» دەپ يېزىلغان.

بىرىنچى قېتىملىق رېمونتىدا روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا
ئايۋان رېمونت قىلىنغان، ئىككىنچى قېتىملىق رېمونتىدا مەس-
چىت، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا ۋە چوڭ دەرۋازىسى قايتا ياسالغان. رې-
مونت قىلىش جەريانىدا ئەڭ قەدىمىي بولغان روزى مەرىكىسى
تىلاۋەتخانا، ئايۋان ئۆيىنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئۆز-
گەرتىلمىگەن. ئەسلىدە نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، ھاراق، پارا-
مانلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى يەڭگۈشلەنمەي ئۆز پېتى ساقلاپ قې-
لىنغان. يېقىنقى 100 نەچچە يىلدىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغاچقا
ئارقىسىدىكى ئۈچ ئېغىز ھۇجرىسى، بىر ئېغىز ئېتىكاپخانىسى
دەرۋازا زالى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، بىر قىسىم جەگىلىرى ئېگىلگەن
ياغاچ پەنجىرىلىرى بۇزۇلغان بولۇپ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇ-
ھاپىزەت قىلىش قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئۆز ۋاقتىدا نۇق-
تىلىق رېمونت قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ
قالغان.

*　　　*　　　*

بۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى تېخىمۇ ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنىڭ تارىخى، مەدەنىي، سەنئەت قىممىتىنى ئۆز ئەينى بويىچە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، رېمونت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا «هازىرقى هالىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياسىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش - بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك» پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ قويۇق دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولغان نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، هاراق، پارامانلىرىنى ئالاھىدە مۇھاپىزەت قىلىپ داۋاملىق بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

تەكشۈرۈشتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ هازىرقى كۆلىمى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش ئۇسلۇبى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش - بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتۇق. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئىلگىرى - كېيىن تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن مازارنى ياساش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتۇق. مازارنىڭ ئالدىدىكى يول، پايىنى ياساش، هاي - هاي تېرەك ۋە بۇلاقنى مۇھاپىزەت قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ۋە رەسىمىنى سىزىپ چىقتۇق. مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى 1984 - يىلى 9 - ئايدا باشلىنىپ 1985 - يىلى 12 - ئايدا ئاخىرلاشتى. هازىر مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇها-

پىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن ۋە تو
تىلىق ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئورنى بولۇپ، مەزمۇت
كۆركەم بولغان ئەۋزەللىكى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيا
ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچى ۋە ئېكسكۇرسىيەچىلەر
نى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ۋە كۈتۈۋالماقتا.

مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز - پەس
تاغ تىزمىلىرى، ياپيېشىل دەل - دەرەخلەر، سۇپسۈزۈك بۇلاق سۇ
لىرى قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلى
مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا، مۇھىتىنى
ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دەرەخ تىكىپ، باغ - ئورمان
بىنا قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان ۋە ياتقان بۇ گۈزەل يا
باغرىنى تېخىمۇ مەنزىرىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كىشىلەرنى ئۆز
زىگە جەلپ قىلىدىغان ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە مەركەزلىرىدىن
قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى



مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.



مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى روزى مەرىكىسىنىڭ
سىرتقى كۆرۈنۈشى.



ھېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ۋە پەشتاق مۇنارىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى.



ھېيتگاھ جامەسى تاشقىرىقى مەسچىتىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.

## 3. يەكەن ناھىيەسىدىكى ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش

يەكەن ناھىيەسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىسلام دىنى خېلى بۇرۇن تارقالغان ۋە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىرى. 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەر رايونىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەكەن رايونىدىمۇ ئىسلام دىنى تارقالغان ۋە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

يەكەن رايونىدىكى ئىسلام ئىمارەتلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئىسلام مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ تەرەق-

قىي قىلىشى، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ مەسچىت، مەدرىسە، مازارلار ياسالغان. خان ـ پادىشاھ نامىدىكى «خانلىق مەدرىسە» ۋە مەسچىتلەر ياسىلىپ ناھايىتى تېز ئومۇملاشقان ۋە تەدرىجىي يېزا ـ كەنتلەرگىچە كېڭەيگەن. ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىسلام دىن قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ دەرۋازا پەشتىقى، دېرىزە ۋە مېھرابلىرىغا ئەگمە چىقىرىشتىن باشقا، ئاساسىي قىسمى ياغاچ قۇرۇلما، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. تۈۋرۈك، لىم، جەگە، ھاراق، پارامان ئىشكالرىگە نەقىش چىقىرىلغان ۋە رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، مېھراب ۋە پەشتاق مۇنارلىرى گەج ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارلار نىسبەتەن ئاددىي ياسالغان بولۇپ، پادىشاھ ۋە ئۇلىمالارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق پېشايۋانلارنى ياساپ، تۆت ئەتراپىغا ياغاچ پەنجىرە ياكى رېشاتكا ئورنىتىپ توسۇپ قويۇش، كېسەك ياكى خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئالدىغا تۇغ ياكى ئەلەم قاداپ قويۇش بىلەن چەكلەنگەن. مازارلارنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ئادەتلىرى شەكىللەنمىگەن. نەقىش ـ بېزەكلىرى ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، كاھىش، رەڭلىك سىزما نەقىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان.

مىلادىيە 1131 ـ يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، يەكەن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى بىر مەزگىل تەرەققىي قىلالمىغان. مىلادىيە 1212 ـ يىلى نايمانلارنىڭ باشلىقى كۈچلۈك غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چۇرۇقتىن خانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



چەتكە قاققان، يەرلىك خەلقنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىغان، مىلادىيە 1218 - يىلدىن كېيىن موڭغۇللار شىنجاڭدا ھاكىمىيەت قۇرۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى دەسلەپكى چاغلاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى ئاستا بولغان. «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چاغاتاي خان بىر مەزگىل خىرىستىيانلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. مەسچىتلەرنى بۇزۇپ خىرىستىيان دىنىي چېركاۋلىرىنى ياساشقا يول قويغان. بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا خانلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرى، ئىسلام مەدەنىيەت سەنئىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان. 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىرى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ۋە جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا يول قويغان ۋە سوپى - ئىشان، خوجىلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن خوجىلارغا چوقۇنۇش ۋە خوجىلارنىڭ مازىرىنى ياساش پائالىيەتلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

مىلادىيە 1352 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر خان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاساسلىق دىنغا ئايلانغاندىن كېيىن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەرەققىي قىلغان، خىش ۋە كاھىش ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا ئايلانغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق، خىش ياكى كېسەك بىلەن ئەگمە چىقىرىپ گۈمبەز تورۇسلۇق ياساش ئۇسۇلى بىر ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

مىرزا ئابابەكرى خان دەۋرىدە يەكەن شەھىرى كېڭەيتىلىپ ياسالغان. شەھەر ئىچىگە يېڭىدىن مەدرىسە ۋە مەسچىت سېلىنغان.

ئىسلام بىناكارلىقى شەھەر بىناكارلىقىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئە-
گىلىگەن.
سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يەكەن شەھىرىدە ئىسلام بىناكارلىق
سەنئىتى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. يېڭىدىن مەسچىت، مەدرىسە
ۋە مازارلار ياسىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىناكارلىق ھۈنەر - سەن-
ئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىش
سوپى - ئىشان خوجىلارغا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشى-
گە ئەگىشىپ، مازارلارمۇ ھەيۋەتلىك ياسىلىشقا باشلىغان.
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەكەن رايونىدا ئىسلام بىناكارلىق
سەنئىتى ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش-
بېزەكلىرى جەھەتتە خېلى زور تەرەققىيات بارلىققا كەلگەن. ئە-
لىدىكى مەسچىت، مەدرىسە ۋە مازارلار قايتا كېڭەيتىلىپ رېمونت
قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۆلىمى چوڭ، بىناكارلىق سەنئىتى
يۇقىرى بولغان يېڭى مەسچىت ۋە مازارلار ياسالغان. مەسچىت ۋە
مازارلارنىڭ پەشتاق، دەرۋازا ۋە مۇنارلىرىنى ياساش ھۈنىرىدە رەڭ-
گارەڭ كاھىش، ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش، گەج
ئويما نەقىش بىلەن ئىمارەتلەرنى زىننەتلەش ھۈنەر - سەنئىتى
تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن.
تەكشۈرۈش جەريانىدا يەكەن كونا شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپى-
دىكى «ئازنا مەسچىت»، «ئالتۇنلۇق»، خوجا مۇھەممەت شېرىپ ما-
زىرى، جامە مەسچىت، ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى، بەيسى ھېكىمبەگ
مازىرى، چىلتەن مازىرى، ئۇلۇغ ھەزرىتىم مازىرى قاتارلىق
ئىسلام ئىمارەتلىرىگە نىسبەتەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بې-
رىلدى. ئىمارەتلەرنى ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىش، سۈرەتكە تار-
تىش، نەقىش - بېزەكلىرىنى توپلاپ رەتلەش، ياسالغان ۋاقتى،
ھەرقايسى دەۋرلەردىكى رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىپ ياساش
ئەھۋالى، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى قاتار-
لىقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە ئىلمىي تۈرگۈزۈلدى.

تۆۋەندە تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگىلىگەن دەسلەپكى ماتېرىي-ياللارغا ئاساسەن، ھازىرغا قەدەر نىسبەتەن ياخشى ساقلىنىپ قالغان ۋە تارىخىي بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە بەلگىلىك ئىلمىي قىممىتىگە ئىگە ئىسلام ئىمارەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## ئازنا مەسچىت

ئازنا مەسچىت يەكەن كونىشەھىرىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، مىرزا ئابابەكرى خان دەۋرىدە (1470 ـ 1514) ياسالغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ياسىلىش شەكلىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان.

پۈتۈن مەسچىت ئۆزۈنچاق چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دىيامېتىرى 2.90 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.50 مېتىر كېلىدىغان 51 كىچىك گۈمبەز، دىيامېتىرى 7.90 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ گۈمبەز، جەمئىي 52 گۈمبەزدىن تەشكىل تاپقان. چوڭ گۈمبەزنىڭ غەرب تەرەپ ئوتتۇرىسىغا نەقىش ئىشلەنگەن ئەگمە مېھراب ۋە مۇنبەر ئورۇنلاشقان، مەسچىت چوڭ دەرۋازىسى ۋە چوڭ گۈمبەزنىڭ ئالدى تەرىپى ئېگىز پەشتاقلىق ياسالغان ۋە ئۈستىگە كىچىك مۇنار چىقىرىلغان، ھويلىسىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب ئىككى تەرىپىگە پېشايۋان ياسالغان، مەسچىتنىڭ ئىچىگە قۇدۇق قېزىلىپ، قۇدۇق ئەتراپىدا ئەرمىدۇن ۋە سىدە دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلگەن. مەسچىتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان گۈمبەزلەر ۋە گۈمبەزلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خىش تۈۋرۈكلەر ئارىسىغا چىقىرىلغان ئەگمىلەر بەلگىلىك گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتە پۇختا ياسالغان. مەسچىتنىڭ ئاساسىي قىسمى ياسالغاندىن بۇيان

چوڭ رېمونت قىلىنمىغان، ئەسلىدە مەسچىتنىڭ ئارقا تەرىپىگە «خان مەدرىسە» ۋە ئۇنىڭ ھوجرىلىرى جايلاشقان بولۇپ، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنمىغاچقا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.



ئازنا مەسچىت ئۇزۇن كەسمە يۈزى خەرىتىسى

### يەكەن جامەسى

يەكەن جامەسى يەكەن كونا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كۆلىمى چوڭ، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمكى مەسچىت بولۇپ، ئۇ ئەڭ بۇرۇن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياسالغان. ئابدۇللاخان دەۋرىدە (1638 ـ 1669) كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، جامە مەسچىت دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 1734 ـ يىلى چوڭ رېمونت قىلىنغان. مىلادىيە 1870 ـ يىللىرى ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ئاساسىي كۆلىمى ۋە ياسىلىش شەكلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.

جامە ئىچكى ـ تاشقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋە ياغاچ رېشاتكىلىق خىش تام بىلەن ئايرىلغان. ئالدى تەرىپىگە مەدرىسە، ئارقا تەرىپىگە مەسچىت جايلاشقان. ئىككى تەرىپىدە مېۋىلىك باغ ـ ۋەخپىسى بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 20 مىڭ كىۋادرات مېتىر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



...دۇ. چوڭ دەرۋازىسى ۋە دەرۋازا پەشتىقى ئېگىز ۋە ھەيۋەت- لىك ياسالغان، پەشتاقنىڭ ئالدى ۋە كەينى ئىككى تەرىپىگە ئېگىز ئىككى جۈپ مۇنار، دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئېگىز ئەگمە، ئەگمە- نىڭ ئىككى يان تەرىپىگە تەكچە چىقىرىلغان، ئۈستىگە پەنجى- رىسىمان دېرىزە ئېچىلغان، ئىشىك زالىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە ئىككى ئىشىك، ئۇدۇلىغا پەنجىرىلىك ئەگمە دېرىزە ئورنىتىلغان، ...تېشى چاسا خا تۈز تورۇسلۇق يېپىلغان.

مەدرىسە — ئىككى يان تەرىپىگە بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان 40 نەچچە ئېغىز ھۇجرا - ئۆيدىن تەشكىل تاپقان. ئوت- تۇرىسىغا چوڭ كۆل جايلاشقان ۋە ئەتراپى دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، پۈتۈن جامەگە نىسبەتەن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان. مەسچىت ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ... قورۇلما، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. ئىچكەركى قىسمىغا تۈۋرۈكلۈك زال، غەرب تەرەپ ئوتتۇرىسىغا ئەگمە مېھراب ئورۇنلاشقان، ئىشىكلىرىگە نەقىش ئويۇلۇپ، ئۈستىگە ھەر خىل شەكىلدىكى ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. تاشقىرىقى قىسمى كەڭ ... ئالدى ئوچۇق پېشايۋاندىن تەشكىل تاپقان، پېشايۋان ئالدى ...كى بىر قاتار تۈۋرۈك بېشىغا چوڭ ھەم كۆركەم ياسالغان ... سۈمەتتەس شەرىپە چىقىرىلغان، ھەربىر تۈۋرۈك شەرىپىسى ... سەنئەتتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

پۈتۈن مەسچىتنىڭ تورۇسى قۇرۇلما جەھەتتىن مۇرەككەپ ۋە كۆركەم ياسالغان، 136 دانە ياغاچ تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان، ...كى بەش ئارا، ئۇزۇنلۇقى 18 ئارا، جەمئىي 90 ئاراغا بۆلۈن- ... 62 ئارا ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق، 20 ئارا چاسا خا ۋاسا جۈپ ... تورۇسلۇق، سەككىز ئارا چاسا خا شالىياپما ئويمان تورۇس- ... يېپىلغان. ۋاسا جۈپ تۈز تورۇس قىسمى گەج بىلەن ئاقلان- ...غان قىسمى ھەر خىل سىزما نەقىش ۋە گۈل نۇسخىلىرى ... رەڭگارەڭ زىننەتلەنگەن بولۇپ، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش -

بېزەكلىرى جەھەتتە ئۇيغۇر مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن (مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بەت يۇقىرىدىكى رەسىمگە قارالسۇن).



يەكەن جامە چوڭ دەرۋازا ۋە پەشتاق ئالدى تىك يۈزى خەرىتىسى

## «ئالتۇنلۇق»

ئالتۇنلۇق — يەكەن كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن دەرۋازىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[illegible] خانلىقى دەۋرىدىكى خانلار قەبرىستانلىقى، ئۇ ئەڭ بۇرۇن [illegible] 1533 ـ يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى [illegible] سەئىد خاننى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلۇشقا [illegible].

[illegible] لۇققا سۇلتان سەئىد خاندىن كېيىن سەئىدىيە خانلىقىد- [illegible] دىن ئابدۇرېشىتخان، ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەتخان، [illegible] خان، ئابدۇللېتىپخان، پولاتخان، مەخمۇتخان، ئابدۇللاخان ۋە [illegible] ئورۇق ـ ئەۋلادلىرى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە شائىرە [illegible] خان، خوجا ئىساق ۋەلى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى [illegible] قىلىنغان.

[illegible] لۇق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان، غەرب تەرىپىگە [illegible] مەسچىت»، شەرق تەرىپىگە «ئالتۇن كۆل»، ئوتتۇرىسىغا [illegible] مازار» جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5 مىڭ كىۋادرات [illegible] ئىگىلەيدۇ.

[illegible] تۇن مازار» ئۆز ئىچىدىن بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنگەن. [illegible] لارنىڭ دىنىي مۇرىتلىرى دەپنە قىلىنغان قىسمى خىش [illegible] رىشاتكا ـ پەنجىرىلەر بىلەن ئايرىم دائىرىگە ئېلىنغان [illegible] رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن دەرۋازا ئورنىد- [illegible] ئاستى ۋە ئۈستى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىد- [illegible] رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قورۇق تام ۋە قەبرىلەرنىڭ [illegible] نۇسخىدا ئىشلەنگەن گەج ئويما نەقىش ۋە بې- [illegible] خەتلەر پۈتۈلگەن گۈللۈك خىش بىلەن زىننەت- [illegible] رەڭگارەڭ توغلار قادالغان، تونەكخانىلار ئايرىم يا- [illegible] پۈتۈن مازار ناھايىتى سۇرلۇك دىنىي تۈس ئالغان.

[illegible] — ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش — [illegible] ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدە- [illegible] ئۇ يالغۇز يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئىسلام بىناكار- [illegible] تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى دەپنە قىلىش

ئۇسۇلى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت-
لىرىنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

## خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى

خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى يەكەن ناھىيەسىنىڭ شىمالىي
تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇ-
رېشىتخان دەۋرىدە ياسالغان. ئۇنىڭ هازىرقى كۆلىمى ھىجرىيە
1222 ـ يىلى (مىلادىيە 1807 ـ يىلى) يۇنۇس ۋاڭ كېڭەيتىپ يا-
ساتقاندىن كېيىن شەكىللەنگەن.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى چوڭ دەرۋازا، تىلاۋەتخانا، روزى
مەرىكىسى (قەبرىگاھى)، ئېتىكاپخانا قاتارلىق ئىمارەتلەردىن تەش-
كىل تاپقان بولۇپ، ئەتراپىغا بىرنەچچە چوڭ ـ كىچىك مازار ۋە
مەسچىت كېڭەيتىپ ياسالغان. چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى رەڭلىك
كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن، قىرائەتخانىسى ۋاسا جۈپ تۈز تو-
رۇسلۇق يېپىلغان، ئالدىدىكى پېشايۋانىنىڭ تۈۋرۈك ۋە لىملىرىغا
نەقىش ئويۇلغان. قىرائەتخانىنىڭ ئىچى رەڭلىك رەسىم، گۈللۈك
خىش، گەج ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئايەت، مەدھىيە
سۆزلىرى ۋە نەسەپنامىلەر ھۆسنخەت ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان.
روزى مەرىكىسىنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە پارس نۇسخىسىدا مازارنىڭ
ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان ۋاقتى، خوجا مۇھەممەد شېرىپقا
بېغىشلانغان مەدھىيە سۆزلىرى يېزىلغان. ئېتىكاپخانىسى روزى
مەرىكىسىنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان. تىلاۋەتخانىسىنىڭ شىمالىغا
ئىككى ئېغىز گۈمبەز تورۇسلۇق مازار يانداپ سېلىنغان.

روزى مەرىكىسى تەكشى يۈزى تۆت چاسا، خىش قۇرۇلما، گۈم-
بەز تورۇسلۇق ياسالغان. خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ قەبرىسى ئې-
گىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا ئۈستىگە جايلاشقان ۋە نەقىش بىلەن ئىشـ-
لەنگەن رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. روزى مەرىكىسىنىڭ

[illegible] گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە كۆك كاھىش خىش ئورنىتىلغان [illegible] ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بېزەك- [illegible] ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە دەۋر ئالاھى- [illegible] تۆۋەندىكى رەسىمدە خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازى- [illegible] كاھىش نەقىش).



### [illegible] ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى

[illegible] مازىرى يەكەن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىن بەش [illegible] «موي شېرىپ» خانىقاسىنىڭ جەنۇبىغا

[illegible] مىلادىيە 1780 - يىللىرى يەكەنگە ۋاڭ قىلىپ [illegible] «موي شېرىپ» خانىقاسىنى سالدۇرغان،

ئۇزۇن ئۆتمەي خانىقانىڭ جەنۇبىغا ئۆزى ئۈچۈن مازار ياساتقان. مىلادىيە 1805 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى تەكشى يۈزى تۆت چاسا، خىش قۇرۇلما، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. مازارنىڭ تۆت بۇرجىكى ۋە ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە كىچىك مۇنار چىقىرىلغان. سىرتى ۋە ئۈستىدىكى گۈمبىزى خىلمۇخىل نەقىش ۋە بېغىشلىما ـ مەدھىيە سۆزلىرى پۈتۈلگەن رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. كاھىشلار ئۆز ئورنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان، ئۆلچەملىرى مۇۋاپىق، سۈپىتى يۇقىرى ياسالغان ۋە ھازىرغا قەدەر ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتمىگەن بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىكى كاھىشچىلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

خانىقانىڭ موي شەرىپخانىسى، مەسچىت ۋە تونەكخانىسىدىكى ھەرخىل گەج ئويما نەقىش ۋە مۇرەككەپ پەنجىرىلەر ھازىرمۇ ياخشى ساقلىنىپ قالغان. مەسچىت تورۇسى رەڭلىك سىزما نەقىش ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. تۈۋرۈكلىرى نەپىس ياسالغان بولۇپ، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

### بەيسى ھېكىمبەگ مازىرى

بەيسى ھېكىمبەگ مازىرى يەكەن كونا شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، شىنجاڭ بويىچە نەقىش ـ بېزەكلىرى كۆپ ۋە كۆركەم ياسالغان تارىخىي خاتىرە ئىمارەت.

بەيسى ھېكىمبەگنىڭ ئەسلىي ئىسمى مىرزا مۇھەممەد ھۆسەيىن، كۇچادا تۇغۇلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەنگە بەيسى دارىن قىلىپ بەلگىلەنگەن. 45 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. مازار ئىچىدىكى قارا تاختايغا يېزىلغان خاتىرە خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بەيسى ھېكىمبەگ مازىرىنى «ئوغلى مۇھەممەد ھۇدبەگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ەن ۋە قەشقەر خانلىقىدىن ئۇستىلار ئېلىپ كېلىپ» ياساتقان.
جرىيەنىڭ «1238 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 26 - يىلى
لادىيە 1822 - يىلى) پۈتكەن».
بەيسى ھېكىمبەگ مازىرى تەكشى يۈزى تۆت چاسا، خىش قو-
ما، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. تۆت بۇرجىكى ۋە ئىشىكىنىڭ
كى تەرىپىگە يۇملاق كىچىك مۇنار چىقىرىلغان. مازارنىڭ جە-
ب تەرەپ ئوتتۇرىسىغا ھۆسنىخەت ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان ئا-
ئويۇلغان يۇملاق ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. مازارنىڭ سىر-
، گۈمبەزنىڭ ئۈستى ۋە ئىچىدىكى قەبرىلەر ھەرخىل نەقىش ۋە
سى ھېكىمبەگنى مەدھىيەلەيدىغان بېغىشلىما پۈتۈلگەن رەڭلىك
مش بىلەن زىننەتلەنگەن. كاھىشلار ئۆلچەملىك ياسالغان ۋە
ئارا بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇل-
ن. كاھىشلاردىكى نەقىش نۇسخىسىلا 20 خىلدىن ئاشىدۇ. مازار-
ڭ ئىچى گەج بىلەن سۇۋالغان. ئاستى تەرىپىگە بىر مېتىر ئې-
زلىكتە زەدىۋال چىقىرىپ رەڭلىك گۈل ۋە گېئومېتىرىيەلىك
قىش سىزىلغان. ئۈستى تەرىپىگە قۇرئان ئايەتلىرى خەتتاتلىق
سلۇبى بىلەن يېزىلغان. پۈتۈن مازارنىڭ نەقىش - بېزەكلىرىنى
شلەش ھۈنەر - سەنئىتى نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە بو-
پ، چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مازار بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق
لىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.
بەيسى ھېكىمبەگ مازىرىنىڭ ئارقىسىغا بىرنەچچە كىچىك
زار ۋە قەبرىلەر ئورۇنلاشقان. كىچىك مازارنىڭ تەكشى يۈزى
ەككىز تەرەپلىك، خىش قۇرۇلما، گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان.
ەككىز بۇرجىكىگە كىچىك مۇنار چىقىرىلغان ۋە رەڭلىك كاھىش
لەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئەتى جەھەتتە
ۈزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.




بەيسى ھېكىمبەگ مازىرى تەكشى يۈزى خەرىتىسى



بەيسى ھېكىمبەگ مازىرىنىڭ كەسمە يۈزى خەرىتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





بەيسى ھېكىمبەگ مازىرىدىكى رەڭلىك كاھىش نەقىش



بەيسى ھېكىمبەگ مازىرىدىكى رەڭلىك كاھىش نەقىش

# شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش، رېمونت قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ــ دۆلىتىمىز ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى كىرگەندىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى، دىنىي ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش شىنجاڭنىڭ تارىخىنى، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ھۈنەر ـ كەسىپ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش ۋە گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. تارىخىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ئىسلام ئىمارەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خارابە ـ ئىزلىرىغا نىسبەتەن نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن-
لىرىدىن جەمئىي 164 نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام بى-
ناكارلىق ئىزلىرى 30 دىن ئاشىدۇ. ھازىرغا قەدەر نۇقتىلىق مۇ-
ھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكى-
تىلمىگەن، لېكىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەر ئۈستى ۋە
يەر ئاستىدا ساقلىنىۋاتقان بەلگىلىك تارىخ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت،
ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىسلام بىناكارلىق ئىزلىرىنى داۋاملىق
تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ۋە مۇھاپىزەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچراشتىكى ئاساسىي سەۋەب ئىككى خىل: بىرىنچىسى، كىشى-
لەرنىڭ قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشى؛ ئىككىنچىسى، تەبىئىي
بۇزغۇنچىلىق. كىشىلەر تەرىپىدىن قەستەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق قالايمى-
قانچىلىق مەزگىلىدە ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، نۇقتىلىق مۇھاپىزەت
قىلىنىدىغان ئىسلام بىناكارلىق ئىزلىرى ئوخشاش بولمىغان دە-
رىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بەزىلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران قى-
لىۋېتىلىپ، ماتېرىياللىرى ساقلانمىغاچقا، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە
ئامال بولمىدى. پارتىيەنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يى-
غىنىدىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇ-
ھاپىزەت قىلىشقا دائىر قانۇن ـ تۈزۈملەرنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ـ مۇھاپىزەت قىلىش ئورگانلىرىنى
تەسىس قىلغانلىقتىن، كىشىلەر تەرىپىدىن بولىدىغان قەستەن
بۇزغۇنچىلىق ئاساسىي جەھەتتىن توسۇپ قېلىندى. تەبىئىي بۇز-
غۇنچىلىق دېگىنىمىز ئاساسەن ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە قار ـ يام-
غۇر، بوران ـ چاپقۇن، يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن قۇرۇلۇش ماتېرى-
ياللىرى كونىراپ چىرىپ كېتىش، ئۇل ئاساسى بوشاپ ئولتۇرۇ-
شۇپ كېتىش، قۇرۇتلاپ سېسىپ كېتىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئىما-
رەتلەرنىڭ قۇرۇلما ۋە نەقىش بېزەكلىرىنى ئوخشاش بولمىغان دە-

رىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلدى. كىشىلەرنىڭ قەستەن بۇزغۇنچىلىقى ئاساسىي جەھەتتىن توسۇپ قېلىنغاندىن كېيىن، تەبىئىي بۇزغۇنچىلىقتىن قانداق ساقلىنىش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش — نۆۋەتتە ئىسلام دىنى بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىدىكى تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەمەلىي رولى، ياسىلىش شەكلى، مەدەنىيەت - سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئولتۇرۇشلۇق قورۇ - جاي بىناكارلىقى، شەھەر بىناكارلىقى، بۇددا دىنى بىناكارلىقى، ئىسلام دىنى بىناكارلىقىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان تۈرلەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ياسىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىش تېخنىكا تەلىپى ۋە كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندە مەن پەقەت ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە تېخنىكا تەدبىرلىرى توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمەن:

## رېمونت قىلىش پرىنسىپى ۋە خىزمەت تەرتىپى

رېمونت قىلىش خىزمىتى — ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى. رېمونت قىلىش خىزمىتى ئەگەر مەلۇم بىر پرىنسىپنى يېتەكچى قىلمىسا، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا تېگىشلىك بولمىغان ئىسراپچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن بىز ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتى جەريانىدا 1982 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي ئىشلار كومىتېتى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى» نىڭ 14 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك پرىنسىپى» غا قاتتىق رىئايە قىلىشىمىز لازىم. مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، نەقىش - بېزەكلىرى، ماتېرىيالى، ئىشلەش تېخنىكىسى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك مەلۇم بىر ئىمارەتنىڭ ياكى بىر يۈرۈش ئىمارەتلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ۋاقتىدىكى شەكىل قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك دېگەندىن ئىبارەت. شىنجاڭدا ئىسلام ئىمارەتلىرى ئەڭ بۇرۇن X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياسىلىشقا باشلىغان. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى ۋاقتىدا كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالغان ياكى كېڭەيتىپ ياسالغان. ھازىرقى قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالغان ۋاقتىدىكى قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى بولۇپ، بىز ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە پرىنسىپ جەھەتتە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالغان ۋاقتىدىكى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز، يالغۇز ئاساسىي قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى رېمونت قىلىش ۋاقتىدا نەقىش - بېزەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. لېكىن نەقىش، ئويما، كاھىش، رەڭلىك رەسىم قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ناھايىتى تەس بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھازىرقى ھالىتى بو-

يىچە ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت مۇھاپىزەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلما ۋە نەقىش بېزەكلىرىنى ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىش لازىم. پەقەت ئەسلىدىكى بىناكارلىق ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغاندىلا، ئاندىن تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق قىممىتىنى ھەقىقىي تۈردە ساقلاپ قالالايدۇ.

مەيلى ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش بولسۇن ھەر ئىككىلىسى قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ـ رېمونت قىلىشتىكى مۇرەككەپ ئىلمىي خىزمەت بولۇپ، رېمونت قىلىش جەريانىدا قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ تارىخىي، سەنئەت ۋە ئىلمىي قىممىتىگە زىيان سالماسلىق ئۈچۈن بەلگىلىك لايىھەلەش تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىي تېخنىكا سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان قەدىمكى قۇرۇلۇش كەسپىي خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رېمونت قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئومۇميۈزلۈك قېدىرىش ۋە لايىھەلەش ئېلىپ بېرىشى، لايىھەنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارغا يوللاپ تەستىقلىتىشى، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئۆيۈشتۇرۇپ، ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## بىناكارلىق ئالاھىدىلىكى ۋە بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش

بىر يۈرۈش ئىسلام ئىمارەتلىرىنى رېمونت قىلىش ۋاقتىدا بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ، شۇ ئىمارەتنىڭ ياسىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالاھىدىلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش لازىم. بىز ئىسلام بىناكارلىقىغا نىسبەتەن مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ھازىرغا قەدەر سۇڭ دەۋرىدىكى «بىناكارلىق قائىدە - شەكىللىرى» ۋە چىڭ دەۋرىدىكى «بىناكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش قائىدە - تۈزۈملىرى» گە ئوخشاش ئىسلام ئىمارەتلىرىنى لايىھەلەش قۇرۇلمىسى، ماتېرىيال ئۆلچەملىرى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى شەرھلەيدىغان مەخسۇس «بەلگىلىمە»، كىتاب ياكى ماتېرىياللارنى ئۇچراتمىدۇق. نۆۋەتتە ئىسلام ئىمارەتلىرىنى رېمونت قىلىشتا قوللىنىلىۋاتقان بىردىنبىر ئۇسۇلىمىز ئالدى بىلەن ھەرخىل تۈردىكى ۋە ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئىسلام ئىمارەتلىرىگە نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ بىناكارلىق ئۆلچەم ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، شۇ ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىشتىكى تېخنىكىلىق ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت.

بىزنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىزچە، ئۆتمۈشتە بىر يۇرۇش مەسچىت ياكى ھازىر قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا ئۇستىكارلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يىللىق توپلىغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ياساش تېخنىكىسىغا ئاساسەن ئاددىي لايىھەسىنى ئىشلەپ، خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ (بەزى ۋاقىتلاردا خەرىتىنىمۇ سىزمىغان)، تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسىدىكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ بىر تۇتاش ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ، بىر تەرەپتىن لايىھەلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ياساش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان، بىناكارلىق ئۆلچەملىرى جەھەتتە قاتتىق ھەم بىر تۇتاش بەلگىلىمە بولمىغاچقا، گەرچە بىناكارلىق ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئومۇملۇققا، ياسىلىش شەكلى جەھەتتە ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتكەندە، تام قوپۇرغاندا بىر تۇتاش بەلگىلىمە ياكى قېلىپلاشقان ئۆلچەملىك سان بولمى-

غاچقا، ئۇستىكارلار مەلۇم بىر قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا ئاساسىي ئۆلچەملىرىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، پەقەت قۇرۇلۇشنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆزى بىلگەن ۋە قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى ئومۇم-يۈزلۈك ئىگىلىگەن، لېكىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن يازما ماتېرىيال ۋە خەرىتە سىزىپ قالدۇرمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىر يۈرۈش ئىسلام ئىمارەتلىرىنى رېمونت قىلغان ۋاقتىدا ھەممە ئىشنى باش-تىن باشلاپ، ئالدى بىلەن بىز رېمونت قىلماقچى بولغان ئىمارەتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، ياساش ۋاقتىدىكى بارلىق ئۆلچەم، بەلگىلىمى-لەرنى ئىگىلەپ، ھازىرقى ھالىتى خەرىتىسىنى تولۇق سىزىپ چى-قىپ، نىسبەتەن توغرا بولغان ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ۋە بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش جەريانىدىكى ماتېرى-ياللارغا ئاساسەن تەتقىقات ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي ما-تېرىيال ۋە تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسەن ئۇنى رېمونت قىلىش لايىھەسىنى ۋە رېمونت قىلىش تېخنىكا تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ چىقىشىمىز لازىم.

بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ۋاقتىدا ئالدى بى-لەن شۇ ئىمارەتنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى (مەسى-لەن، لىم، تۈۋرۈك، جەگە، ئېگىلگەن، ئاجرىغان، يېرىلغان، چىرى-گەن، مۇنار، گۈمبەزلىرى، يېرىلغان، قىڭغايغان، ئۆرۈلگەن ياكى ئۇلى - ئاساسى ئولتۇرۇشقان قاتارلىقلار) تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆلچەپ، خەرىتىسىنى سىزىپ، رەسىمگە تار-تىپ، تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى بەلگىلىگەندە پايدىلىنىش ماتېرىيا-لى قىلىشىمىز لازىم. ھەر خىل ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى ھالىتىنىڭ فوتو سۈرىتى بولۇپ، خەرىتە ۋە باشقا ماتېرىياللارغا نىسبەتەن ئى-شەنچلىك، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كونا بىلەن يېڭىنى سېلىشتۇرۇشتا ياخشى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىق-

لىنغاندا، قۇرۇلما ۋە ياسىلىش شەكلىدىن باشقا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئەڭ قىيىن بولغىنى نەقىش - بېزەكلىرى، مەسىلەن، كاھىش، گەج نەقىش، ياغاچ ئويما، خىش ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش، رەڭلىك رەسىم قاتارلىقلارنىڭ نەقىش نۇسخىلىرى ۋە ئىشلەش تېخنىكىسى بولۇپ، نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ بۇزۇلغان قىسمىنىڭ ئەسلىدىكى نەقىش نۇسخىلىرى ۋە ياساش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ماتېرىياللار بولمىسا، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا قىيىن بولۇپ، ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندا نەقىش - بېزەكلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئالدى بىلەن بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم.

## رېمونت قىلىش لايىھەسىنى سىزىش ۋە خامچوتىنى ھېسابلاپ چىقىش

رېمونت قىلىش جەريانىدا ئىمارەتلەرنىڭ تارىخىي، سەنئەت، ئىلمىي قىممىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇنىڭ بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى ۋە قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى توغرا ئىگىلەپ، ئىسراپ قىلماسلىق، ئاز پۇل خەجلەپ كۆپ ئىش قىلىش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا ئەتراپلىق لايىھەلەش ئېلىپ بېرىپ، رېمونت قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئالىملار مۇزاكىرە قىلىپ، تەستىقلىغاندىن كېيىن لايىھەگە ئاساسەن ياساش خەرىتىسىنى سىزىپ ۋە خامچوتىنى ئىشلەپ چىقىپ، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق ئاساستا باسقۇچقا بۆلۈپ

ئېلىپ بېرىش لازىم.

لايىھەلەش خەرىتىسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، رېمونت قىلىشتىن بۇرۇنقى ھازىرقى ھالەت خەرىتىسى بولۇپ، ھازىرقى ھالەت خەرىتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ھالىتى بولۇپ، لايىھەلەش خەرىتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتمەي رېمونت قىلىشقا توغرا كەلسە، ئومۇمىي قۇرۇلمىنىڭ ھازىرقى ھالەت خەرىتىسىنى لايىھەلەش خەرىتىسى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. نەقىش - بېزەكلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە چوڭايتىلغان خەرىتىسىنى سىزىش، قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھازىرقى ھالەت خەرىتىسى ۋە قايتا ياساش لايىھە خەرىتىسىدىن ئىبارەت ئىككى خەرىتىنى بىرلا ۋاقىتتا سىزىپ چىقىش لازىم. رېمونت قىلىش قۇرۇلۇش خامچوتى لايىھەلەش خەرىتىسى ۋە چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن ئالدى بىلەن ئىش تۈرى مىقدارى بويىچە خامچوت قىلىپ ھېسابلاپ چىقىپ، «قۇرۇلۇش مىقدارىنى ھېسابلاش جەدۋىلى» گە تولدۇرىدۇ. يەككە ئىش تۈرى سوممىسى ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمى بويىچە ئادەم ئىش ھەققى، ماتېرىيال سوممىسى قاتارلىق بىۋاسىتە چىقىمنى ھېسابلاپ چىقىپ، بىۋاسىتە چىقىمغا قوشساق يىغىندىسى ئومۇمىي خامچوت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رېمونت قىلىش خامچوتى تەخمىنەن خامچوت ۋە دەسلەپكى خامچوت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. رېمونت قىلىش خامچوتىنى ئالدى بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ھېسابلاپ چىقىدۇ. ئادەتتىكى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇش خامچوتىنى ۋە كىچىك تىپتىكى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدا پەقەت دەسلەپكى خامچوت ئىشلەپ چىقىلسىلا بولىدۇ. قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ رېمونت قىلىنىش قۇرۇلۇشىدا ئىش تۈرى ئالاھىدە بولغاچقا، ھازىرغىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ماتېرىيال ھەققى باھاسى بولمىغاچقا ئىسلام بىنالىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى www.uyghurkitap.com



رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدا ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ھېسابلىسا بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماتېرىياللار ئالاھىدە بولغاچقا مۇۋاپىق بولغان باھا ئۆلچىمىنى تاپالماي قالغاندا پېشقەدەم ئۇستىكارلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تەخمىنەن ھېسابلاپ چىقسا بولىدۇ.

## تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى

رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەش، خامچوت قىلىش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن قۇرۇلۇش باشلاش لازىم. ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئالدى بىلەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم. ھەر خىل رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشلىرىنى تەستىقلىغاندا يوللاشقا تېگىشلىك ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەرنى تولۇق ئەۋەتىپ بېرىش لازىم. رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى: رېمونت قىلىش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسى توغرىسىدا ئىزاھات دوكلاتى، رېمونت قىلىش خامچوتى، بۇزۇلۇش ھالىتىنىڭ خەرىتىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى: مۇستەھكەملەش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسى توغرىسىدا ئىزاھات دوكلاتى،

لايىھەلەش خەرىتىسى، قۇرۇلۇش خامچوتى، بۇزۇلۇش ھالىتىنىڭ رەسىمى، كۆلىمى زور قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھېسابلاش نەتىجىسىنى بىللە قوشۇپ ئەۋەتىش لازىم.

ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى: ھازىرقى ھالەت خەرىتىسى ۋە فوتو رەسىمى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەلەش خەرىتىسى، تېخنىكا ئىزاھاتى دوكلاتى، قۇرۇلۇش خامچوتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ يوللىنىدۇ: بىرىنچى قېتىمقىسى، دەسلەپكى لايىھەسى بولۇپ، ھازىرقى ھالەت خەرىتىسى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەسلەپكى لايىھە خەرىتىسى، ئىزاھات دوكلاتى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەسلەپكى لايىھە خەرىتىسى، ئىزاھات دوكلاتى، تەخمىنەن خامچوت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى قېتىمقىسى، قۇرۇلۇش لايىھەلەش خەرىتىسى (قۇرۇلما ۋە بىناكارلىق خەرىتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭايتىلغان خەرىتىسى، قۇرۇلۇش دەسلەپكى خامچوتى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى توغرىسىدا ئىزاھات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەقىش ـ بېزەكلىرىنى رېمونت قىلىشقا توغرا كەلسە، نەقىش ـ بېزەكلىرىنىڭ چوڭايتىلغان ئۆلچەملىك خەرىتىسىدىن باشقا، ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە تەلەپلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھاتنى قوشۇپ يوللاش لازىم. ئەسلى ئورنىدىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكەپ سالىدىغان قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، يۆتكەشتىكى سەۋەب ۋە يېڭى ئورۇننىڭ مۇھىت شارائىتى توغرىسىدىكى ئىزاھات ۋە ئومۇمىي تەكشى يۈزى خەرىتىسى قوشۇپ يوللىنىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش

بىر يۈرۈش قەدىمكى ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى-نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ياكى بولماسلىقى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە تېخنىكىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىشتا توغرا بولغان قۇرۇلۇش لايىھە خەرىتىسى ۋە خىراجەت يېتەرلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نىسبەتەن تولۇق بولغان قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسى بولمىسا قەدىمكى ئىمارەتلەرنى تەلەپكە ئۇيغۇن ھالدا ياخشى رېمونت قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان تېخنىكا، لايىھەلەش تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسىنى، مۇۋاپىق بولغان رېمونت قىلىش تەدبىرلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيەلەش دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن كۆندىلىك قۇرۇلۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە نەق مەيداندا ئىش باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، تېخنىك ئىشچىلارنى ۋە تېخنىك خادىملارنى لايىھەلەش خەرىتىسىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىشقا تەشكىللەش، ئىمارەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ياسىلىش ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلما شەكلى، نەقىش - بېزەك نۇسخىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئېنىق ئىگىلىۋېلىش، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش، مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىشقا بولىدىغان ماتېرىياللارنى قەتئىي ئالماشتۇرماسلىق لازىم. چۈنكى بىر يۈرۈش ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ قىممىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىخىي - ئىلمىي قىممىتى ۋە ئۇنى ئەڭ بۇرۇن

ياسىغان ۋاقىتتا ئىشلەتكەن ماتېرىيال بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا نەق مەيداندا ئىش خاتىرىسى يېزىش ۋە سۈرەتكە تارتىپ ماتېرىيال قالدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، رېمونت قىلىش لايىھەسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن نەق مەيداندا سۈپەت تەكشۈرۈش ۋە كۆمۈلۈپ كەتكەن يوشۇرۇن ئورۇنلارنى ئېچىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ پىلانى بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

قۇرۇلۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرغۇچى ئورۇن ۋە ئەسلىدە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان ئورۇن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى لازىم. ئۆتكۈزۈۋېلىش، تېخنىكىلىق ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىدا مۇھىم نۇقتىنى يوشۇرۇن، كۆرگىلى بولمايدىغان ئۆلى، ئۆگزىسى، سۇدىن مۇداپىئەلىنىش، ماتېرىياللارنى يەملەپ مۇستەھكەملەش تېخنىكىسى ۋە ياساش ئۇسۇلى قاتارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قارىتىش لازىم. ئەگەر لايىھەگە ئۇيغۇن بولمىغان تەرەپلىرى بولسا ۋاقتىدا تۈزىتىش، تېخىمۇ ئېغىر ئىقتىسادىي زىياننىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

ئەڭ ئاخىردا ئۆتكۈزۈۋېلىش دوكلاتى يېزىش: ئۆتكۈزۈۋېلىش دوكلاتى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى سۈپەت جەھەتتىن ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە قۇرۇلۇش خامچوتى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆتكۈزۈۋېلىش دوكلاتى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ئەستايىدىل يېزىلىشى، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مۇندىن كېيىنكى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىش لازىم.

## رېمونت قىلىش قۇرۇلۇش تۈرى

شىنجاڭدىكى ئىسلام بىنالىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى بۇزۇلۇش دەرىجىسى ۋە تېخنىكا تەلىپىگە ئاساسەن ئوخشاش بول-

مىغان دەرىجىدە رېمونت قىلىنىدۇ. بۇ ئادەتتە تۆت تۈرگە بۆ-
لۈنىدۇ:

1. ئاسراش قۇرۇلۇشى

ئاسراش قۇرۇلۇشى — ئىمارەتلەرنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆرۈلۈپ
كەتمەسلىكى، بۇزۇلۇش ئەھۋالىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ كېتىـ-
شىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۇ-
چۇن، ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ياسىلىش شەكلى، نەقىش - بې-
زەكلىرى ۋە رەڭگىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىش
ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈندىلىك رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش
قۇرۇلۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مەسىلەن، مۇھىت شارائىتىنى ياخشى -
پاكىز ساقلاش، سۇ ئېقىتىش ئېرىقلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆگ-
زىسىدىن يامغۇر - قار سۇلىرى ئۆتمەسلىك، سۇ ۋە ئوت ئاپىتىدىن
مۇداپىئە كۆرۈش، گەج نەقىش، كاھىش ۋە رەڭلىك رەسىم قاتارلىق
نەقىش - بېزەكلىرىنىڭ بۇزۇلغان ئورۇنلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا رې-
مونت قىلىپ تۇرۇش قاتارلىق رېمونت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ).

نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئىسلام ئىمارەتلىرى بەلگى-
لىك تارىخىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپلا قال-
ماستىن، بەلكى بەزى ئىسلام ئىمارەتلىرى هازىرمۇ دىنىي پائالىيەت
ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن بولۇپ، داۋاملىق ئىشلىتىلىش ئېھتىياجى
بويىچە ئېيتقاندا كۈندىلىك ئاسراش قۇرۇلۇشى كەم بولسا بولماي-
دىغان خىزمەتلەرنىڭ بىرى. كۈندىلىك ئاسراش خىزمىتىنى كۈ-
چەيتىش، ئاز پۇل خەجلەپ، رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى يېنىكلى-
تىپ، ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، هازىرقى هالىتىنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ
قېلىپ، مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت -
شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت.

### 2. قۇتقۇزۇۋېلىش قۇرۇلۇشى

قەدىمكى ئىمارەتلەر ئېغىر خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغاندا تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ماددىي ماتېرىيال قاتارلىق شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ۋاقتىدا ئۇزۇل - كېسىل رېمونت قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا ۋاقىتلىق مۇستەھكەملەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشى «قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، تۇيۇقسىز يەر تەۋرەش، ئۇلى ئولتۇرۇشۇپ كېتىش سەۋەبىدىن لىم ۋە جەگىلىرى ئېگىلىپ كېتىش، تاملىرى ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلگەندە قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەلۇم ۋاقىت ساقلاپ قېلىپ، ئۆرۈلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلۇشنىڭ مەقسىتى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ قېلىش، لېكىن ئۇزۇل - كېسىل رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ توسقۇنلۇق قىلماسلىق، قۇراشتۇرۇشقىمۇ ياكى ئېلىۋېتىشكىمۇ قولايلىق بولغان تېخنىكا تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ۋاقىتنى كۈتۈپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### 3. رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى

رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى نىسبەتەن ئۇزۇل - كېسىل رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىش، پۈتۈن قىسمىنى ياكى مەلۇم قىسمىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — قۇرۇلما، ياسىلىش شەكلى جەھەتتە ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە رېمونت قىلىش جەريانىدا ئۆزگەرتىۋەتكەن، شەكلى ئۆزگەرگەن ياكى قوشۇپ كۆپەيتىپ ياسىغان ياكى ئېلىۋەتكەن قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىمارەتلەرنى ياسىغان ۋاقىتتىكى ھالىتىگە كەلتۈ-

www.uyghurkitap.com



رۇش دېگەندىن ئىبارەت.

رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى تېخنىكا جەھەتتە مۇرەككەپ، تەلەپ ئۆلچىمى يۇقىرى بولغان بىر تۈرلۈك تەتقىقات خىزمىتى. بۇزۇلغان قىسمىنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەسلىي ھالىتىگە نىسبەتەن ئىنچىكە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئەسلىدىكى قۇرۇلمىسى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەلگىلىك رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا نىسبەتەن قىيىن بولغىنى نەقىش ـ بېزەكلىرى ۋە رەڭگىنى ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇپ، كاھىش ۋە گەج ئويما نەقىشلىرىنى ئىشلەش تېخنىكىسى نىسبەتەن مۇرەككەپ. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچى تېخنىك ئىشچىلار بولمىغاچقا ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئەستايىدىل تەتقىقات ۋە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەش تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىلا ئاندىن ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

### 4. يۆتكەپ ياساش قۇرۇلۇشى (قايتا ياساش قۇرۇلۇشى)

ئادەتتە، نىسبەتەن چوڭ كۆلەمدىكى سوتسىيالىستىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندا قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن ئۆزئارا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئاساسىي قۇرۇلۇشقىمۇ پايدىلىق بولۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقىمۇ پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت ئىككىگە پايدىلىق بولۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىسلام ئىمارەتلىرىنى يۆتكەپ قايتا ياساش قۇرۇلۇشى «يۆتكەپ قايتا ياساش قۇرۇلۇشى»

دەپ ئاتىلىدۇ. يۆتكەشكە تېگىشلىك قۇرۇلۇشنىڭ ساقلىنىش ھالىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈنلەي چۇۋۇپ تاشلاپ، يېڭى ئورۇنغا يۆتكەپ، قايتىدىن يېڭى ئۇل قويۇپ، ئەسلىي ماتېرىيالى ۋە قۇرۇلمىسى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئەسلىي ھالىتى بويىچە ياسىلىدۇ.

نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئاتاقلىق شەخس، مەشھۇر ئىزلار شەرتىگە توشىدىغان ئىسلام خاتىرە ئىمارەتلىرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسا (مەسىلەن، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قوزغىغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بەزى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان قەدىمكى ئىمارەتلەر ۋە ئۇنىڭ ئىزلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان)، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى «قايتا ياساش قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، XI ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئالىم، پەيلاسوپ، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە «سول» چىل لۇشيەننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. 1986 ـ يىلى خەلق ھۆكۈمىتى قايتا ياساشنى قارار قىلغان. ھازىر قەبرىگاھى قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قايتا ياساش قۇرۇلۇشىدا ئىمكانقەدەر ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، نەقىش ـ بېزەكلىرىنى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق قىممىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

## ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش

### 1. ئۆگزىسىنى ئاسراش ھەم رېمونت قىلىش

ئۆگزىسىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلام بىناكارلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىش جىزمىتىدە ئەڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدىغان قورۇلۇشلارنىڭ بىرى. ئۆگزىسىدىن سۇ ئاقمىسا، ئۇلى ئولتۇرۇشۇپ كەتمىسە، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بەلگىلىك ئېغىرلىق كۆتۈرۈش كۈچى ساقلاپ قېلىنسا توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە خىش قۇرۇلمىلىق - گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ ئۆمرى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ چوڭ ئىبادەت زالى، دەرۋازا ۋە پەشتاق مۇنارلىرىنىڭ ئۈستى ئاساسەن يانتۇ تورۇسلۇق بولۇپ، ئۈستىگە ساپال ۋاسا قويۇلغان. يانتۇ تورۇسلۇق ئۆگزىلەرنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يانتۇ تورۇسلۇق قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىز بۇ يەردە كونكرېت تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەيمىز.

جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ ئۆگزىسى تۈز تورۇسلۇق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، هاۋاسى نىسبەتەن قۇرغاق، يامغۇر - يېغىن مىقدارى ئاز بولغاچقا، ئۆگزىسىدە ئازراق يانتۇلۇق بولسىلا يامغۇر سۇلىرى ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۆگزىسىنى ئاسراشتا تەبىئىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئەگەر تۈز تورۇسلۇق ئۆگزىلەرنى داۋاملىق ئاسراپ رېمونت قىلىپ تۇرمىسا، ئۆگزىسى يېرىلىپ، يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپ، قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. تۈز تورۇسلۇق ئۆگزىلەردىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى — ئۆگزىسى كەڭ، يامغۇردىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرى يوق، ئازراق يانتۇلۇقمۇ يوق، يامغۇر چۈشىدىغان نولىرىنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قالغان. ئەگەر يامغۇر كۆپ ياغسا ئېقىپ چۈشۈپ كېتەلمەي، يىغىلىپ قېلىپ، ئۆگزىسىدىن سۇ ئاقىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش لايىھەسى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئىككىنچىدىن، تۇۋرۇك لىملىرىنىڭ بەزىلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئېگىلىپ

كەتكەن ياكى يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن ئۆگزىسى يىرىلغان. بۇ قورۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ بىرىنچى خىلدىكى كۆپرەك ئۇچرايدىغان ئەھۋال. بۇنداق ئۆگزىلەرنى كۇندىلىك ئاسراش خىزمىتى بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ تاشلاپ رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆگزىسىنى كۇندىلىك ئاسراش — ئاساسلىقى بوران چىقىپ يامغۇر ياغقاندا ئۆگزە ئۈستىدە ئاسان توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئوت - چۆپ، توپا - توزان، پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تازىلاش، سۇ يىغىلىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولغان ئورۇنلارنى ۋاقتىدا تازىلاش، بەلگىلىك يانتۇلۇقنى ساقلاپ قېلىش، سۇ چۈشۈش ئېغىزلىرىنى تازىلاپ، يامغۇر سۇلىرىنى ۋاقتىدا ئاققۇزۇۋېتىش، بۇنىڭ بىلەن ئۇلىنىڭ قۇرۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىغا ئېرىق كولاپ، گۈل تېرىغاندا قەدىمكى ئىمارەتلەر بىلەن بەلگىلىك ئارىلىقنى ساقلاش، ئۇلىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۆگزىسى يېرىلىپ، سۇ ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەكشى تورۇسلۇق ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا لىم ۋە ھاراقىنىڭ ئۈستىگە قاتار جەگە قويۇلغان، جەگە ئۈستىگە ۋاسا تىزىلغان، ۋاسا ئۈستىگە بورا سېلىنىپ، ئۈستى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. ئۆگزىسىنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش قەۋىتى قىلىن بولۇپ، 10 ~ 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلار سۇ ئۆتۈشتىن ساقلىنىش ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. ئۆگزىسىنى كۆپ قېتىم رېمونت قىلىش جەريانىدا ئۈستىدىكى توپا ۋە لاي قېلىن سېلىنغاچقا (ئەڭ قېلىن يەرلىرى 40 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ)، پۈتۈن قۇرۇلمىسىنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۆگزىنى ئېچىپ ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلغاندا ياغاچ قۇرۇلمىلارنىڭ ئېغىرلىق يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئەسلىدىكى ئۇسۇل بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ىچە توپىغا سامان ياكى پاخال ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈچ قەۋەت لاي سېـ-
لىپ سۇۋاپ، قىلىنىلىقىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 ~ 15 سانـ-
تىمېتىر ئەتراپىدا تىزگىنلەپ، نېپىزرەك قىلىپ يېپىش. ئىكـ-
كىنچى خىل ئۇسۇل — ئېغىرلىقى يەڭگىل ماتېرىياللارنى توپا -
لاي ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۆگزىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقىنى يەڭگىللە-
تىش، بۇنىڭغا مۇۋاپىق بولغان ماتېرىيال كۆمۈر شاخىرى بولۇپ،
تاشپاختىنا بىلەن ھاكنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۇ سېپىپ 5 ~ 10 كۈن
دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. ھاك بىلەن تاشپاختىنىڭ نىسبىتى 3:1 بو-
لىدۇ. تاشپاختىنا توپىغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە يەڭگىل بولۇپ، پۈتۈن
ئۆگزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۈچ ھەسسە يەڭگىللىتىدۇ. ئەگەر ئۆگزى-
گە يەڭگىل ھەم سۇ ئۆتمەيدىغان ماتېرىياللار ئىشلىتىلسە، ياغاچ
قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا چوڭ پايدىسى بار.

ئىككى قەۋەت ماي قەغەز، ئۈچ قەۋەت ماي سىلىپ، سۇ ئۆتمەس
قەۋىتى ياساش ئۇسۇلى ئۆگزىدىن يامغۇر سۈيى ئۆتۈشتىن ساقلە-
نىشتا ئۈنۈمى نىسبەتەن ياخشى. لېكىن ماي قەغەز 20 يىلدىن 30
يىلغىچە چىدايدۇ، مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلمۇ ئۆگـزى-
لەرنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدا ھازىرغىچە ئومۇميۈزلۈك قول-
لىنىلمىدى.

گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىنى رېمونت قىلىش-
نىڭ تۈز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرگە قارىغاندا ئوخشىمايدىغان تەرەپ-
لىرى بار. بەزى گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەش ياكى
ئۆلى ئولتۇرۇشۇپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۆگزىسى يېرىلىپ، يامغۇر
سۈيى ئاقىدۇ. بۇنداق ئۆگزىلەرنى رېمونت قىلىپ، ئۆلىنىڭ قۇرۇق
ۋە تەكشى بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۆگزىسىگە
نىسبەتەن سۇ ئۆتمەس تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئۆگزىسىنىڭ سۇ
ئېقىش يانتۇلۇقىنى ياخشى ئېلىش، سۇ ئېقىش ئېغىزلىرىنى ياخ-
شىلاش ئارقىلىق ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئۆگزىدىن سۇ ئاقماسلىقىقا،

گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە تۈز تورۇسلۇق ئىككى خىل بىناكارلىق ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىنى ۋە سۇ ئېقىش سەۋەبلىرىنى ياخشى ئىگىلىگەندە ئاندىن ياخشى رېمونت قىلىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

**2. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە رېمونت قىلىش**

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۈز تورۇسلۇق ۋە خىش قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل بىناكارلىق شەكلىگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۈز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى تۈۋرۈك، لىم، جەگە، هاراقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆتمۈشتە مەسچىت، مەدرىسە، مازار قاتارلىق ئىمارەتلەرنى ياسىغاندا لىم ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ توغرا كەسمە يۈزىنىڭ ئۆلچەملىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. شىنجاڭ رايونىنىڭ هاۋاسى قۇرغاق، يامغۇر مىقدارى ئاز بولغاچقا زور كۆپ ساندىكى ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋرۈك، لىم، جەگىلىرى نىسبەتەن ياخشى ساقلانغان. لېكىن ياسالغان ۋاقتى ئۇزۇن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلى ۋە ئۆگزىسىنىڭ سۇدىن مۇداپىئەلىنىشى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغاچقا، ئۇزۇن ۋاقىت سۇ ئېقىپ، نەملىشىپ، شامال ئۆتتۈشمەي، بىر دەم هۆللىنىشىپ، بىردەم قۇرۇپ تۇرغاچقا قۇرۇلمىلىرى چىرىش، يېرىلىش، ئولتۇرۇشۇش، ئېگىلىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى ئېغىر. تۈۋرۈك ۋە لىملىرى بولسا ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قۇرۇلمىلار بولۇپ، لىم ۋە تۈۋرۈكلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە رېمونت قىلىش بولسا ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت-

www.uyghurkitap.com



لەرنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئىش تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1) ياغاچ قۇرۇلمىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش تەدبىرلىرى:

رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئىسلام ئىمارەتلىرى ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، يەر تەۋرەش ياكى مەلۇم ئورۇنلىرىنىڭ ئۇلى بوشاپ، ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ، لىم، جەگىلىرى ئېگىلىپ، قۇرۇلمىلىرى چىرىپ سۇنۇپ كېتىش ئەھۋاللار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. رېمونت قىلىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش، لايىھەلەش، راسخوت تەلەپ قىلىش، ماتېرىيال تەييارلاش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋاقتىدا قوغداش ئۈچۈن رېمونت قىلىشتىن بۇرۇن قۇتقۇزۇۋېلىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ، ۋاقىتلىق يۆلەپ تۇرغۇزۇش ياكى چۈۋۈپ ئېلىپ، قۇرۇلمىلىرىنى ساقلاپ قويۇشقا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرت ۋە باشقا زىيانداشلارنىڭ داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ۋاقىتلىق تۈۋرۈك قويۇپ تىرەپ تۇرغۇزۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن لىم ۋە جەگىلەرنى سۇندۇرغان ئېغىرلىق بېسىم كۈچلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى تەھلىل قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەڭ ئاددىيسى ئېگىلگەن يۆنىلىشكە قارىمۇ قارشى تۈۋرۈك قويۇپ تىرەپ تۇرغۇزۇش، ئېگىلگەن يۆنىلىشى يانتۇ يۆنىلىشتە بولسا تۈۋرۈككە قويۇلغان دىيەك تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىشى، ئەگەر ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ياكى بىر قىسمى پۈتۈنلەي قىڭغايغان بولسا قويۇلغان دىيەك تۈۋرۈكلەرنىڭ سانى كۆپرەك بولۇشى لازىم. چوڭ لىم ئېگىلگەن بولسا، دىيەك تۈۋرۈك ئېگىلىش دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان ئورۇنغا قويۇلۇشى، نەچچە ئورۇن ئېگىل-

گەن بولسا شۇنچە دىيەك قويۇلۇشى لازىم. دىيەك تۈۋرۈك قويۇش-تىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئومۇمىي ئېغىرلىق ئېگىلىش كۈچىنى ھېسابلاپ چىقىش، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئېگىزلىكى 4 ~ 5 مېتىر بولغاندا دىيامېتىرى 20 ~ 30 سانتىمېتىر بولغان دىيەك تۈۋ-رۈك قويۇلۇشى لازىم. تۈۋرۈك ئاستى چىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسا، ئەسلىدىكى تۈۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە لىمنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان دىيەك تۈۋرۈك قويۇپ تىرەپ تۇرغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرۇنقى ياغاچ تۈۋرۈكنى ئەسلىي ئورنىدا ساقلاپ قېلىش لازىم.

كۆپ ساندىكى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان ئىسلام ئى-مارەتلىرى ھازىرمۇ ئىسلام پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئام-مىۋى ئورۇنلار بولۇپ، قوغداش خاراكتېرىدىكى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا پۈتۈن ئىمارەتلەرنىڭ تاشقى مۇھەت گۈزەللىكى ۋە كۆندىلىك ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈز-مەسلىكى، ۋاقىتلىق قوغداش تەدبىرلىرىمۇ ئىمارەتلەرنىڭ بىخە-تەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى، ۋاقىتلىق دىيەك تۈۋرۈكلەرنىڭ شەكلى ئىمارەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ شەكىل كۆرۈنۈ-شى بىلەن بىردەك بولۇشى لازىم.

**2) يېرىلغان تۈۋرۈكلەرنى مۇستەھكەملەش:**

تۈۋرۈك — ئىمارەتلەرنىڭ بارلىق لىم، جەگىلىرى ئاستىدىكى قۇرۇلما. ئۇ يالغۇز ئىمارەتنىڭ پۈتۈن قۇرۇلما ۋە ئۆگزىسىنى كۆ-تۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزۇن ۋاقىت رېمونت قىلىنمىغانلىق-تىن، ھاۋا ئۆتۈشمەي، نەملىشىپ، ئىسسىق - سوغۇق تەسىرىدىن يېرىلىپ، سېسىپ، ئولتۇرۇشۇپ، ئېگىلىپ كېتىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تۈۋرۈكلەرنىڭ يېرىلىشى ئاساسەن ياغاچ ماتې-رىياللىرى قۇرۇش جەريانىدا ھاۋانىڭ ئىسسىق - سوغۇق ئۆزگىرى-شىگە ئۇچراپ ھاسىل بولغان. ئەگەر يېرىقنىڭ كەڭلىكى 5 مىللى-

www.uyghurkitap.com



مېتىردىن ئېشىپ كەتمىسە، ئالدى بىلەن يېرىقنىڭ ئىچىنى پاكىز تازىلاپ، زاماسكا ئۇرۇپ تولدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسراش ئۈچۈن ئىككى قېتىم سىرلاپ قويساق داۋاملىق يېرىلىش-ىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يېرىق 5 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتسە يېرىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياغاچنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىـ-دىن ئىككى قېتىم سىرلاپ قويساق بولىدۇ. يەملىگەندىن كېيىن تۈۋرۈكنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى لازىم.

**3) سېسىغان تۈۋرۈكلەرنى ئۇلاش ۋە يەملەپ مۇستەھكەملەش:**

كۆپ ساندىكى چەتتىكى تۈۋرۈكلەر تام ئىچىدە قالغانلىقى ياكى ئاستى نەملىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلا سېسىپ كېتىدۇ. سىرتى سېسىپ تۈۋرۈك ئىچى ساق بولسا، تۈۋرۈك دىيامېتىرىنىڭ 1/ دىن ئېشىپ كەتمىسە، سېسىپ كەتكەن قىسمىنى ئېلىۋېتىپ، ئاماپ مۇستەھكەملەش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. ئالدى بىلەن سې-سىپ كەتكەن قىسمىنى قىرىپ ئېلىۋېتىپ، قۇرۇق ياغاچ بىلەن ەسلىگە ئوخشاش قىلىپ يامايمىز. زۇرۇر تېپىلغان ئىككى يېرد-ىن ياپىلاق تۆمۈر بىلەن مۇستەھكەم قاماق سېلىپ قويساق بولـ-ۇ. سېسىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولغاندا، سېسىپ كېتىش ەھۋالىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىگە قاراپ ياغاچ بىلەن ئۇلاش ياكى ىلىم قۇيۇپ مۇستەھكەملەش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز.

1. ياغاچ بىلەن ئۇلاش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن سېسىپ كەتكەن سىمىنى قىرىپ ئېلىۋېتىپ، تۈۋرۈكنىڭ قېپقالغان قىسمىنىڭ ەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تۈۋرۈكنىڭ ئۇلايدىغان شەكلىنى ياساپ ىقىپ (ئىلاجى بار بۇرۇنقى قۇرۇلمىنى كۆپرەك قالدۇرۇش پە-ىسىپ قىلىنىدۇ)، تۈۋرۈكنىڭ ئەسلىي قىسمى بىلەن ئۇلىغان ىتتا يېرىقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، يېلىم بىلەن مۇستەھكەم يەم-گەندىن كېيىن ياپىلاق تۆمۈر بىلەن قاماق سالىمىز. ئېنىق كۆ-ۈپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكلەرگە قاماق سالغان ۋاقىتتا، قاماق سالد-

دىغان ئورۇنىنى ئويۇپ، تۈۋرۈك يۈزى بىلەن تەكشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، سىرتقا چىقىپ قالماسلىقى لازىم.

2. سىپسىغان تۈۋرۈكلەرنى يېڭىلىم قويۇپ مۇستەھكەملەش: ياغاچ تۈۋرۈكلەر ياسىغان ۋاقتىدا ماتېرىيالنىڭ ياخشى تاللانمىغانلىقى ياكى قۇرت يېگەنلىكى ئۈچۈن سىرتتىن قارىساق، ئىچى سىپسىپ قۇرۇقدىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرسە، يۇقىرى مولېكۇلالىق ماتېرىياللارنى قويۇپ يەملەپ مۇستەھكەملەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئالدى بىلەن يېڭىلىم قويۇپ مۇستەھكەملىمەكچى بولغان تۈۋرۈكنىڭ ئەتراپىغا دىيەك قويۇپ، تۈۋرۈككە چۈشىدىغان بېسىمنى ئازلاتقاندىن كېيىن تۈۋرۈكنىڭ بىر يۈزىدىن ئاستىنقى يۈزىگە قەدەر 10 ~ 15 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئويۇپ ئېلىپ، تۈۋرۈكنىڭ ئىچىدىكى سىپسىپ كەتكەن قىسمىنى پاكىز تازىلايمىز. تۈۋرۈك ئىچىدە ھېچقانداق ئۇششاق ئۇۋاقمۇ قالدۇرۇلمايدۇ. تۈۋرۈك ئەتراپىدىن سۇيۇق يېڭىلىم ئېقىپ كېتىدىغان بىرمۇ يېرىق ياكى تۆشۈك قالدۇرۇلماي، ئېپوكس زاماسكا بىلەن ئېتىپ تاشلايمىز. ئاندىن كېيىن سۇيۇقلاندۇرۇلغان يېڭىلىمنى ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ قۇيىمىز. ئاستى تەرەپكە قۇيۇپ تولدۇرغاندىن كېيىن ئۈستى قىسمىغا قۇيۇپ، پۈتۈن بوشلۇقنى تولدۇرىمىز. دەسلەپ قۇيغان ئېپوكسى سىمولاسى قېتىشقاندىن كېيىن يەنە تولغۇچە قۇيىمىز. ئەڭ ئاخىردا يېڭىلىم قۇيغان تۈۋرۈكنىڭ سىرتىنى پاكىز تازىلاپ، ئىككى قېتىم سىرلاپ، مۇھاپىزەت قىلساق بولىدۇ.

**4) تۈۋرۈكنى ئالماشتۇرۇش:**

تۈۋرۈك ئېغىر ھالدا سىپسىپ ياكى ئېگىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئۇلاش ياكى يەملەش ئارقىلىق مۇستەھكەملەشكە مۇمكىن بولمىسا، ئەسلىدىكى شەكلى ۋە ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئالماشتۇرۇش، ئالماشتۇرغان ۋاقتىدا تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. قەدىمكى ئىمارەتلەر ئۇزۇن ۋاقىت

www.uyghurkitap.com



رېمونت قىلىنمىغاچقا، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاستى ئېغىر ھالدا سېسىپ، بىر يۈرۈش ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەكشى بولماسلىقتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېسىپ كەتكەن تۈۋرۈكلەرنى ئالماشتۇرۇش ياكى ئۇلاش ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش ياكى ئۇلاشقا تېگىشلىك تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى ئەسلىدىكى تۈۋرۈك ئېگىزلىكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى لازىم.

تۈۋرۈك ئالماشتۇرۇش ۋاقتىدا ئالدى بىلەن ئالماشتۇرماقچى بولغان تۈۋرۈك ئىمارەتنى دەسلەپ ياسىغان ۋاقىتتىكى تۈۋرۈك ياكى ئەمەسلىكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ئەگەر ئەڭ دەسلەپكى تۈۋرۈك بولسا ئەسلىدىكى ئۆلچەملىرى بويىچە قايتا ياساپ ئالماشتۇرۇش، ئەگەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئالماشتۇرغان، شەكلى ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى بىلەن ئوخشاش بولمىسا، ئەلۋەتتە ئەسلىدىكى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئالماشتۇرۇش، ئۇنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش لازىم. تۈۋرۈك ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ماتېرىيالى بىلەن ئوخشاش بولغان قۇرۇق ياغاچتا ياساپ ئالماشتۇرۇش، ئەگەر ھۆل ياغاچ بولسا ئالدى بىلەن قۇرۇتقاندىن كېيىن ياساپ ئالماشتۇرۇش لازىم.

تۈۋرۈك ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكى لىملارنى تىرەك قويۇپ كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئالماشتۇرىدىغان تۈۋرۈككە چۈشىدىغان بېسىمنى تۈگىتىپ، ئاندىن تۈۋرۈك ئاستىدىكى ئۇل تېشىنى كولاپ ئېلىۋېتىپ، ئالماشتۇرماقچى بولغان تۈۋرۈكنى ئېلىۋېتىپ، يېڭى ياسىغان تۈۋرۈكنى كونا تۈۋرۈكنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرىمىز. تۈۋرۈكنىڭ ئۇلى كولاپ بۇزۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئورنىتىلغاندىن كېيىن لىم ئاستىدىكى تىرەكنى ئېلىۋېتىمىز. بۇ خىل تۈۋرۈك ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىمارەتنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمەي، ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

**5) ئېگىلگەن ۋە يېرىلغان لىملارنى رېمونت قىلىش:**

لىم — ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم قۇرۇلما. مېخانىكا ئىلمى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، لىمنىڭ ئۈستى تەرىپى بېسىم كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاستى تەرىپى تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئاسان ئېگىلىدىغان قۇرۇلمىغا مەنسۇپ. ئۆگزىنىڭ بېسىمى چوڭ ياكى ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، ئۆگزىدىن يامغۇر ئۆتۈپ لىملار سېسىيدىغان، يېرىلىپ ئېگىلىدىغان ۋە ئاستى تەرىپى سۇنىدىغان ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. يېرىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئەگەر لىمنىڭ يېرىلغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى پۈتۈن لىم ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمىسە، چوڭقۇرلۇقى لىم كەسمىسىنىڭ 1/4 دىن ئېشىپ كەتمىسە، ئادەتتە ياپىلاق تۆمۈر بىلەن ئىككى - ئۈچ يەرگە قاماق سېلىپ، يېرىقنىڭ ئۈزۈكسىز داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا بولىدۇ. يېرىقنىڭ كەڭلىكى يېرىم سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتسە، ئالدى بىلەن ياغاچ سېلىپ يەملەپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ياپىلاق تۆمۈر بىلەن قاماق سالىمىز. تۆمۈر قاماقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى چوڭ لىمنىڭ كەسمە يۈزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە بېسىم كۈچىگە ئۇچراش ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئەگەر لىمنىڭ يېرىلغان ئۇزۇنلۇقى، چوڭقۇرلۇقى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ سېسىمىغان ياكى سۇنۇپ كەتمىگەن بولسا، تۆمۈر قاماق سېلىشتىن بۇرۇن يېرىق ئىچىگە يېلىم قۇيۇپ مۇستەھكەملەش لازىم.

لىمنىڭ ئېگىلىشىنى ئادەتتە ئېگىلگەن لىمنى قارىمۇقارشى بېسىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تۈزلەيمىز. ئەگەر لىم بەك كېتىپ سېسىمىغان بولسا، چۈۋۈپ ئالغاندىن كېيىن ئىش ئورنىدا بىر قىلىپ، قارىمۇقارشى ئىككى - ئۈچ ئاي قويۇپ، ئۈستىنى ئېغىر نەرسە بىلەن بېسىپ قويساق ئەسلىگە كېلىپ تۈزلىنىدۇ. ئەگەر تۈز ھالەتكە كەلمىسىمۇ، لىم سېسىپ سۇنۇپ كەتمىگەن بولسا

www.uyghurkitap.com



يېڭى ماتېرىيالغا ئالماشتۇرماستىن، ئېگىلگەن يېرىگە دىيەك قو-يۇپ ئىشلىتىش، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش لازىم.

**6) سېسىغان لىملارنى رېمونت قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش:**

سېسىغان لىملارنى رېمونت قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن مېخانىكا ئىلمى بويىچە ھېسابلاپ كۆرىمىز. ئەگەر ئېغىرلىق كۆ-تۈرۈش جەھەتتە بىخەتەر بولسا رېمونت قىلساق بولىدۇ. لىمنىڭ سېسىغان قىسمىنى پاكىز قىرىپ تاشلاپ، ئەسلىي ماتېرىيال بىلەن شەكلىنى ئوخشاش قىلىپ، مۇستەھكەم ياماپ، بىر - ئىككى يې-رىدىن تۆمۈر قاماق سېلىپ چىڭىتىۋەتسەك بولىدۇ.

لىمنىڭ كۆپ قىسمى سېسىپ كەتكەن، مېخانىكا ئىلمى بىلەن ھېسابلاپ كۆرسەك ئېغىرلىق كۆتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىسا، يېڭى لىم بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەسلىدىكى شەكلى ۋە ئۆلچەم-لىرى بىلەن ياساپ چىقىش، ئەگەر يېڭى كەسكەن ماتېرىيال بولسا قۇرۇتقاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم. كونا لىم بىلەن يېڭى لىمنى كىرىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئەسلىدىكىسىگە ئوخشاش بولۇشى، ئەسلى-دىكى ئورنىغا ئورنىتىشتىن بۇرۇن ئىش ئورنىدا سىناق قىلىپ قۇراشتۇرۇپ كۆرۈشى، قۇراشتۇرۇش قولايلىق ۋە مۇستەھكەم بول-مىغانلىرىنى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلغاندىن كېيىن قۇراشتۇ-رۇش، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ۋە قۇراشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**3. خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىش**

خىش قۇرۇلمىلىق - گۈمبەز تۇرۇسلۇق ئىمارەتلەرنى مۇھاپى-زەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىش — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلام ئىمارەتلىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى. كۆپ ساندىكى خىش قۇرۇلمىلىق - گۈمبەز

تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ ئاستىغا سۇ كىرىپ كېتىپ بوشىشىپ
كېتىش، ئۇزۇن ۋاقىت رېمونت قىلىنماسلىق سەۋەبىدىن ماتېرى-
ياللىرى كونىراپ، بوران ۋە يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن ئۇلى ئولتۇ-
رۇشۇپ، تاملىرى، گۈمبەز تورۇسلىرى يېرىلىپ، كاھىش، گەج
ئويما نەقىشلىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى داۋاملىق
يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ سويۇلۇپ چۈشۈپ كې-
تىش ئەھۋاللىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ۋاقتىدا رېمونت
قىلىپ مۇستەھكەملىمىسە پۈتۈن ئىمارەتنىڭ قىڭغىيىش - يىقى-
لىش ۋە ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
دەل ۋاقتىدا رېمونت قىلىش - مۇستەھكەملەش لازىم.

**1) ئۇل ئولتۇرۇشۇپ كېتىشنى رېمونت قىلىش:**

ئۇل رېمونت قىلىش — قەدىمكى ئىمارەتلەرنى رېمونت قى-
لىشتىكى مۇھىم خىزمەت. ئۇل بولسا ئىمارەتلەرنىڭ پۈتۈن ئې-
غىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە مۇقىملىقىنى ساقلايدىغان ئى-
مارەت ئاستىدىكى ئاساسلىق ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى قۇرۇلما. ئۇل-
نىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب ئىككى خىل:

1. ياسىغان ۋاقتىدا ئۇلنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغان، قاتتىق
قاڭدالمىغان، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش يۈزى كىچىك بولۇپ، پۈتۈن
قۇرۇلۇشنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن. نەملىك ۋە
سۇدىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ياخشى ئىشلەنمىگەن.

2. ياسالغاندىن كېيىن ئەتراپىغا مۇھىت - شارائىتنىڭ ئۆز-
گىرىشىگە ئاساسەن كۈندىلىك مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتى ياخشى
ئىشلەنمىگەن. ئېتىز - ئېرىقلارنى، گۈل - مېۋىلەرنى سۇغارغان
ۋاقتىدا ئۇلىغا سۇ كىرىپ كېتىپ بوشىشىپ كەتكەن. ئۇلىغا
داۋاملىق سۇ كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلىغا
سۇ كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىنى داۋاملىق
ئىشلەشتىن باشقا، ئادەتتە سۈيۈقلۇق ئۆرۈپ مۇستەھكەملەش ئۇ-

[illegible] قوللىنىمىز. سۈيۇقلۇق ئۇرۇپ مۇستەھكەملەشتە ئىشلى[illegible]تىلىدىغان ماتېرىيال ئىككى خىل:

① سېمونت — ھاك ئارىلاشمىسى بىلەن ئۆلنى مۇستەھكەم[illegible] ئالدى بىلەن مۇستەھكەملىمەكچى بولغان ئۆل دائىرىسىنى [illegible] سىزىۋالىمىز. يۇمشاق قۇم، سېمونت ئارىلاشمىسى بىلەن [illegible]لاندۇرۇلغان ھاكنى ئارىلاشتۇرۇپ، ماشىنا بىلەن بەلگىلىك [illegible] ئارقىلىق مۇستەھكەملىمەكچى بولغان بوشىشىپ [illegible] ئاستىغا ئۇرۇپ كىرگۈزىمىز.

② [illegible]ىلىكاتلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۆلنى مۇس[illegible]: سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئەينەك ناترىي ($NaOHSiO_2$) ھىد[illegible]ىلىكاتلار) بىلەن كالتسىي خلورىد ئېرىتمىسىنى [illegible]ۇقىرى ھاۋا بېسىمى بىلەن بوشىشىپ كەتكەن ئۆلگە ئۇ[illegible] كىرگۈزۈلىدۇ. ھەربىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ [illegible]ۇپ، دىيامېتىرى 60 ~ 80 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا مۇستەھكەملەش دائىرىسى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇرۇپ [illegible] ناترىي ھىدروكسىد سىلىتسىنات بىلەن كالتسىي [illegible] نىسبىتى 2:1 بولىدۇ. ھەربىر تۆشۈككە ئىككىنچى قېتىم [illegible] كىرگۈزگەندە بىرىنچى قېتىمغا قارىغاندا 1/3 ئەتراپىدا ئاز-

[illegible]

**[illegible] گۈمبەز تورۇسنىڭ يېرىقىنى مۇستەھكەملەش:**

[illegible] ۋە خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى — ئا[illegible]ىغىرلىق كۆتۈرگۈچى قۇرۇلما. ئۆتمۈشتە بىناكارلار [illegible] ئىمارەتلەرنى ياسىغان ۋاقىتتا پۈتۈن ئىمارەتنىڭ [illegible]ۇلۇشى ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئا[illegible] كۆزدە تۇتۇپ، ياغاچ تارتما لىم ۋە ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى تام [illegible] قويۇپ ياسىغانلىقى ئۈچۈن زور كۆپچىلىك ئىسلام ئىما[illegible] پۇختا ياسالغان. لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت رېمونت

قىلىنمىغانلىقى ۋە ئۆلىغا سۇ كىرىپ ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن گۈمبەزنىڭ توروس ۋە تاملىرى يېرىلىش، يانتۇ بولۇش، ئۆۋۈلۈش ھادىسىلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

تاملىرى يانتۇ بولۇپ ئۆۋۈلۈش خەۋپى بولسا ۋاقىتىنچە ياغاچ تۈۋرۈك دىيەك قويۇپ قۇتقۇزۇۋېلىش ياكى تامنىڭ ئاستى تەرىپىگە يۆلەك تام ئېتىپ يۆلەپ قويسا بولىدۇ. ئەھۋال ئېغىر بولسا چۇۋۇۋېتىپ ئەسلىي ھالىتى بويىچە قايتا ئېتىش، تامنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى گەج بىلەن سۇۋاپ، ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈش لازىم.

تامنىڭ يېرىقى 0.50 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمىسە، تام يېرىقىنى بويلاپ تۆمۈر بىلەن قاماق سېلىپ مۇستەھكەملەشكە بولىدۇ. يېرىقنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن قاماقنى كۆپ ياكى ئاز سېلىشقا بولىدۇ. تۆمۈر قاماق سېلىشتىن بۇرۇن بىر قەۋەت خىشنى ئېلىۋېتىپ، قاماق سېلىپ بولغاندىن كېيىن خىش بىلەن ئېتىپ، ھاك بىلەن سۇۋاپ، ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇش لازىم. بەزى مۇھىم ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلغاندا تامنىڭ يېرىقىغا ئېپوكسى سىمولاسى قۇيۇپ يەملەش لازىم. شۇنداق قىلغاندا يېرىقنىڭ ئۈزۈكسىز كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

گۈمبەز توروستىكى يېرىقلارنى مۇستەھكەملەش بىلەن تاملاردىكى يېرىقلارنى مۇستەھكەملەش ئوخشاپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. گۈمبەز توروسنىڭ يېرىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ــ ئۇلى ئولتۇرۇشۇش، يەر تەۋرەشتىن باشقا يەنە ئاساسلىقى ماتېرىيال كونىراپ، گۈمبەز توروسنىڭ ئۆز ئېغىرلىقىدىن ھاسىل بولغان سىرتقا ئىتتىرىش كۈچىنىڭ خىش قۇرۇلمىلارنىڭ ئىتتىرىشكە قارشى كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ھاسىل بولغان. گۈمبەز توروسلىرىدىكى يېرىقنى رېمونت قىلغاندا ئالدى بىلەن خىش قۇرۇلمىلارنىڭ ئىتتىرىشكە قارشى تارتىش

www.uyghurkitap.com



ۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللى ـ
ىش، يېرىقلارغا بەلگىلىك هاۋا بېسىمى ئارقىلىق يېلىم ئۇرۇپ
امنى مۇستەهكەملەش، ئاندىن كېيىن گۇمبەز ئىچى ۋە سىرتىدىن
ۈچ قىرلىق پولات بىلەن ئايلانما لىم قويۇپ، تارتما لىم بىلەن
ۇستەهكەملەش، پۈتۈن تامنىڭ تارتىشقا قارشى كۈچىنى ئاشۇ ـ
ۇش، تۈيۈقسىز ئۆرۈلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئەڭ
اخىردا ئەسلىي ياسىغان ۋاقىتىدىكى كونا ماتېرىيال بىلەن ئەسلى ـ
ە كەلتۈرۈش لازىم. ئەگەر گۇمبەز تورۇسىنىڭ دىيامېتىرى چوڭ
ولۇپ، ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى چوڭ بولسا، يۇقىرىقى ئۇسۇل بى ـ
ەن مۇستەهكەملەشكە مۇمكىن بولمىسا، گۇمبەز تورۇسىنى چۇ ـ
ۇپ ئېلىۋېتىپ، ئەسلىدىكى ماتېرىيال بىلەن قايتا ياساش، قايتا
سىغان ۋاقتىدا تام ئارىسىغا پولات چىۋىق ئېلىپ، ئۇنىڭ تارتىش ـ
ا قارشى كۈچىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.

4. نەقىش ـ بېزەكلەرنى رېمونت قىلىش

ئىسلام ئىمارەتلىرى نەقىش ـ بېزەكلىرىنىڭ مەزمۇنى مول،
ەكلى هەر خىل بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرىيالى ۋە هۈنەر ـ سەن ـ
ەت ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن ياغاچ ئويما نەقىش، گەج ئويما نە ـ
ش، خىش تىزما نەقىش، گۈللۈك خىش، كاهىش، رەڭلىك سىز ـ
ا نەقىش قاتارلىق ئون نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ياغاچ قۇرۇلما ئى ـ
ارەتلەردە ياغاچ ئويما نەقىش ۋە رەڭلىك سىزما نەقىش كۆپ ئىش ـ
تىلگەن. خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە گەج ئويما نەقىش،
ۈللۈك خىش، خىش تىزما نەقىش، كاهىش ئاساس قىلىنىدۇ.
ش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئو ـ
ۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلما جەهەتتىكى ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن
انلىق بىر تەرەپ قىلىنىغان. چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئى ـ
ك ـ دېرىزە، مېهراب، تەكچە، تۈۋرۈك، هاراق، جەگە، چاسا خا
رۇس، توغلۇك قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان ئورۇنلىرى ـ

نىڭ نەقىش ــ بېزەكلىرى نىسبەتەن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆركەم ۋە نەپىس ئىشلەنگەن.

ئىسلام ئىمارەتلىرى ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان قايتا ــ قايتا رېمونت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھەر قېتىم رېمونت قىلىنغاندا نەقىش ــ بېزەكلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۆپەيتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن رېمونت قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەڭ دەسلەپكى نەقىش ــ بېزەك، رەڭ، ياساش تېخنىكىسى ۋە ئىشلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تېپىپ چىقىپ، ئەسلىي شەكلى بولغانلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ چىقىش، ئەسلىي شەكلى بولمىغانلىرىنى ھازىرقى ھالىتى بويىچە مۇستەھكەملەپ، ئۈزۈكسىز بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**1) ئىشىك، دېرىزە، چاسا خا تورۇسلارنى رېمونت قىلىش:**

ئىشىك، دېرىزە، چاسا خا تورۇس قاتارلىقلار ئىمارەتلەرنىڭ نەقىش ــ بېزەكلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ياغاچ ماتېرىياللاردىن سىرلىقلاپ ئىشلەنگەن پۈتۈن قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئېغىرلىق كۆتۈرمەيدۇ. ياغاچچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتىن ئالغاندا ياغاچچىلىق، نەققاشلىق، رەسسامچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن. نەقىش ــ بېزەك ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر كۆچلۈك بولۇپ، بىر يۈرۈش بىنا ــ كارچىلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

(1) ئىشىكنى رېمونت قىلىش: ئىشىك ئاساسىي جەھەتتىن شال ئىشىك ۋە توقۇما ئىشىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شال ئىشىكنىڭ قاناتلىرى قېلىن تاختاينى قاتار مىخلاپ ــ يەملەپ جىپسىلاشتۇرۇپ ياسالغان بولۇپ، ئارقا تەرىپىگە ياغاچ مىخلاپ مۇستەھكەم تۇتاشتۇرۇلغان. بەزى شال ئىشىكلەر ياسالغان ۋاقتىدا ياغاچ تاختاي ياخشى قۇرۇمىغاچقا، قۇرۇغاندىن كېيىن قىسقىرىپ يېرىلىپ كېتىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. يېرىق كىچىك بولسا ياغاچنى ئۇزۇن ــ نېپىز تىلىپ، يېرىققا كىرگۈزۈپ يەملەپ، زاماسكا ئۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىككى قېتىم سىرلاپ قويساق بولىدۇ. يېرىق چوڭ بولسا، شال ئېشىكنى قايتا ياساپ، پۇختا يەملىگەندىن كېيىن، ئارقا تەرىپىنى ياغاچ بىلەن مىخلاپ چىڭىتىپ قويساق بولىدۇ. توقۇما ئىشىكلەر ئۇزۇن يىل ئۆتكەنسېرى ئېچىلىپ - يېپىلىپ، كۆپ ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىشىك جازىسى ئاجراپ، تۇرۇملىرى بوشاپ كېتىپ، شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. رېمونت قىلىش ۋاقتىدا ئىشىك قاناتلىرىنى سۆكۈپ ئېلىپ، ئۆلچەم بويىچە چاسلاپ تۈزلىگەندىن كېيىن تۇتاشتۇرۇلغان يېرىقلىرىغا يېلىم ئۇرۇپ، مۇستەھكەم يەملەپ، ئىشىكنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يېرىق ئورنىنى ياپىلاق تۆمۈر تارتىپ مىخلاپ مۇستەھكەملەيمىز. ئەگەر ئىشىكنىڭ ياغاچ گىرەچىسى ئۇزۇل - كېسىل چىرىپ كەتكەن بولسا ئالماشتۇرۇش لازىم. ئالماشتۇرغاندا ئەسلىي ھالىتى بويىچە ياساپ قايتا قۇراشتۇرۇش، ئارقا قىسمىنى مىخلاپ مۇستەھكەملەش لازىم.

(2) دېرىزىسىنى رېمونت قىلىش: ئۆتمۈشتە ئىسلام ئىمارەتلىرىنى ياسىغان ۋاقىتتا دېرىزىسىگە ياغاچ پەنجىرە ئورناتقان، ئەينەك سالمىغان. ياغاچ پەنجىرىلەرنىڭ نۇسخىسى ناھايىتى كۆپ. ئاددىي تۈز پەنجىرىدىن تارتىپ مۇرەككەپ ياسالغان نەقىش - گۈللۈك پەنجىرىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولۇپ، پەنجىرىلەر ئىنچىكە، چېتىش نۇقتىلىرى كۆپ، قۇراشتۇرۇلۇشى ئاجىز، ئادەملەرنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا دائىم ئۇچراپ بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر رېمونت قىلىنمىسا پەنجىرىلىرىنىڭ ھەممىسى سۇنۇپ، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

دېرىزە - پەنجىرىلەرنى رېمونت قىلغان ۋاقىتتا، ئەگەر مەلۇم قىسمى سۇنۇپ كەتكەن بولسا، قانچىلىك بۇزۇلغان بولسا شۇنچىلىك رېمونت قىلىش، پىرىنسىپ جەھەتتە پۈتۈن دېرىزىنى قايتا ياساشقا بولمايدۇ. پەنجىرە نۇسخىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ياساپ قۇراشتۇرۇپ سىناپ كۆرۈش، چېتىقلىرى مۇستەھكەم ۋە تۈز بول-

غان ـ بولمىغانلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن كونا پەنجىرە بىلەن مۇستەھكەم يەملەپ چېتىش، قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قېتىم سىرلاش لازىم.

گۈل نۇسخىلىرى مۇرەككەپ بولغان پەنجىرىلەرنى رېمونت قىلغان ۋاقىتتا كونا پەنجىرىلەرنى چۇۋۇپ ئېلىپ، تۆت ئەتراپىدىكى جازىسىنى بوشىتىپ، پەنجىرىلەرنى قايتا قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جازىسى ئىچىگە قاچىلاش لازىم. بۇ خىل ئۇسۇل بىر ئاز ئاۋارىچىلىك بولسىمۇ، لېكىن سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

(3) چاسا خا تورۇسلارنى رېمونت قىلىش: چاسا خا گۈللۈك تورۇس ئاساسەن پۈتۈن تورۇس ئىچىدە ئوتتۇرىسىغا ياكى كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قۇرۇلمىسى تۆت چاسا لىم ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ئىچىدە ياغاچ بىلەن ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا چېتىشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئۇزۇنچاق كاتەكچىلەرنى ھاسىل قىلىپ، كاتەكچىلەر ئىچىگە رەڭلىك نەقىش سىزىلىدۇ. نەقىشلەرنىڭ نۇسخىلىرى ئىنتايىن مول.

ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋرۈك ۋە لىملىرى ئۆزگىرىش ھاسىل بولمىغان ۋاقىتتا چاسا خا تورۇس نىسبەتەن مۇستەھكەم تۇرىدۇ. لېكىن ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىسا بەزى ۋاقىتتا ئوتتۇرىسى ساڭگىلاپ يېرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. رېمونت قىلىش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ساڭگىلاپ چۇۋۇلۇپ كەتكەن، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ياغاچ تاختىلارنى ئېلىۋېتىپ، ئەسلىي ئۆلچىمى بويىچە ئالماشتۇرۇپ، ئەسلىي شەكلى بويىچە ياساپ، ئۇزۇنچاق، چاسا كاتەكچىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز.

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقىدا چاسا خا تورۇسلارنىڭ شەكلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ھەر خىل. بەزى چاسا خا تورۇسلار ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، تۆت چاسا تورۇس ئىچىدە جەگىلەرنى °45 ۋە °90 لۇق قاتمۇقات بوشلۇق ھاسىل قىلىش

ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بەزىلىرى ئىككى، ئۈچ، تۆت قەۋەت بولۇپ، تۈز تورۇسلۇق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسالغان. چاسا خا تورۇس ئىچىگە گۈزەل ۋە رەڭلىك نەقىشلەر سىزىلغان ۋە ئويۇلغان. ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

چاسا خا تورۇسلار ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدىن باشقا ئېغىرلىق كۆتۈرمىگەچكە ئادەتتە بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغاچقا تۈۋرۈكلىرى ئولتۇرۇشۇش، لىملىرى يېرىلىش، سۇنۇش، چېتىشمىلار ئاجراش تۈپەيلىدىن چاسا خا تورۇسلارمۇ يېرىلىش، ئاجراپ كېتىش، رەڭلىرى ئۆچۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بوشاش، ئاجراپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرسە ياپىلاق تۆمۈر بىلەن چېتىپ قاماق سېلىپ، تۆت ئەتراپىدىكى لىمغا چېتىپ قويساق بولىدۇ. ئەگەر يېرىق چوڭ بولسا چۈۋۈپ ئېلىپ قايتا ياساپ، ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە بولىدۇ. چاسا خا تورۇسلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشمەيدۇ، ئادەتتە رەڭگى ئاسانلىقچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىپ، قايتىدىن رەڭ بېرىشكە توغرا كەلسە چوقۇم ئەسلىي ياسىغان ۋاقىتتىكى دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش، ھەرگىزمۇ ئەسلىدىكى رەڭگى ۋە نەقىش نۇسخىلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم.

**2) كاھىش ۋە گەج ئويما نەقىشلەرنى رېمونت قىلىش:**

كاھىش ۋە ئىمارەتلەرنى زىننەتلەش شىنجاڭدا ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇددا دىنى تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كاھىش ۋە گەج ئويما نەقىش بىلەن ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشتە نام چىقارغان. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن كاھىش ئىشلەش تېخنىكىسى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرى-

ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بەزىلىرى ئىككى، ئۈچ، تۆت قەۋەت بولۇپ، تۈز تورۇسلۇق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسالغان. چاسا ـ خا تورۇس ئىچىگە گۈزەل ۋە رەڭلىك نەقىشلەر سىزىلغان ۋە ئو ـ يۇلغان. ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزى ـ گە خاس سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

چاسا خا تورۇسلار ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدىن باشقا ئېغىرلىق كۆ ـ تۈرمىگەچكە ئادەتتە بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغاچقا تۈۋرۈكلىرى ئولتۇرۇشۇش، لىملىرى يېرىلىش، سۇنۇش، چېتىشمىلار ئاجراش تۈپەيلىدىن چاسا خا تو ـ رۇسلارمۇ يېرىلىش، ئاجراپ كېتىش، رەڭلىرى ئۆچۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بوشاش، ئاجراپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرسە ياپلاق تۆمۈر بىلەن چېتىپ قاماق سېلىپ، تۆت ئەترا ـ پىدىكى لىمغا چېتىپ قويساق بولىدۇ. ئەگەر يېرىق چوڭ بولسا چۇۋۇپ ئېلىپ قايتا ياساپ، ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە بولىدۇ. چاسا خا تورۇسلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشمەيدۇ، ئادەتتە رەڭگى ئاسانلىقچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىپ، قايتىدىن رەڭ بېرىشكە توغرا كەلسە چوقۇم ئەسلىي يا ـ سىغان ۋاقىتتىكى دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش، ھەرگىز ـ مۇ ئەسلىدىكى رەڭگى ۋە نەقىش نۇسخىلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم.

**2) كاھىش ۋە گەج ئويما نەقىشلەرنى رېمونت قىلىش:**

كاھىش ۋە ئىمارەتلەرنى زىننەتلەش شىنجاڭدا ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇددا دىنى تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كاھىش ۋە گەج ئويما نەقىش بىلەن ئى ـ مارەتلەرنى زىننەتلەشتە نام چىقارغان. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن كاھىش ئىشلەش تېخنىكىسى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرى ـ

شىپ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا كاھىش ئىشلەپچىقىرى ئومۇملاشقان.

كاھىش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن سېرىق ئەت تو بىلەن كېسەك قۇيۇپ، ئالدى يۈزىگە ھەر خىل رەڭدىكى ماي بىل نەقىش سىزىلىدۇ. ئاندىن كېيىن كاھىش خۇمدانلىرىدا ياغ قالاپ، كېچە - كۈندۈز پىشۇرۇلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ك ھىشىنىڭ رەڭگى ۋە نەقىشلىرى ناھايىتى مول، رەڭلىرى ئاق، س رىق، كۆك، كەرشىنىۋاي قاتارلىقلار بولۇپ، ئۆلچەملىرى بى خىل، چىرايلىق ۋە پۇختا ياسالغان. ھازىرغا قەدەر رەڭگى ئۆزگە مىگەن، كۆركەم ۋە مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان كۆ ساندىكى ئىسلام ئىمارەتلىرى ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنمىغاچق كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا دائى ئۇچراپ تۇرغاچقا (بەزىلىرى ياسالغان ۋاقىتىدا تېخنىكا جەھەتت ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقتىن) مەلۇم دائىرىدە كاھىشلىر ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىش ۋە كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغ ئۇچراپ ئەھۋاللىرى بىر قەدەر ئېغىر. كاھىشلارنى رېمونت قىلغا ۋاقىتىدا نىسبەتەن ساقلىرىنى ئۆز ئورنىغا قايتا چاپلاپ ئەسلىگ كەلتۈرۈش، ھېچقانداق ئاساس بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يېڭى ك ھىش ياساپ رېمونت قىلىپ، ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەس لىك، ھازىرقى ھالىتىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساس قىلىش، ر مونت قىلىش جەريانىدا تېگىشلىك بولمىغان بۇزغۇنچىلىقنى ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئەگەر ئەسلىدىكى كاھىش نۇسخىلىر ساقلانغان بولسا، مەلۇم قىسمىنى رېمونت قىلىپ تولۇقلاشقا توغ كەلسە، ئەسلىدىكى كاھىشلارغا ئاساسەن يېڭىدىن ياساپ تولۇقلاش قا ۋە ئەسلىي ئورنىغا ئورنىتىشقا بولىدۇ.

گەج — بىر خىل تېز قاتىدىغان چاپلاش ماتېرىيالى. بولۇپم نىسبەتەن قۇرغاق بولغان ھاۋا شارائىتىدا شورلاشمايدىغان ۋە پار

چىلانمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. مۇۋاپىق پىششىقلانسا ۋە ئۇنىڭ ئۇنىۇ-
سىنى ئۆستۈرىدىغان يەملىگۈچى ماتېرىياللار قوشۇلسا ئۇنىڭ يۇ-
قىرى بېسىمغا ۋە يېرىلىشقا چىداش قابىلىيىتىنى، تارتىشقا قار-
شى فىزىكىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ (تەجرىبىلەر شۇنى
ئىسپاتلىدىكى، گەج ئارىسىغا ئۇنۇمنى ئۆستۈرىدىغان يەملىگۈچى
ياكى قاتۇرغۇچى ماتېرىياللار مۇۋاپىق قوشۇلسا ئۇنىڭ قاتتىقلىقى
100 - نومۇرلۇق قۇم - سېمونت ئارىلاشمىسىنىڭ قاتتىقلىق دە-
رىجىسىگە يېتەلەيدۇ).

قەدىمكى زاماندا گەجنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى
ئىگىلىگەچكە گەج بىلەن نەقىش - گۈل ئويۇش، كاھىش چاپلاش
ۋە ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ دەرۋازا، پەشتاق، تام، مېھراب، تەكچە،
قەبرە قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان ئورۇنلىرىنى زىننەتلەش
قاتارلىق جەھەتتە مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان ۋە نىسبەتەن ئىلى-
غار بولغان رېمونت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىگەن.

گەج ئويما نەقىش ۋە كاھىشنى دائىملىق ئاسراش ۋە رېمونت
قىلىش جەريانىدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە دىققەت قى-
لىش لازىم:

(1) ئالدى بىلەن گەج ئويما نەقىش ۋە گەج بىلەن كاھىش
چاپلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسىنى ياخشى
ئىگىلەش لازىم. ساپ گەج پارچىسىدىن ئويۇلغان گەج ئويما نەقى-
شىنىڭ دەسلەپكى قېتىش ۋاقتى 5 مىنۇت، ئەڭ ئاخىرقى قېتىش
ۋاقتى 8 مىنۇت بولۇپ، مەيلى گەج ئويما نەقىش ۋە گەج بىلەن
كاھىش چاپلاشتا بولسۇن، بىر قېتىملىق بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئى-
چىدە بارلىق ئىش تەرتىپىنى ئورۇنلاپ بولۇش لازىم. گەجگە قان-
چىلىك سۇ قېتىش ئۇنىڭ چاپلاش ئۇنۇمىگە، قېتىش ۋاقتىغا ۋە
چاپلاش ماتېرىياللىرىنىڭ فىزىكىلىق رولىغا بىۋاسىتە تەسىر
كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سۇ كۆپ قوشۇلسا گەجنىڭ سۇيۇقلۇقى قىسقا
مۇددەت ئىچىدە قاتقاندىن كېيىن قېتىشما ئىچىدە كۆپ تۆشۈكچى-
لەرنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتى-

# شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەھەر بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

شىنجاڭ ــ زېمىنى كەڭ، يەرلىرى مۇنبەت، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە رايون. بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىپايان مۇنبەت زېمىندا جاپالىق ئەمگەك ۋە مېهنەت سىڭدۈرۈپ مول ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتتى. بىناكارلىق سەنئىتى بولسا ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتى دۆلىتىمىز بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراس. ئۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيەسى، دىنىي ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم ـ تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى ئىمارەتلەرنى پىلانلاش ۋە گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناهايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

* * *

شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتى ناهايىتى ئۇزۇن تارىختا ئىگە. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ

رىجىي تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلاردا بىناكارلىق توغرىسىدا دەسلەپكى ئۇقۇم پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بىر ئېغىزلىق ئۆيلەرنى ياساپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بىر ئېغىزلىق ئۆيلەر بىر ئائىلىنى ئاساس قىلغان كۆپ ئېغىزلىق ئۆيلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. بىر ئائىلىنى ئاساس قىلىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش نەتىجىسىدە يېزا - كەنتلەر شەكىللەنگەن. قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، قۇلدارلارنىڭ ئوردا - سارايلىرىنى ئاساس قىلغان شەھەرلەر ۋە شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا - ئالاقە، ھەربىي مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئۆتەڭ ۋە تۇرالار كەڭ كۆلەمدە ياسالغان. فېئوداللىق جەمئىيەتتە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا دۇكانلىرى ۋە دىنىي ئىبادەتخانىلارنىڭ ياسىلىشى شەھەر بىناكارلىقىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان. بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، لاما دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئىبادەتخانا ۋە مازار بىناكارلىقى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش بېزەكلىرى جەھەتتە ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتى مەيدانغا كەلگەن.

شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئومۇملاشقان سەنئەت بايلىقى بولۇپ، ئويمىچىلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، كاھىشچىلىق بولسا ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىنسانلاردا ئالدى بىلەن ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى توغرىسىدا ئىلمىي كۆزقاراش پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىنىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن نەقىش قويۇپ، رەسىم سىزىپ، ئىمارەتلەرنى بېزەش، ئۆي ئىچىنى زىننەتلەش، ئەتراپىغا

www.uyghurkitap.com



باغچا ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى مەنزىرە ياساپ، سىرتقى مۇھـ
شارائىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئادىتى بارلىققا كەلگەن. سىنىپىـ
جەمئىيەتتە قولدارلار ۋە خان ـ پادىشاھلار ئوردا ـ سارايلىرىنى
ئىبادەتخانا، مازارلارنى رەسىم سىزىپ، نەقىش ئويۇپ، ھەيكەل قـ
تۇرۇپ، رەڭگارەڭ كاھىشلار بىلەن ھەشەمەتلىك قىلىپ زىـ
نەتلىگەن.

شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا دۆلـ
تىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايىـ
جايلىرىدىكى بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى
ئۆگىنىش ئارقىلىق داۋاملىق بېيىپ بارغان ۋە راۋاجلانغـ
شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە سىرتقى رايونلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتـ
نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇددا دىـ
ئىمارەتلىرى ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىدىن بۇرۇ
تەرەققىي قىلغان قەندھار سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغـ
ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى بۇددا دىنى بىناكارلىق سەنئـ
تىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسلام دـ
نى ئىمارەتلىرى ياسىلىش سەنئىتى جەھەتتە ئىسلام ئەللىرىنىـ
بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يەرـ
لىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولغان ئىسلام دىنى
بىناكارلىق سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. لاما دىنى ئىبادەتخاـ
لىرى ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتە شىزاڭ ۋە ئوتتۇـ
تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى ئىبادەتخانا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەسـ
رىنى قوبۇل قىلغان. بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئۆزئارا ئۆگىنىـ
ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە
مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىـ
ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ـــ ھازىرمۇ ۋارىسلىق قىلىشقا تېـ
گىشلىك ئېسىل ئەنئەنە.

شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھـ

ئۇ خىزمەت قىلىش رولى، ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئەت ئالا-
لىكلىرىگە ئاساسەن شەھەر بىناكارلىقى، ئىبادەتخانا ـ مازار
كارلىقى، ئۆي ـ جاي بىناكارلىقى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈند-
بۇ ماقالىدە شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابى-
تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگە بولغان دەسلەپكى ماتېرىياللارغا
ىمەن، شىنجاڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە
بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدا ئۆز قارى-
ئوتتۇرىغا قويىمەن. «شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەن-
بۇ بىر يېڭى تېما. بىناكارلىققا دائىر تارىخىي يازما خاتىر-
ئاز بولۇپلا قالماستىن، ھازىرغا قەدەر ياخشىراق
قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىلىرىنىڭ دەۋرى ئۇزۇن
بىر ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى
لىكلەردىن ساقلىنىش قىيىن. تارىخشۇناسلىق ۋە بىنا-
تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان
لارنىڭ سەمىمىي ياردەم پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى
قىلىمەن.

## كارلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە يېزا ـ كەنتلەرنىڭ شەكىللىنىشى

ـ ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا
ۋە ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى، بىناكارلىق بولسا
ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ بارغان تاماق ئېتىش، كىيىم تىكىش،
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە
پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.
لوگىيەلىك ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات
رىگە ئاساسلانغاندا، مۇندىن 2 ~ 3 مىليون يىل ئىلگى-
لاردا ئادىمىزات بارلىققا كەلگەن. باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ

دەسلەپكى مەزگىلدە «ئادەملەر ئۆزلىرى ئەڭ بۇرۇن ئورۇنلاشقان جايلىرى ئىسسىق بەلباغ ۋە مۆتىدىل بەلباغدىكى ئورمانلىقلاردا ياشىغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دەرەخ ئۈستىدە ئۆي ياساپ ئولتۇرغان:كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مايمۇنسىمان ئادەملەر؛ قوپال تاش قوراللارنى ياساش ۋە تەبىئىي ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن كوللېكتىپ هالدا ئورمانلىقلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئېدىرلىقلاردىكى تەبىئىي ئۆڭكۈر ۋە بىرقەدەر ئىسسىق تۈزلەڭلىكلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان. ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ قەدىمكى ئادەملەر باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، تۇرمۇش ئېهتىياجىغا ئاساسەن ئۆڭكۈر ئىچىنى رەتلەش، تۈزلەش، تاش پالتىلاردىن پايدىلىنىپ دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ ئۆي ياساپ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە دەسلەپكى قەدەمدىكى بىناكارلىق ئوقۇمى مەيدانغا كەلگەن. تاش قوراللار ۋە سۆڭەك قوراللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىناكارلىق پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. نەتىجىدە سېرىق ئەت توپىلىق ئېدىرلىقلاردا غارلارنى كولاپ ئۆي ياساشنى، دەرەخ شاخلىرىنى قۇراشتۇرۇپ كۇزلەك ۋە ئاددىي قوشام ئۆيلەرنى ياساشنى ئۆگىنىۋالغان. ئىنسانلار ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويۇپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، كوللېكتىپ هالدا چوڭقۇر گەمە ئۆيلەرنى كولاپ، ياغاچتىن چوڭ ئۆيلەرنى ياساپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى چوڭ ئۆيلەرنى ياساپ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش پائالىيىتىنىڭ ئەۋج ئالغان دەۋرى. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىر ئورۇندا ئولتۇراقلىشىپ ماكانلىشىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلاردا تۇرمۇش نىسبەتەن تۇراقلىق بولغاچقا، گەمە شەكىلدىكى ئۆيلەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، يېرىم گەمە

## قەلئە ـ شەھەر بىناكارلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۆتەڭ ـ تۇرالارنىڭ ياسىلىشى

قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى قۇلدارلار ئۆز ئوردا ـ سارايلىرىنى تەبىئىي يەر تۈزۈلۈشى مۇداپىئە قىلىشقا ئەپلىك، مەنزىرىسى گۈزەل، يەرلىرى مۇنبەت بولغان تاغ باغرى ۋە دەريا ياقىسىغا ياسىتىپ، ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلغان. قۇللۇق جەمئىيەتتە سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقنىڭ كۈچىيىشى، قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ۋە ئىقتىسادىي كۆرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى نەتىجىسىدە، قۇلدارلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئوردا ـ سارايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەلئە ۋە قورغانلارنى ياساتتى. بىناكارلىقتا قاڭشاش تېخنىكىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى قەلئە بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇلدارلار ئىگىدارچىلىقىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. قەلئە ئىچىدە قۇلدارلارنىڭ ئوردا ـ سارايلىرىدىن باشقا، سودا ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى، رەستىلەر ياسىلىپ، مەخسۇس بازارلار مەيدانغا كەلدى. نەتىجىدە بۇ قەلئەلەر بارغانسېرى كېڭىيىپ، يالغۇز مۇداپىئە قورغىنىلا ئەمەس، بەلكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سودا بازارلىرى ۋە ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مەركەزگە ئايلاندى ۋە تارىختا «شەھەر» دەپ ئاتالدى. سىرتقى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقە يوللىرىنى قوغداش، قارشى تەرەپنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، شەھەر بىلەن شەھەر، مەركەز بىلەن چېگرا قاراۋۇللۇق قورغانلىرى ئوتتۇرىسىغا بەلگىلىك ئارىلىقتا بىر ـ بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ ئۆتەڭ ياسىلىپ، شەھەر بىناكارلىقىدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى.

يارما تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەن دەۋرىدىلا (مىلا-
دىن بۇرۇنقى 220 - يىلىدىن مىلادىيە 206 - يىلىغىچە)
جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېپىل سوقۇپ، شەھەر ياساش
لاشقان. «غەربىي رايوندا دەسلەپتە 36 شەھەر بار ئىدى، كې-
كۆپىيىپ 55 كە يەتتى». پەقەت شىنجاڭدىلا 20 دىن ئارتۇق
ياسالغان. مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەك-
جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خەن دەۋرد-
شەھەر ۋە سودا قاتناش يوللىرىنى بويلاپ سېلىنغان ئۆ-
تۇرالارنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ سېپىللىد-
سى جەھەتتىن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قاڭداپ ياسال-
سېپىل ئىزلىرى، شەھەر ئىچىدىكى گەمە ۋە يېرىم گەمە
دىكى ئۆيلەر، ئۆتەڭ، تۇر خارابىلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان.
يارغول قەدىمىي شەھىرى يېزا - كەنت ئاساسىدا شەكىللەنگەن
يىلغا يېقىن تارىختا ئىگە قەدىمىي شەھەر. يارغول شەھىرى
ئولنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، تاغ باغرىدىكى سۈيى مول،
ياخشى، يەر شارائىتى گەمە ۋە يېرىم گەمە شەكلىدىكى
ياساشقا ئەپلىك جاي بولغانلىقتىن، باشلانغۇچ جەمئىيەت
ئىنسانلار بۇ يەرگە ئۆڭكۈرلەرنى كولاپ، گەمە ئۆيلەرنى
ئولتۇراقلاشقان. قۇللۇق جەمئىيىتى ۋاقتىدا قۇلدارلار بۇ
ئىگىلەپ ئوردا - ساراي ياساتقان. تەبىئىي شارائىتى
قىلىشقا قولايلىق بولغانلىقتىن، سېپىل سوقمىغان. خەن
كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەر-
ئايلانغان.
ۋە قونالغۇ ھەربىي ئىشلاردا مۇھىم ئورۇن ھېسابلىنىد-
قاتناش يوللىرىنى بويلاپ ياسالغان كىچىك قورغان بولۇپ،
تەڭنىڭ ئوتتۇرىسى ياكى بىر بۇرجىكىگە تاش، توپىدىن
ياسالغان تۆت چاسا ئېگىز مۇنار، تاش ۋە توپىلارنى بىر -
مۇستەھكەم يېپىشتۇرۇش ئۈچۈن ئارىسىغا ياغاچ ۋە دەرەخ

شاخلىرى قويۇلغان. بۇ خىل ياساش ئۇسۇلى بىناكارلىق تېخنىكىسىدىكى بىر ئىجادىيەت بولۇپ، بىر قەدەر ئېگىز ۋە پۇختا شەھەر سېپىلى ۋە تۇرالارنى ياساشتا كەڭ قوللىنىلغان.

## بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە شەھەر بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى

شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە بۇددا دىنى ئىبادەتخانا بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى شەھەر بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. يازما تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى رايونلاردا بۇددا دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاندىكى مائورىيا (maurya) خانىدانلىقىنىڭ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 322 ـ يىلىدىن 185 ـ يىلىغىچە) پادىشاھى ئاشوكا (Axoka) نىڭ ۋاقتىدا خوتەنگە كىرگەنلىكى ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ياسالغانلىقى، خوتەننىڭ «خوستانا» دەپمۇ ئاتالغانلىقى، ئۇنىڭ پادىشاھىنىڭ بۇددىست ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. «لوياڭدىكى ئىبادەتخانىلار خاتىرىسى» دە تەسۋىرلىنىشىچە، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۇڭ يۈن (宋云) خوتەنگە بارغاندا، خوتەنگە بۇددا دىنى كەشمىر (迦湿弥罗)① دۆلىتىدىن بىۋاسىتە كىرگەن. «تىبەت قىسسىسى» دە ئېيتىلىشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇن 1 ـ ئەسىردە خوتەندە زەنمۇ (赞摩) ئىبادەتخانىسى سېلىنغان، كېيىن 7 ئەۋلادقىچە بىرمۇ ئىبادەتخانا سېلىنمىغان. يۇقىرىقى خاتىرىلەر ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت قېزىلما يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، بۇددا دىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنلا شىنجاڭدا تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن. مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

www.uyghurkitap.com



ئەسلىدە دۇنخۇاڭ، چىلىيەنشەن ئەتراپىدا ھاكىمىيەت قۇرغان توخ-
رىلار ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن توخارىستانغا كۆچۈپ بېرىپ
ئۇزۇن ئۆتمەي، تارىختا مەشھۇر بولغان كۇشان دۆلىتىنى قۇرۇپ،
بۇددا دىنىنى قايتىدىن تەرەققىي قىلدۇردى. پادىشاھ كانىسكا
تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا كۇشان خاندانلىقىدا بۇددا دىنى نا-
ھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. بۇددا نوملىرى رەتلەندى ۋە 4 ـ قې-
تىملىق بۇددا دىنى يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، سىرتقى دۆلەتلەرگە
زور تەسىر كۆرسەتتى. ھۇنلار جەنۇبىي ھۇنلار ۋە شىمالىي ھۇنلار-
غا بۆلۈنۈپ، كۈچى ئاجىزلاشتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا
چاڭلارنىڭ قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەر-
بىي رايون بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىشى ئۈزۈلۈپ قالدى. جەنۇ-
بىي شىنجاڭ تەۋەسىدە كىچىك شەھەر بەگلىكلىرى بىرلىشىپ، 6
چوڭ شەھەر دۆلىتى قۇردى ۋە يەكەن پادىشاھى تەرىپىدىن بىر-
لىككە كەلتۈرۈلدى. مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا
قەشقەر پادىشاھى چىنپەن تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بۇددا
قانۇنى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ
رايونلاردا بۇددا دىنى ئومۇملاشتى ۋە بۇددا مۇنارلىرى، بۇددا دىنى
ئىبادەتخانىلىرى، مىڭئۆي غارلىرىنى ئاساس قىلغان بۇددا ئىبا-
دەتخانا بىناكارلىق سەنئىتى تەرەققىي قىلدى. شەھەر ئىچىدە ئې-
لىپ بېرىلىدىغان بۇددا دىنى پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاسا-
سەن، يېڭى شەھەرلەر ياسالدى. يېڭى شەھەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇ-
شى، كۆلىمى، ياسىلىش سەنئىتى جەھەتتە كونا شەھەرلەردىن
چوڭ، رەتلىك بولۇپ، شەھەر بىناكارلىقىدا ئوردا ـ سارايلاردىن
باشقا، دىنىي ئىمارەتلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. فېئودال
ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلار بۇددا دىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلى-
قىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە مۇنارلىرىنى
شەھەرنىڭ مەركىزىي ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەيۋەتلىك يا-
ساتتى. ئوردا ـ سارايلارنى بۇددا ھەيكەللىرى، تام سۈرەتلىرى بى-

لەن سىرلىق ۋە رەڭگارەڭ زىننەتلىدى.

تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 3 ـ ، 4 ـ ئە- سىرلەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى شە- ھەرلەر ياسالغان. «قوچۇدا بۇرۇن سەككىز شەھەر بولۇپ، كېيىن 16 گە يەتكەن»، «ئۇدۇندا 5 چوڭ شەھەر ۋە بىرقانچە ئون كىچىك شەھەر ياسالغان»، «ئوردا شەھەردە خەلق ناھايىتى كۆپ، ئوردا ـ ساراي، رەستىلەر ھەشەمەتلىك ۋە گۈزەل ياسالغان، شەھەر سىرتى تاغ باغرىغا پادىشاھنىڭ داچىسى جايلاشقان، ئەتراپى مېۋىلىك باغ بىلەن ئورالغان. باغ ئىچىگە چىرايلىق بېزەلگەن تۈز تورۇسلۇق ئۆيلەر ياسالغان ۋە چېدىر تىكىلگەن.» ئوردا شەھەردە ئېلىپ بېرى- لىدىغان دىنىي پائالىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرى- لىدىغىنى «بۇت سەيلىسى» بولۇپ، بۇت سەيلىسى ھارپىسىدا شە- ھەر كوچىلىرى ئالىيېشىل پىلاكاتلار بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن ۋە سۇ سېپىپ پاكىز تازىلانغان. بۇت شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن پادىشاھ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان، پۇقرالار يولنىڭ ئىككى تەرە- پىدە تورۇپ داغدۇغا بىلەن قارشى ئالغان. پادىشاھ كېنىزەكلىرى شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىدىكى راۋاققا چىقىپ بۇت سەيلىسىنى تا- ماشا قىلغان.

يارغول شەھىرى بۇددا دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇن ياسالغان ۋە تەرەققىي قىلغان قەدىمىي شەھەر بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ئىما- رەتلەر گەمە ۋە يېرىم گەمە شەكلىدىكى ئۆيلەرنى ئاساس قىلغان ئىدى. بۇددا دىنى تارقالغاندىن كېيىن شەھەر ئوتتۇرىسىغا بۇددا مۇنارى، مۇنار ئارقىسىغا بۇددا ئىبادەتخانىسى ياسالغان، شەھەر بى- ناكارلىقىدا بۇددا دىنى ئىبادەتخانا بىناكارلىقى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن، شەھەر قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن كېيىن يېڭى شەھەرلەردە مۇداپىئە بى- ناكارلىقى تەرەققىي قىلدى. شەھەر ئىچىدە دىنىي پائالىيەتلەر ئازايدى. ئىبادەتخانىلار شەھەر سىرتىغا سىلىندى. تاڭ سۇلالىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غەربىي ئوبلاستنى قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ناھىيە، بازار قاتارلىق مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئورگانلارنى تەسىس قىلغان ۋە مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى شەھەر ۋە قورغانلارنى كېڭەيتىپ ياساتقان. تۇبۇتلەر شىنجاڭنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە بەزى شەھەرلەر ۋەيران بولغان بولسىمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئىدىقۇت كونا شەھىرى بۇددا دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن ياسالغان ۋە تەرەققىي قىلغان قەدىمىي شەھەر. «خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەسلىدە بۇ يەردە كىچىك بىر قەلئە بولۇپ، «ئىدىقۇت قەلئەسى» دەپ ئاتالغان. جىن (晋) سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇت ۋىلايىتى قۇرۇلغان. مىلادىيە 442 - يىلى شىمالىي لياڭ سۇلالىسىدىن بولغان جۈچۈ ۋۇۋېي دۆلەت قۇرۇپ، ئىدىقۇتنى پايتەخت قىلغان. مىلادىيە 460 - يىلى لياڭ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن كەن، جاڭ، ما فامىلىلىكلەر دۆلەت قۇرۇپ پادىشاھ بولغان. مىلادىيە 500 - يىلىدىن 640 - يىلىغىچە چۈ ئەۋلادى (麹氏) ئىدىقۇتقا پادىشاھ بولغان. ئىدىقۇت شەھىرى بىر مەزگىل تەرەققىي قىلغان. مىلادىيە 640 - يىلىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئىدىقۇتتا غەربىي ئوبلاستنى تەسىس قىلغان. 840 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىدىقۇتنى پايتەخت قىلغان. ئىدىقۇت كونا شەھىرىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە شەكىللەنگەن.

ئىدىقۇت كونا شەھىرى ئوردا شەھىرى، ئىچكىرى شەھەر، تاشقىرى شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ قات ياسالغان. تاشقىرى شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى توپا بىلەن قاڭداپ ياسالغان. ئېگىزلىكى 10 مېتىر، سېپىل ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى 8 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىگە ئوردا - ساراي، ئىبادەتخانا، بۇددا مۇنارى، قول ھۈنەر ۋە سودا دۇكانلىرى، رەستىلەر ۋە ئاھالىلەر تۇرار جايى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا كۆلىمىنىڭ زور، سېپىللىرىنىڭ

ھەيۋەتلىك ھەم مۇستەھكەم، ئوردا ـ ساراي ئىبادەتخانىلىرىنىڭ نەپىس ۋە كۆركەم بولۇشى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان. بېشبالىق كونا شەھىرى ئۆز ۋاقتىدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ھەربىي، سىياسىي جەھەتتە مۇھىم شەھەر بولۇپ، تاڭ دەۋرىدىن كېيىن ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە كېڭەيتىپ ياسالغان. بەشبالىق شەھىرى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى قات ياسالغان. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا مۇداپىئە قورغىنى ياسالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىگە ئىچكىرى ـ تاشقىرى تۆت دەرۋازا ئورنىتىلغان، شەھەر سىرتىغا سېپىلنى ئايلاندۇرۇپ خەندەك ياسالغان. شەھەر مۇداپىئە بىناكارلىقى شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن.

## ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە شەھەر بىناكارلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ شەھەر بىناكارلىقى ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئىسلام دىنى قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىناكارلىق ساھەسىدە تېگىشلىك ئىسلاھات ۋە تېخنىكا يېڭىلاش ئېلىپ بېرىلدى ۋە يېڭىدىن شەھەرلەر ياسالدى.

ئىسلام دىنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراخانىيلار خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىدا تارقالدى. 11 ـ ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇملاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل شەھەر بىناكارلىقى بىرلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋاقىتتا تەرەققىي قىلدى. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئىدىقۇت ئۇي-غۇرلىرى داۋاملىق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا مۇنارلىرى، بۇددا ھەيكىلى ۋە سۈرەتلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ئوردا ـ سارايلارنى ئاساس قىلغان شەھەر بى-ناكارلىقى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئەسلىدىكى بۇددا دىنى ئىمارەتلىرىنى ئاساس قىلغان شەھەرلەر خارابىلىقتا ئايلاندى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا قاتارلىق رايونلاردا ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ئاساس قىلغان يېڭى شەھەرلەر ياسالدى. بۇ شە-ھەرلەردىكى ئوردا ـ ساراي، رەستىلەر، ئۆي ـ ئىمارەتلەرمۇ ئىسلام دىنى قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئو-رۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ھەر خىل گېئومېتىرىيەلىك شەكىل ۋە گۈل ـ ئۆسۈملۈكلەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش، رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەندى. قەشقەر شەھىرى ئىسلام دى-نى ئىبادەتخانا بىناكارلىقى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان شەھەر-لەرنىڭ بىرى. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، بىناكارلىق سا-ھەسىدە ئىسلاھات ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان. شە-ھەر ئىچىگە چىرايلىق زىننەتلەنگەن مەسچىت، مەدرىسەلەر، كى-تابخانىلار ياسىلىپ، شەھەر قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش ياسالغان. مىلادىيە 1131 ـ يىلى كىدانلار (قارا خىتايلار) شىنجاڭنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى ئىسلام دىنى بىناكار-لىقى تەرەققىي قىلماي، بىر سەۋىيەدە توختاپ قالغان. مىلادىيە 1218 ـ يىلدىن كېيىن موڭغۇللار شىنجاڭدا ھاكىمىيەت قۇرۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغاچقا، شەھەر بىناكار-لىقىدا سېپىل سوقتۇرۇش ۋە ئوردا ـ ساراي ياساشتىن باشقا چوڭ ئىلگىرىلەش بولمىغان.

14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ـ

تاشقى ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مىلادىيە 1352 ـ يىلى چاغىتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. 1380 ـ يىلدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ئوغلى خىزىر خوجا تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا ئىسلام ئېچىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭدا ئىسلام دىنى سەنئىتى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئوردا ـ ساراي، ئىبادەتخانا، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەر بىناكارلىقى ئومۇملاشتى ۋە تەرەققىي قىلدى.

يەكەن كونا شەھىرى ئۇزۇن ۋاقىتىدا شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى زور، شەھەر بىناكارلىقى تەرەققىي قىلغان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرى بولغان. مىرزى ئابابەكرىخان ۋاقتىدا يەكەن شەھىرى بىر مەزگىل تەرەققىي قىلغان، شەھەر ئىچىگە يېڭىدىن ئوردا ـ ساراي، مەسچىت، مەدرىسەلەر② سالدۇرۇلغان. ئېرىق ياسىلىپ، كۆل چېپىلىپ، شەھەر ئىچى بىر قېتىم رەتكە سېلىنغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يەكەن شەھىرى ئۇزۇكسىز تەرەققىي قىلغان. شەھەر بىناكارلىقىدا خىش ۋە كاھىشلار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. ئۆيلەرنىڭ هاراق، پاراوان، جەگە، تۈۋرۈكلىرىگە نەقىش ئويۇش، تاملىرىغا گەج بىلەن قاتۇرما نەقىشلەرنى چىقىرىش، ياغاچ پەنجىرىلەرنى ئورنىتىش ئومۇملاشقان. شەھەر بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەر بىناكارلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىپىل سوقۇپ شەھەر بىنا قىلىش پائالىيىتى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلدى. چىڭ سۇلالىسى مىلادىيە 1756 ـ يىلى شىنجاڭنى بىر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە مۇھىم بولغان ئىستراتېگىيەلىك جايلاردا مەمۇرىي ئورۇنلارنى تەسىس قىلدى ۋە سېپىل سوقتۇرۇپ، شەھەر ياسىتىپ، ئەسكەر تۇرغۇزدى. بۇ شەھەرلەر تارىختا «يېڭى شەھەر» ياكى «مانجۇ شەھىرى» دەپ ئاتالدى. ئەسلىدىكى شەھەر ئۆز پېتى قالدى ۋە تارىختا «كونا شەھەر» ياكى «مۇسۇلمانلار شەھىرى» دەپ ئاتالدى. غۇلجا، ئۇرۇمچى، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلار ۋە بىر قىسىم ناھىيە، بازارلاردا يېڭىدىن شەھەرلەر ياسىلىپ، شەھەرلەرنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. پەقەت ئىلى رايونىدىلا كۈرە شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، بايانداي شەھىرى، سۈيدۈڭ شەھىرى، قورغاس شەھىرى، چاغانسۇ شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەر ياسالغان. كۈرە شەھىرى ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم ياسالغان. كونا كۈرە شەھىرى 1760 ـ يىلى ئىلى دەرياسى بويىغا ياسالغان، 1850 ـ يىلدىن كېيىن ۋەيران بولغان. 1881 ـ يىلى شىنجاڭ قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كونا كۈرە شەھىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ياسىلىش شەكلىگە ئاساسەن يېڭى كۈرە شەھىرى ياسالغان، يېڭى كۈرە شەھىرىنىڭ سېپىللىرى، شەھەر ئىچىگە جايلاشقان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ۋە شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان 4 قەۋەتلىك قوڭغۇراق راۋىقى قاتارلىقلار ھازىرغىچە ياخشى ساقلانغان. غۇلجا شەھىرىگە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلار ئورۇنلاشقان، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەيتۇللا مەسچىتى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا مەدرىسە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى ئىمارەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ياسىلىش سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېڭىدىن ياسالغان شەھەرلەردىن باشقا، كونا شەھەرلەرمۇ كېڭەيتىپ ياسالغان ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىل-

غان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆلىمى سەل كىچىك بولۇپ، شىمالىي جانقورغان، شەرقىي بۇلاق بېشى، تۆشۈك دەرۋازا، غەربىي ئوردا ئالدى ۋە خان بازىرىغىچە ئىدى. ھېيتگاھ مەيدانى شەھەر سىرتىدا ئىدى. 1839 ـ يىلى (ھىجرىيە 1255 ـ يىلى) زورىدىن ھاكىم بەگ قەشقەر شەھىرىنىڭ «تاشقىرىقى شەھەر» دەپ ئاتالغان قىسمىنى قوشۇپ ياسىتىپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىنى بىر ھەسسە كېڭەيتكەن. ھېيتگاھ مەسچىدتى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مەركىزىي ئورۇنغا ئايلانغان. شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا دۇكانلىرى ۋە تۈرلۈك خىزمەت ئۆتەش ئورۇنلىرى ياسىلىپ، شەھەر ئاھالىسى ناھايىتى تېز كۆپەيگەن. شەھەر ئىچىدە مەسچىت، مەدرىسەلەر بىر ـ بىرىدىن كۆركەم ۋە نەپىس ياسىلىپلا قالماستىن، ئۆي ـ ئىمارەتلەرمۇ ئازادە ياسالغان ۋە چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك سېپىل، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ ساراي ۋە دىنىي ئىمارەتلەرنى ئاساس قىلغان قەدىمكى شەھەر بىناكارلىقىنىڭ دەۋرى ئاياغلاشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر مەزگىل بۇزۇلغان شەھەر سېپىللىرىنى رېمونت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، ئۇزۇنغا داۋاملاشمىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ شەھەر بىناكارلىقى ھازىرقى زامان شەھەر بىناكارلىقى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئازادلىقتىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، ھازىرقى زامان سانائەت، سودا ۋە دېموكراتىك مەدەنىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىيا-

جىغا ئاساسەن، ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىلىش رولى جەھەتتە قەدىمكى شەھەرلەرگە ئوخشىمايدىغان يېڭى شەھەرلەر ياسالدى ۋە پىلانلىق ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. كونا شەھەرلەر ئىچىدىكى تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق قىممىتىگە ئىگە بولغان ئىمارەتلەر نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنغاندىن باشقا، شەھەر سېپىللىرى ۋە شەھەر تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر قىسىم ئۆي - ئىمارەتلەر چېقىپ رەتلەندى ۋە ھازىرقى زامان شەھەر قۇرۇلۇشى تەلىپىگە ئاساسەن كېڭەيتىپ ياسالدى. قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق كونا شەھەرلەر قايتىدىن تەرەققىي قىلدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق شەھەرلەر يېڭىدىن قۇرۇلدى. بۇ شەھەرلەردە ھازىرقى زامان بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېڭىدىن زاۋۇت، كارخانا، ئىدارە - جەمئىيەت، سودا ماگىزىنى، مەكتەپ، بىلىم يۇرتلىرى، كىتابخانا، كىنو - تىياتىرخانا، كۆرگەزمىخانا، مۇزېي، مېھمانخانا ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئولتۇرىدىغان ئۆي - ئىمارەتلەر ياسىلىپ، شەھەر بىناكارلىقىدا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بىز شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە يېڭى ئىمارەتلەرنى پىلانلاشتا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىدىغانلا بولساق، سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، زامانىۋىلاشقان ھازىرقى زامان بىناكارلىق سەنئىتىنى يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى چوقۇم تېز ۋە ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

# سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان — ئېلىمىزنىڭ تاڭ دەۋرىدە قاراخا- نىيلار دۆلىتىنى قۇرغۇچى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، تۇن- جى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر خانى. ئۇ مىلادىيە 932 - يىللىرى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان، مىلادىيە 955 - يى- لى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، هازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ يېزا مەشھەت كەنتىگە دەپنە قىلىنغان ۋە ئىسلام دىنى ئۆرپ - ئا- دىتى بويىچە قەبرىگاھ ياسالغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى 10 ئەسىر مابەينىدە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە قايتا ياسالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياسالغان قەبرىگاھ 1902 - يىلىدىكى يەر تەۋرەش ۋە 1944 - يىلىدىكى سۇ ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بۇزۇلغان. قەبرىگاھ 1954 - يىلى قايتا ياسالغان. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

1954 - يىلى قايتا ياسالغان قەبرىگاھ، تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق بولمىغان، شارائىت ۋە مەبلەغنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدا سېلىنغانلىقتىن، قۇرۇلۇش شەكلى ۋە زىننەتلەش سەنئىتى جەھەتتە ئەسلىدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئەت ئالاھى- دىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمىگەن، قۇرۇلمىسى ئەسلى- دىكىسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپ- تونوم رايونىمىزدىكى ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر سۇلتان سۇتۇق

بۇغراخان قەبرىگاھىغا ئائىت مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ 1875 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم تەرىپىدىن تارتىلغان فوتو سۈرىتى بىلەن سىزما رەسىمىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىغا ئېرىشتى. 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى خادىملىرى نەق مەيداندا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ باردى ۋە ئەسلىي قەبرىگاھ جايلاشقان ئورۇندىن 20 نەچچە خىل كاھىش قېزىۋېلىندى (بەزى كاھىشلار ئۈستىگە ئىسلام دىنى ئايەتلىرى چۈشۈرۈلگەن). ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ماتېرىياللىرى بىلەن فوتو سۈرەت ماتېرىياللىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ياسىلىش شەكلى گۈزەل، نەقىش ـ بېزەكلىرى مول بولغان ئىسلام قەدىمكى بىناكارلىقىغا تەۋە ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ئالىملار يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، قوغداش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن قەبرىگاھنىڭ 1875 ـ يىلدىكى فوتو سۈرىتى بىلەن سىزما رەسىمىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا قوغداش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ.

1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت خەلق ھۆكۈمىتىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى خەن شۈچى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مەھە-

مەت زۇنۇن، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى چىن
جىندۇڭ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارد-
تى، مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش تەتقىقات
ئورنى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناش-
تى. يىغىندا، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى ئاپتونوم رايون
دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكار-
لىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش، رېمونت قى-
لىش ناھايىتى زۆرۈر. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كەس-
پىي قوشۇن تەشكىللەپ، رېمونت قىلىش لايىھەسىنى ئىشلىشى
لازىم. ئەسلىي ھالىتىگە ئاساسەن، ئۇنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك ياكى
كىچىكلىتىۋەتمەسلىك، يۇقىرى سۇپەتلىك، ھەشەمەتلىك زىننەت-
لەش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلەتمەسلىك، ئەينى ۋاقىتتىكى
قۇرۇلۇش قىياپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، قۇرۇلۇش
راسخوتىنى بىر مىليون يۈەن ئىچىدە كونترول قىلىش، بۇ
راسخوتنى ئاساسلىقى مەخسۇس قەبرىگاھ ياساشقىلا ئىشلىتىش
لازىم» دەپ قارار ماقۇللىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇ-
رۇقىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
مۇھاپىزەت قىلىش — رېمونت قىلىش ئىشخانىسى 1995 - يىلى
5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن خاتىرد-
سىگە ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، سۇلتان سۇتۇق
بۇغراخان قەبرىگاھىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەس-
نى ئىشلەپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق لايىھەلەش - تەتقىق
قىلىش ئورنى قۇرۇلمىسىنى لايىھەلىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان
قەبرىگاھىنى ياساش قۇرۇلۇشى 1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 -
كۈنى رەسمىي باشلاندى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى
ياساش قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت نازارىتى بىۋاسىتە باشقۇرغان قۇرۇ-
لۇش بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى مەدەنىيەت نازارىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش — رېمونت قىلىش ئىشخانىسى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بۇرۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانغان ئاپتونوم رايونلۇق 6 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە ھۆددىگە بېرىلدى.

بىز قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا، قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىشتا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىشخانىدىن مەخسۇس بىر ئىنژېنېر بېكىتىپ، ئىش ئۈستىدە نازارەت، يېتەكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇنىڭدىن باشقا، ئاتۇش شەھەرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى ئەسلىي ھالىتىگە ئاساسەن لايىھەلەنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى بولۇپ، گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە تۈز تورۇسلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بىناكارلىق شەكلى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن.

قەبرىگاھنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئىچى كەڭ، ئېگىز ۋە يورۇق بولۇپ، تورۇسى بىر چوڭ گۈمبەز، سەككىز كىچىك گۈمبەز ۋە بىرنەچچە تۈز تورۇستىن تەشكىل تاپقان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى قەبرىگاھنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بىرىنچى قەۋەتنىڭ تۆت تېمىغا پەنجىرىلىك چوڭ دېرىزە ئېچىلغان، بۇ قەۋەتنىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆگزىگە چىقىدىغان ياغاچ شوتا ئورنىتىلغان. قەبرىگاھنىڭ ئۆگزىسىدە چوڭ گۈمبەز بار. قەبرىگاھنىڭ سىرتقى تېمىدا توققۇز دانە ئەگمە تەكچە، ئەگمە تەكچە ئوتتۇرىسىدا ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى شەرق تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان. قەبرىگاھنىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆت مۇنار، ئاستىدا 1.08 مېتىر ئېگىزلىكتە سۇپىسى بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش لايىھەسى چىرايلىق ۋە كۆركەم قىلىپ ئىشلەنگەن.

پۈتۈن قۇرۇلۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇل-

ـسىنى ئىشلەش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزۇن يىلغىچە پۇختا تۇرۇشى ئاساس قىلىنىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى خىش - بىتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئاساس گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى (ئۇل قۇرۇلۇشى، تام گەۋدە قۇرۇلۇشى، بىتون قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار) ئاساس قۇرۇلمىسى لايىھەـسىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن. زىننەتلەش قۇرۇلۇشى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. سىرتقى تام يۈزى، چوڭ گۈمبەز سىرتى، قەبرىگاھ سىرتىدىكى ئالتە مۇنار ۋە قەبرە سىرتى قەدىمكى كاھىشلارغا ئوخشىتىپ ياسالغان رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. كاھىشلارنى چاپلاشنىڭ تېخنىكا تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، چىرايلىق ھەم كۆركەم قىلىپ چاپلانغان. قەبرىگاھنىڭ ئىچكى قىسمى گەج نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ گەج نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەش تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، چىرايلىق ھەم كۆركەم قىلىپ چاپلانغان. قەبرىگاھنىڭ ئىچكى قىسمى گەج نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ گەج نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەش تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، 30 نەچچە خىل نەقىش كۆركەم، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قەبرىگاھ دەرۋازىسى ۋە يان ئىشىكلەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن ياسالغان بولۇپ، نەقىش ئويۇلغان. دېرىزە پەنجىرىلىرى رەتلىك، ئۆلچەملىك ھەم پۇختا ياسالغان، ئىچىگە ئەينەك سېلىنغان. قەبرىگاھ سۇپىسى كۆركەم ياسالغان بولۇپ، خىش تىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن، پۈتۈن قەبرىگاھ گەۋدىسىگە كۆركەم تۈس كىرگۈزگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - رېمونت قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇش مەخسۇس راسخوتى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، باشتىن - ئاخىر قۇرۇلۇش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە قۇرۇلۇشنى 1998 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈ-

زوۋالدى. شۇ كۈنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىملىرى قاتناشقان قۇرۇلۇشنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى نەق مەيداندا يىغىن ئېچىپ، قۇرۇلۇشنى باھالىدى. يىغىنغا قاتناشقان ئورۇن مەسئۇللىرى: «قۇرۇلۇش سۈپەت جەھەتتە تەلەپكە ئۇيغۇن، ئۆلچەمگە مۇۋاپىق، قۇرۇلۇشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بولىدۇ» دەپ ھېسابلىدى. يىغىن ئاخىرىدا، قەبرىگاھ ئاتۇش شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كۈندىلىك مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياسىلىشى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تارىخىي ئىش ـ ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تارىخى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى — مىلادىيە 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلشۇناس ئالىمى، جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ۋە بىباھا ئەسەر — «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان تارىخىي يادنامە ئىمارەت؛ ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق.

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى، مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىق باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە قەشقەر مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن يازغان ئىلمىي دوكلاتقا ئاساسەن، مەھمۇد قەشقەرى قەبرىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشى ۋە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىشى، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەتيۈرتى، ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە ئالىمنى ئەسلەش، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئىلمىي - مەرىپەت ئۈچۈن ئىزدىنىشتەك ئۇلۇغۋار ئىش ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com



مىللىي پەن ـ مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەھمۇد كاشغەرىي مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدە 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئوپال — پامىر ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە باي مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە جاي.

مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان[1]، بۇددا دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن بۇددا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ بىرى بولغان[2].

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ سەنئەت راۋاج تاپقان، بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوپال «خاقانىيەت ئۆلكىسى» گە قاراشلىق ئاساسلىق يېزىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ۋە خان ئوردىسىدىكى ئاتاقلىق كىشىلەر بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە يەرلىكلەشكەن. پادىشاھلار دەم ئالىدىغان «خان بېغى» (سۇلتانباغ)، «تەكىيە گاھ»، «مۇق يولى»، «خان يايلىقى»، «تاشقورغان» قاتارلىق جايلىرى ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللەنگەن، ھايات قايىنىغان بىر يۇرت بولۇش بىلەن نام چىقارغان.

مەھمۇد كاشغەرىي ئانا يۇرتى ئوپالدا 97 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەردىكى تاشبالىق تېغى (ھەزرىتى موللام تېغى) باغرىدىكى «سۈزۈك بۇلاق» ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان، شاگىرتلىرى ۋە

---

① ئوپال ئارت، سۇلتانباغ، خوجا قونار، ئاق دالا قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن باشلانغۇچ جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت تاش قوراللار تېپىلدى.

② «ھەزرىتى موللام تېغى» باغرىدا بۇددا دىنىغا ئائىت «توققۇز قازناق» دەپ ئاتالغان بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى تېپىلدى.

ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيگۈچى، قەدىرلىگۈچى كىشىلەر ئىقتىساد توپلاپ مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى ئۈستىگە خاتىرە ئىمارەت ياسىغان ۋە ئۇنى «ھەزرىتى مەۋلانا شەمسىددىن ھۈسەيىن ئوغلى، قەلەم ئىگىسى مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى» دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش، ئەسلەش پائالىيەتلىرى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلغان، باغ ـ زېمىن ۋە كىتاب ۋەخپە قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. مازارنىڭ قىرائەتخانىسىغا نۇرغۇن كىتابلار قويۇلغان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى كىشىلەر كىتاب كۆرۈپ، شېئىر ـ نەزمىلەر ئېيتىشىپ، ئىلمىي سۆھبەت، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئېلىپ بارىدىغان مەدەنىيەت يۇرتىغا ئايلانغان.

ئوپالدا ھەر يىلى ئۇجمە پىشىش مەزگىلى مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى مەركەز قىلغان «ئۇجمە سەيلىسى» دەپ ئاتالغان پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. شۇنداقلا ئۆز باللىرى ۋە شاگىرتلىرىغا پەند ـ نەسىھەت تەربىيە بېرىپ، ئالىمدىن ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ ھۈنەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا تەۋرەنمەستىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلغان.

خەلقىمىز مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى ئۆزلۈكىدىن قوغدىغان ۋە ئىقتىساد توپلاپ رېمونت قىلغان، كېڭەيتىپ ياسىغان. دەرەخ قويۇپ، سۇغىرىپ كۆكەرتكەن ۋە باغ بىنا قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئالىمنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ھەر ساھە خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

بۇ قېتىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشى — دۆلىتىمىزدە بىر قانچە يىلدىن بېرى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ يېڭى نەتىجىسى.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com



شەكلى، قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىسلام ئىمارىتى بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ ياسالغان روزى مەركىسى، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، مەسچىت ۋە قوش مۇنارلىق دەرۋازا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتلەردىن تەشكىل تاپقان. روزى مەركىسى، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانىسى كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاساجۇپ، تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. لىم (خا)، جەگە، هاراق، پارامانلىرىغا خىلمۇخىل نەقىشلەر ئويۇلغان. روزى مەركىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. روزى مەركىسى بىلەن تىلاۋەتخانا ئوتتۇرىسىغا ۋە شىمال تەرەپتىكى تاملىرىغا پەنجىرىلىك دېرىزە قويۇلغان. ئارقىسىدىكى بەش ئېغىز تۇنەكخانىسى ۋە ئىشىك زالى گۈمبەز تورۇسلۇق ياسالغان. پارامانلاردا ساقلىنىپ قالغان قارا سىياھ بىلەن پارس نۇسخىدا يېزىلغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ مازارنى ھىجرىيەنىڭ 1245 ـ يىلى ۋە 1315 ـ يىللىرى يەرلىك كىشىلەر ئىئانە توپلاپ ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرغان.

روزى مەركىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىككى پارچە پارامانغا رېمونت قىلىنغان ۋاقتى ۋە رېمونتقا مەدەت قىلغۇچىلار نەزمى ئۇسۇلدا خاتىرىلەنگەن.

ئوڭ تەرەپتىكى پارامانغا:

«سالى شىرەست ھەزارۇ دوسەت چەھلى پەنجەست،
بۇد تەئمىرى مازارۇ مەددى سىددىقەست».

يەشمىسى:

«يولۋاس يىلى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق بەش (ھىجرىيە)
مازارنى رېمونت قىلىشقا كۆچ چىقارغان كىشى سىدىقتۇر»

سول تەرەپتىكى پارامانىنىڭ ئوڭ قويۇلغىنىدا:

«شاھى سىدىق بەگ، ئەلىمبەگ بىر ـ بىرىگە يار بولۇپ،
قىلدى بۇزرۇكۋارى ئالىنى بىنا»

ئىتىكاپخانىغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ سىرتقى تەرەپ ئۈستىدى-
كى پارامانىغا:

«كى بىرمىڭ ئۈچ يۈز ئون بەشتە قىلدى بۇ ئىمارەتنى،
نامازۇ ـ روزا ئەيلەپ قىلسا ھەر كىمكى تىلاۋەتنى»

دەپ يېزىلغان.

بىرىنچى قېتىملىق رېمونتتىدا روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئىتىكاپخانىسى رېمونت قىلىنغان. ئىككىنچى قېتىملىق رېمونتىدا پېشايۋانلىق مەسچىت قايتا ياسالغان. رېمونت قىلىش جەريانىدا ئەڭ قەدىمىي بولغان روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئىتىكاپخانىسىنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمىگەن. ئەسلىدە نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، ھاراق، پارامانلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى يەڭگۈشلەنمەي ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. بۇ مازار يېقىنقى 100 نەچچە يىلدىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغاچقا، ئارقىسىدىكى تۆت ئېغىز ھۇجرىسى، دەرۋازا زالى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ بىر قىسىم جەگىلىرى ئېگىلگەن؛ ياغاچ پەنجىرىلىرى بۇزۇلغان بولۇپ، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئۆز ۋاقتىدا نۇقتىلىق رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ ياسىلىش سەنئىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش نۆۋەتتە مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشتە

www.uyghurkitap.com



ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

مەھمۇد كاشغەري قەبرىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن، قەبرىنىڭ ھازىرقى ياسىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە نەقىش - بېزەكلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىگە نىسبەتەن ئىمارەتچىلىك تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنى بويىچە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، مەھمۇد كاشغەري قەبرىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ياسىلىش شەكلى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە كېيىنكى بىر نەچچە يۈز يىل جەريانىدا رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىپ ياساش ئەھۋالى توغرىسىدا نىسبەتەن توغرا بولغان ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە بولۇش تامامەن مۇمكىن.

مەھمۇد كاشغەري قەبرىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانىسى ۋاساجوپ، تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. روزى مەرىكىسىنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. بۇ خىل بىناكارچىلىق ئۇسۇلى — شىنجاڭ رايونىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان بىناكارچىلىق ئۇسۇلى. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئىمارەتچىلىكى قۇرۇلما ۋە شەكلى جەھەتتىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئىمارەتچىلىك ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلام دىنى قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئاساسەن ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنى ئىمارەتچىلىكى مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. پەشتاقلىرى، ئىشىك، دېرىزە، مېھرابلىرىغا ئەگمە ئىشلىتىشتىن باشقا ئاساسىي قۇرۇلمىسى تۈۋرۈك، لىم، جەگىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ۋاساجوپ، تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. مازارلارنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساش ۋە ئۇ-

نىڭغا ئېتىقاد قىلىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. قاراخانىيلار دەۋرىـ-
ـدە پادىشاھ ۋە دىنىي مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تۈۋ-
رۈك، لىملار بىلەن ۋاساجۇپ، تۈز تورۇسلۇق پېشايۋانلارنى ياساپ
پەنجىرە ئورنىتىش ياكى قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا پەنجىرە ئورنـ-
ـىتىپ توسۇپ قويۇش ھەم كېسەك - خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغ - ئەلەم قاداپ قويۇش ئادەتلىرى بولغان.

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز تاغ باغرىنى ئويۇپ تۈز تورۇسلۇق،
ئەگمە تورۇسلۇق، ھەر خىل لەش تورۇسلۇق مىڭ ئۆيلەرنى ياساش
تېخنىكىسىنى، كېسەك بىلەن ئەگمە چىقىرىپ كېمىر ئۆيلەرنى
ياساش تېخنىكىسىنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئىجاد قىلغان. شىنـ-
جاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردا تۈۋرۈك - لىملارنى
چېتىشتۇرۇش، كېسەك ياكى تال چىۋىقلارنى توقۇپ ئارىلىقنى تو-
سۇپ كاكىل لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنى[①]
ياساش ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان. بۇ ئىمارەتلەردىكى نەقىش -
بېزەكلەر ئاساسىي جەھەتتىن ياغاچ ئويما نەقىش، گەج قاتۇرما نە-
قىش، تاش رەڭ سىزما نەقىش، قاشتېشى ئويما نەقىش، گۈللۈك
خىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويما
نەقىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىناكارچىلىق تېخنىـ-
كىسى بىلەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئە-
گىشىپ تام ئۈستىگە بىۋاسىتە لىم - جەگىلەرنى قويۇش ياكى لىم -
جەگە ئىشلەتمەستىن خىش - كېسەك بىلەن ئەگمە چىقىرىپ يې-
پىش ئۇسۇلى كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ پۈتۈن شىنـ-
جاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئىمارەت-
لىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

يەكەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خوجىلارغا ھەم مازارلارغا

① بۇنداق ئۆيلەرنى قوشام ئۆي دەپ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېتىقاد قىلىشنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، گۈمبەز شەكىللىك ھەيۋەتلىك مازارلارنى ياساش تەرەققىي قىلدى. مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىدىكى تۆز تورۇسلۇق ۋە ئەگمە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسالغان ئىمارەتلەر ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بىناكارچىلىقتا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان ياغاچ ئويما قوللىنىلغان.

ياغاچ ئويما — ئويۇش ئۇسۇلى ۋە شەكلىگە ئاساسەن سىزىقچە ئويما، تەكشى يۈز ئويما، كۆپتۈرمە ئويما قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. سىزىقچە ئويمىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، باشلانغۇچ جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن. كېيىن تەكشى يۈز ئويما، كۆپتۈرمە ئويمىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. تەكشى يۈز ياغاچ ئويما — نەقىش گۈللۈك خىش، كاھىش، رەڭدار سىزما نەقىشلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇن بىناكارچىلىق ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلغان نەقىش شەكلى بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ئويما نەقىشلەرنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، يەكەن خانلىقى ۋە چاغ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن نەقىشلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ ۋە بەزىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

مازارنىڭ لىم، جەگە، هاراق، پارامانلىرىغا ئويۇلغان نەقىشلەر ئىچىدە سوخەر، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، يازا، كۆرگۈل، شەددە، بېلىق قاسىرىقى ۋە ھەرخىل گۈل - ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 نەچچە خىل نۇسخا بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ياسالغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىدە بۇ نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز شەكلىدە ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى ساقلىنىپ قالغان. بەزى نەقىش نۇسخىسى نىسبەتەن قەدىمىي بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن

ۋاقىت قوللىنىش جەريانىدا باشقا نەقىش شەكىللىرىگە ئۆزگەرگەن
ياكى قەدەممۇقەدەم ئىشلىتىلمەي چۈشۈپ قالغان.

ئوپال تەۋەسىدە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت قەدىمىي ئىمارەت-
لەردىن «سەيپىدىن بۇزرۇكۋارلىرىم»، «ھەزرىتى پاشايىم»، «ئىككى
ئىماملىرىم»، «يەتتە ئېزىزلىرىم» مازىرى قاتارلىق مازارلار ھا-
زىرغا قەدەر نىسبەتەن ياخشى ساقلانغان. بۇ مازارلارنىڭ ياسىلىش
شەكلى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى بىلەن
ئوخشاش بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىش جەريانىدا ئەس-
لىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالغان.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگە بولغان
تارىخىي يازما ماتېرىيال، ئەسلىمىلەر ۋە ھازىرقى ياسىلىش شەك-
لى، قۇرۇلمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، نەقىش - بېزەكلىرى قاتار-
لىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا، بۇ مازار قاراخانىيلار دەۋرىدە يا-
سالغان، كېيىن بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىش جەريانىدا كې-
ڭەيتىپ ياسىلىپ، ھازىرقى ھالىتى شەكىللەنگەن. 900 يىلغا يې-
قىن تارىخقا ئىگە قەدىمكى ئىمارەت بولۇپ شىنجاڭنىڭ ئىسلام دى-
نى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش
تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەمەلىي ماتېرىيال
قىممىتىگە ئىگە قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراس.

قاراخانىيلار دەۋرىدە بىناكارچىلىق سەنئىتى جەھەتتە قىممىتى
يۇقىرى بولغان ئوردا - ساراي، مەسچىت، مەدرىسە ۋە ئۆي - ئىما-
رەتلەر بىنا قىلىنغان بولسىمۇ، نىسبەتەن ياخشى ساقلىنىپ قال-
غانلىرى ناھايىتى ئاز. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىسلام دىنى
ئىمارەتلىرى ئىچىدە بىر قىسىم ئىمارەتلەر قاراخانىيلار دەۋرىدە
ئۆتكەن پادىشاھ ۋە ئاتاقلىق دىندارلارنىڭ نامىغا ئاتاپ ياسالغان خا-
تىرە ئىمارەت بولسىمۇ، بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىش ۋە قايتا
ياساش جەريانىدا ئەسلىي شەكلى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، نەقىش -
بېزەكلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەچكە بىناكارچىلىق سەنئىتى جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنى ئۆز ئەينى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى قاراخانىيلار دەۋرىدە ياسالغان ۋە رېمونت قىلىپ كېڭەيتىپ ياساش جەريانىدا ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك ئەۋرىشكىسى.

نۆۋەتتە مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى تېخىمۇ ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنىڭ تارىخىي، مەدەنىي، سەنئەت قىممىتىنى ئۆز ئەينى بويىچە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن رېمونت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا «ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ ياسىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ قويۇق دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولغان نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، هاراق، پارامانلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ داۋاملىق بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغ، ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا، مۇھىتىنى ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ دەرەخ تىكىپ باغ ـ ئورمان بىنا قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان ۋە ياتقان بۇ گۈزەل پامىر باغرىنى تېخىمۇ مەنزىرىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە مەركەزلىرىدىن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنى ئۆز ئەينى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى قاراخانىيلار دەۋرىدە ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنىپ كېڭەيتىپ ياساش جەريانىدا ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ ئەڭ تىپىك ئەۋرىشكىسى.

نۆۋەتتە مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى تېخىمۇ ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنىڭ تارىخىي، مەدەنىي، سەنئەت قىممىتىنى ئۆز ئەينى بويىچە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن رېمونت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا «ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ ياسىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ قويۇق دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە بولغان نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، ھاراق، پارامانلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ داۋاملىق بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغ، ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا، مۇھىتىنى ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ دەرەخ تىكىپ باغ ـ ئورمان بىنا قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان ۋە ياتقان بۇ گۈزەل پامىر باغرىنى تېخىمۇ مەنزىرىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە مەركەزلىرىدىن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى بۆلۈم

# شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق نەمۇنىلىرى

# مەسچىتلەر

## ھېيتگاھ جامەسى *

قەد كۆتۈ-
قەشقەر شەھىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن
...رۇپ تۇرغان ھېيتگاھ جامەسى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي بىنا-
...كارچىلىقىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ
...كەلمەكتە.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا) 140 مې-
...تىر، كەڭلىكى (غەربتىن شەرققە) 120 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر
...مەيدانى 16800 كىۋادرات مېتىر (25.22 موغا تەڭ). ھەجمى جەھەت-
...تىن شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر چوڭ مەسچىت ھېسابلىنىدۇ.
پۈتۈن جامە — «مەسچىت» ۋە «مەدرىسە» دەپ ئىككى قىسىمغا
...بۆلۈنگەن بولۇپ، سالاسۇنلۇق توسۇق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.
«...مەسچىت» قىسمى ئىچكىرىكى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت،
...كىلىۋان دېگەن ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ
...ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر، پۈتۈن مەيدانى
456 كىۋادرات مېتىر، بۇنىڭغا تاشقىرىقى مەسچىت، كايۋانلارنى
...قوشقاندا 2600 كىۋدرات مېتىر كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 4200
...كىشى ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ.

جامەنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىنىڭ
...يۈكسەك سەنئىتى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشكەن. تورۇسلىرىنىڭ يې-
...پىلىشى ئالاھىدە، تۆت قاتار جەگە (لىم) لار قارىمۇقارشى ئو-

---

* ...مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق «تۆھپىكار جامەسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ... 1982 ـ يىلى 1 ـ سان.

www.uyghurkitap.com





رۇنلاشتۇرۇلغان 100 ئارا بار. ئۇلار ناھايىتى پۇختا ھېسابلاش نەتىجىسىدە بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان ۋە توغرا تۆت بولۇڭلۇق گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، خۇددى شاھمات تاختىسىغا ئوخشايدۇ. پۈتۈن تورۇسنى تۆت قاتار قويۇلغان 140 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ (ئىلگىرى ۋە كېيىن تامغا يۆلەپ قويۇلغان تۈۋرۈكلەرنىڭ سىرتىدا)، بۇ تۈۋرۈكلەر تىزىلمىسى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە زىننەت بېرىپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش دەبدەبىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. تورۇسلارنىڭ ئىچىدىكى توققۇز ئاراغا رەڭ بىلەن مىللىي ئۇسلۇبتىكى چىرايلىق گۈل - نەقىشلەر سىزىلغان. شەرققە قاراپ تۇرىدىغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر، ئىككى مۇنارنىڭ ئارىلىقى 22 مېتىر، ھېيت كۈنلىرى ناغرا چېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى 4.3 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازا، مۇنار ۋە پەشتاقلار، تامغا چىقىرىلغان مېھراب شەكىللىك تاكچىلار ۋە

نەقىشلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ قويۇق مىللىي هۈنەر ـ سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

جۈمە نامىزى ۋە هېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان كۈنلەردە پۈتۈن جامە ـــ مەسچىت بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ ۋە 25 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، هازىرقى هېيتگاھ مەيدانى ئىگىلىگەن بۇ ئورۇن بۇنىڭدىن 5 ~ 6 ئەسىر بۇرۇن شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىق ۋە قومۇشلۇقتىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ قەبرىستانلىقتا شۇ زامانلاردىكى ئوردا خادىملىرى هەم ئۇلارنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىدىن قازا تاپقانلىرى دەپنە قىلىنىدىكەن. بۇنىڭدىن 500 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن قەشقەر هاكىمى ساقسىز مىرزا مۇشۇ قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تۇپراقلىرىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن بىر مەسچىت ياسىتىش نىيىتىگە كېلىپ، هىجرىيەنىڭ 846 ـ يىلى (مىلادىيە 1442 ـ يىلى) هېيتگاھ جامەسىنىڭ هازىرقى ئىچكىرىكى مەسچىت دەپ ئاتىلىدىغان قىسمىنىڭ ئورنىدا كىچىك بىر مەسچىت ياساتقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا تۇنجى مەسچىت بەرپا بولغان. بۇ تۇنجى مەسچىت ياسىلىپ 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر هاكىمى ئوبۇلهادى بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئېزىز ۋەلى دېگەن كىشى ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ ئەتراپقا دەپنە قىلىنغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوبۇلهادى بەگدە بىر خاسىيەتلىك ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مەرهۇم تاغىسىغا بېغىشلاش خىيالى تۇغۇلىدۇ ـ دە، هىجرىيەنىڭ 944 ـ يىلى (مىلادىيە 1558 ـ يىلى) تۇنجى مەسچىتنى كېڭەيتىپ يېڭىباشتىن ياسىتىدۇ هەم «بەش ۋاق ناماز» ئوقۇلىدىغان ئادەتتىكى مەهەللىۋى مەسچىتنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان «جامە» قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. 250 يىلدىن كېيىن هازىرقى يېڭىشەهەر ناهىيەسىگە قاراشلىق خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلپىيە خېنىم هەج قىلىپ كې-

لىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىدۇ، يات مەملىكەتلەردىكى يەرلىك ما-
جىرا، ئۇرۇش - جېدەللەر تۈپەيلىدىن سەپەرنى ئاخىرغىچە
داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كېلىدۇ. زۇلپىيە خېنىم ئېشىپ قالغان
پۇل - راسخوتىنى سەرپ قىلىپ ساۋاب ئىزدەپ ھىجرىيەنىڭ
1201 - يىلى (مىلادىيە 1787 - يىلى) ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەي-
تىپ يېڭىباشتىن تەمىر قىلىپ ياسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زۇلپىيە
خېنىم جامەنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ تەمىر قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ-
چىنچىسى بولۇپ قالىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە ھاكىم بولغان تۇرپانلىق
ئىسكەندەر ۋاڭ ھايات تۇرۇپ ئۆزىگە گۆر كولىتىپ گۈمبەز ياسا-
ماقچى بولىدۇ - دە، ھىجرىيەنىڭ 1224 - يىلى (مىلادىيە 1809 -
يىلى) شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پايناپ يېزىسىغا ھەشەمەتلىك
گۈمبەز ياسىتىدۇ، ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم كادىرلار
قورۇسى ئىچىدىكى كۆك گۈمبەز بىلەن بىرلىكتە ھېيتگاھ جامە-
سىنىمۇ ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرۇپ، ئىچىگە كۆل كولىتىپ
ئېرىق چاپتۇرۇپ دەرەخ تىكىپ گۈزەللەشتۈرىدۇ.

تەخمىنەن ھىجرىيەنىڭ 1235 - يىلى (مىلادىيە 1820 - يىلى)
قەشقەردە بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر يېغىپ جامەنىڭ تورۇسلىرى
خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي نىدىر خوجا ئەب-
رىشىمكار دېگەن كىشى تەرىپىدىن بۇزۇلغان جايلىرى ئومۇميۈز-
لۈك رېمونت قىلىنىدۇ. ھىجرىيەنىڭ 1255 - يىلى (مىلادىيە
1839 - يىلى) قەشقەر ھاكىمى زوھۇردىن قەشقەرنىڭ تاشقىرىقى
شەھەر دەپ ئاتالغان قىسمىغا سېپىل سوقتۇرۇپ شەھەرنى كېڭەي-
تىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 400 يىلدىن بېرى شەھەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ
كەلگەن بۇ مەسچىت شەھەرنىڭ ئىچىدىكى جامەگە ئايلىنىدۇ.
ئەتراپىدىكى قومۇشلۇق - يانتاقلىقلارمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى-
نىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەھەللە، ئاۋات
شەھەر بازىرى بولۇپ قالىدۇ. زوھۇردىن ھاكىم جامەنى قايتا رې-
مونت قىلدۇرىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى شىنجاڭدا بەدۆلەت (ياقۇپ بەگ) ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ قەشقەرنى پايتەخت قىلىدۇ. بەدۆلەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە خەلق كۆڭلىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپلىگەن مەسچىت، مەدرى-سە، مازار ۋە لەڭگەرلەرنى ياسىتىدۇ. جۈملىدىن ھىجرىيەنىڭ 1290 ـ يىلى (مىلادىيە 1874 ـ يىلى) ھېيتگاھ جامەسىنى كې-ڭەيتىپ ياشقىدىن تەمىر قىلدۇرىدۇ. غەرب تەرەپنى مەسچىت، شەرق تەرەپنى مەدرىسە قىلىپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، مەدرىسە ھويلىسىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە 24 ئېغىزدىن ھۇجرا، شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى بىمالال يۇيۇنالايدىغان كاتتا ھاممام (مۇنچا)، مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق، دەرۋازا قاتارلىقلارنى ياسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھازىرقى قىياپىتى شەكىللىنىدۇ.

ھىجرىيەنىڭ 1320 ـ يىلى (مىلادىيە 1902 ـ يىلى) قەشقەردە ... خاراكتېرلىك قاتتىق يەر تەۋرەپ، يەر يېرىلىپ، ئۆي ـ ما-كانلار ئۆرۈلۈپ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىگە زور زىيان يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تاشقىرىقى مەسچىت قىسمىغا خېلى زور زىيان يېتىپ، بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. مۇنارنىڭ ئۈستى تەرىپى يىقىلىپ چۈشكەن، سول تەرەپتىكى مۇنارغا دەز كەتكەن. ھىجرىيەنىڭ 1322 ـ يىلى (مىلادىيە 1905 ـ يىلى) شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىدىن «ئاخۇنبايىفلار» دەپ ئا-تالغان تۇردى باي ھاجىم، كېرىم بايۋەچچىلەر تەرىپىدىن رېمونت قىلىنىپ، يەر تەۋرەش ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەيرانچىلىق ... ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن قەشقەردە ... مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم-نىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھىجرىيەنىڭ 1352 ـ يىلى (مىلادىيە 1934 ـ يىلى) جامە يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. ھىجرىيەنىڭ 1354 ـ

## ئوردا ئىشىكى جامەسى*

قەشقەر شەھىرى يارباغ كوچا باشقارمىسى ئوردا ئىشىكى ... كومىتېتىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى ... شەرقىي مېرىدىيان °75 ′59 ″24، شىمالىي كەڭلىك ... 28 ″21 - °39 ′28 ″22 قا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي ... 486 كىۋادرات مېتىر.

... 932 - يىلى سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار سۇلالى... ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشلاپ، ... تۈگى ئاستىدىكى «غازات» ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتىدە ... ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان بۇتپەرەس ... ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئېتىقادلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ... بولدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىدىن پايدىل... تۇرغان سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ... ئىلىم - پەن ۋە ئىسلام بىلىملىرىنى تەرغىب قىلىدىغان ... مەدرىسەلەر زور كۆلەمدە قۇرۇلۇپلا قالماستىن، يە... مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ پەرز - ئەھكاملىرىنى ئادا قى... ... قەشقەردە كۆپلەپ مەسچىتلەرنىمۇ قۇرغان. ئىسلام ... يات بولغان ھەرقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەمۇنى... ۋەيران قىلىنىپ، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا ... ئۇخشاش سانسىز ئىخلاسمەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ ... بۇتلارنى ئۇنلۇك قىرائەت قىلىش، بۇتلارغا چوقۇنۇپ دۇ-

---

* ... مۇھەممەت: «قەشقەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيا-... يىلى 5 - ئاي نەشرى.

ئا ـ تىلاۋەت قىلىشتەك مەنزىرىلەر يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى
ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئايەت ـ
لىرىنى يادلاپ ئوقۇيدىغان مۇڭلۇق قىرائەتلەر، مەزىنلەرنىڭ ئەزان
توۋلاشلىرى، مۇسۇلمان ئابىت ـ مۆمىنلىرىنىڭ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ
پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە زىكرى ـ سانا قىلىشىدەك يېڭى مەنزىرى ـ
لەر ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان
دەۋرىدە كۆپلىگەن مەسچىتلەر ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھازىر ـ
غىچە بىرەرسىمۇ ساقلىنىپ قالمىغان. لېكىن، سۇلتان سۇتۇق
بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى يۈسۈپ قادىرخان زامانىدا بىنا قىلىنغان
مەسچىتلەردىن قەشقەر شەھىرىدىكى «ئوردا ئىشىك مەسچىتى» تا ـ
رىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تا بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇر ـ
ماقتا.

«ئوردا ئىشىك مەسچىتى» قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆ ـ
كۈمدارلىرىدىن يۈسۈپ قادىرخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دەۋر ـ
لەردە، يەنى مىلادىيە 1019 ـ يىلى بىنا قىلىنغان، كۆلىمى بىرقە ـ
دەر چوڭ ئۇنىۋېرسال مەسچىت. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە
نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغ ـ
دىلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىسلام دىنى تۈس ـ
دىكى قەدىمكى قۇرۇلۇش ھەم دىنىي پائالىيەت سورۇنى. قەشقەردى ـ
كى ئوقۇمۇشلۇق زات، ئۆلىمالار «ئوردا ئىشىك مەسچىتى»نىڭ ئەي ـ
نى دەۋرلەردە قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى خان ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ـ
نىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن سېلىنغان خاس مەسچىت ئىكەنلى ـ
كىنى، شۇ سەۋەبتىن «ئوردا ئىشىك مەسچىتى» دەپ ئاتالغانلىقى ـ
نى، يەنە ھەرقايسى مۇسۇلمان ئەللەردىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن
ئەلچىلەرنىڭمۇ مەخسۇس مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى؛
12 ـ ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى، سەيياھ، سىياسىيون شەيخ
سەئىدىنىڭمۇ قەشقەردە ئەلچى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ، مەشھۇر ئەسىرى «گۈلىستان»نىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ مەسچىتتە يازغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ. «ئوردا ئىشىك مەسچىتى»نىڭ ئەسلىدىكى كۆلىمى 1560 كىۋادرات مېتىر، خانىقانىڭ كۆلىمى 86 كىۋادرات مېتىر بولغانلىقى مەلۇم. بۇ مەسچىت تارىختا مىلادىيە 1613 يىللىرى ئەتراپىدا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىن ۋەزىر، ھەربىي سانغۇن مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغان.

1875 ـ يىلى ياقۇپبەگ زامانىسىدا بىر قېتىم چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىنغان. 1904 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. 1968 ـ يىلى مەسچىتنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى نەقىشلىك پېشايۋان، دەرۋازا، پەشتاق، ئىشىك ئالدىدىكى مۇنار ۋە گۈمبەز قاتارلىق بۆلەكلىرى چېقىۋېتىلگەن. 1973 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك يارباغ كوچا باشقارمىسى مەسچىتنىڭ 760 كىۋادرات مېتىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان. مەسچىتنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 870 كىۋادرات مېتىر، مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكى كۆلەم بىلەن ئوخشاش. 24 دانە نەقىشلىك تۈۋرۈك بار. مەسچىت قورۇسىدا بىر قېتىمدا 700 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. كېيىنكى زامانلاردا «ئوردا ئىشىك مەسچىتى» نىڭ ئالدىدا چاپان بازىرى شەكىللەنگەنلىكتىن، ھازىر «چاپان بازىرى مەسچىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسچىتنىڭ تاملىرى 37× 21 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى پىششىق خىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان. جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75° 59′ 24″ ، شىمالىي كەڭلىك 39° 28′ 21″ ـ 39° 28′ 22″ لۇق جايدا بولۇپ، قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى يارباغ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ غەربىدە.

«ئوردا ئىشىك مەسچىتى» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىلىرىنىڭ بىرى.

گەرچە ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان قىسمى كۆپ بولسىمۇ، لې- كىن ساقلىنىپ قالغان بۆلەكلىرىدىكى ئالاھىدە نەپىس ئويۇلغان نەقىشلەر، قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ھۈنەر - ھېكمەت- لىرىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ مەسچىت يەنە تار- خىي جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەھەر ئورنىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشىنى يەنىمۇ چوڭ- قۇرلاپ دەلىللەشتە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تارىخىي مىراستۇر.

## يەكەن جامە مەسچىتى*

بۇ بىر مەشھۇر مەسچىت. ئورنى يەكەن شەھەر ئىچىنىڭ مەركىزىدە. كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ، بىناكارلىق سەنئىتى ئالاھىدە بولغان قەدىمىي مەسچىت. بۇ مەسچىت يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللاخان زامانىسىدا سېلىنغان. 1734 - يىلى چوڭ رېمونت قىلىنغان. 1870 - يىلى ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىلگەن، كېيىن يەنە بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان. جامە مەسچىتى ياغاچ سالاسۇن ۋە قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان تام بىلەن ئىچكى - تاشقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى قىسمى مەدرىسە، كەينى قىسمى مەسچىت، ئىككى تەرىپىدە مېۋىلىك باغ ۋە ۋەخپە يەر بار بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 20 مىڭ كىۋادرات مېتىردىن كۆپرەك. دەرۋازا راۋىقىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۆزئارا سىممېترىك قىلىپ سېلىنغان ئىككى مەنزىرە مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ۋە ئۇچلۇق قۇببە بولۇپ، قۇببىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر قاتار تەكچىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىدە گەج بىلەن نەقىش چېقىرىلغان روجەكلەر بار. تورۇسلىرى كاتەكچىلەر بىلەن بېزەلگەن. مەدرىسە قاتار سېلىنغان 40 نەچچە ھۇجرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا چۆرىسىگە دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆلچەك بار. مەسچىتنىڭ نامازخانىسى ئىچكى - تاشقى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تورۇسى لىم ياغاچلار بىلەن زىچ يېپىلغان. ئىچكى نامازخانا تۇۋرۇكلۇك بولۇپ، غەربىي تېمىدا مېھرابسىمان تەكچىلەر بار، ئىشىك راميكىلىرى ھەر خىل نەقىش-

* ئادىل مۇھەممەت: «قەشقەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2012 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

لەر بىلەن بېزەلگەن، ئۈستىگە خىلمۇخىل كاتەكچىلەر چىقىرىلغان
روجەكلەر ئورنىتىلغان. تاشقى نامازخانا كەڭ ـ ئازادە دەھلىزدىن
ئىبارەت بولۇپ، دەھلىزنىڭ ئالدىغا بىر قاتار نەقىشلىك تۈۋرۈك-
لەر ئورنىتىلغان، ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ شەكلى ۋە نەقىشى ئوخشى-
مايدىغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار. پۈتۈن مەسچىت-
نىڭ تورۇس قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، نەپىس ۋە
گۈزەللىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تورۇسنى 136 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ
تۇرىدۇ. جەمئىي 90 ھۇجرا بار. 26 ھۇجرىنىڭ تورۇسى لىم يا-
غاچلار بىلەن زىچ يېپىلغان، 28 ھۇجرىنىڭ تورۇسى كاتەكچىلەر
بىلەن نەقىشلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 20 ھۇجرىنىڭ تورۇسى ۋاسا
جۇپ قىلىنىپ يېپىلغان. ۋاسا جۇپ قىلىنغان تورۇسلار گەج بىلەن
ئاقارتىلىپ، ھەر خىل نەقىش ۋە رەڭلىك رەسىملەر بىلەن بېزەل-
گەن. رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەش سەنئىتى ئۇيغۇر مەسچىت-
لىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇ-
جەسسەملىگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## يەكەن ئازنا مەسچىتى*

بۇ مەسچىت يەكەن ناھىيەسى بازارلىق ھۆكۈمەت چاسا 4 ـ ئا - ھالىلەر كومىتېتى 8 ـ مەھەللىسىگە جايلاشقان.

مەسچىت يەنە «قىرىق گۇمبەزلىك مەسچىت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مىرزا ئەبۇبەكرى خان دەۋرى (مىلادىيە 1470 ــ 1514 ـ يىل - لىرى) دە ياسالغان. ئۇ، چاسا شەكىلدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، دىيا - مېترى 6.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 مېتىردىن كېلىدىغان 51 دانە كىچىك گۇمبەز ۋە دىيامېترى 9.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان چوڭ گۇمبەزدىن تەركىب تاپقان. گۇمبەزلەرنىڭ ئىچى گەج بىلەن سۇۋالغان. مەسچىتنىڭ چوڭ دەرۋازا راۋىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىك راۋاق مۇنارى بار. مەسچىتنىڭ ئىچىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ياغاچ تۈۋرۈكلۈك كايىۋان بار. مەسچىتنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي قۇرۇلمىلار، يەنى گۇم - بەز ۋە گۇمبەزلەرنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغ - لىنىشلىق مۇناسىۋەت ئالاھىدە تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن بىر تە - رەپ قىلىنغاچقا، قۇرۇلۇش تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. مەسچىت مىلادىيە 1679 ــ1808 يىللىرىغىچە ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان. بۇ مەسچىت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

---

* ئادىل مۇھەممەت: «قەشقەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرى - ياتى 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

## غۇلجا بەيتۇللاھ مەسچىتى *

غۇلجا بەيتۇللاھ مەسچىتى ئىلى رايونىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر مەسچىتى. ئورنى غۇلجا شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولىدا. 1760 ـ يىلى سېلىنىپ، 1865 ـ يىلى بىر قېتىم كېڭەيتىلگەن، 1981 ـ يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. يەر كۆلىمى 6325 كىۋادرات مېتىر. خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، دەرۋازا راۋىقى ئۈچ قەۋەتلىك مۇنارسىمان راۋاقتىن ئىبارەت.



يېڭىدىن ياسالغان غۇلجا بەيتۇللاھ مەسچىتى

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# كۇچا خانىقاسى*

كۇچا خانىقاسى مەشهۇر مەسچىت. ئورنى كۇچا كوناشەھىرىدە. تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 16 ـ ئەسىردە شىنجاڭدىكى قارا تاغلىقلارنىڭ مۇرشىدى ھەزرەت خوجا مۇھەممەد ئىسھاق ۋەلى قەشقەردىن كۇچاغا كېلىپ دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغاندا سالدۇرغانىكەن. چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى بىر نەچچە قېتىم كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغانىكەن. 1931 ـ يىلى ئوت ئاپىتىدە ۋەيران بولغان. شۇ يىلى كۇچالىق باي ھەلىم ھاجى پۇل چىقىرىپ ئەسلىي ئورنىنىڭ يېنىغا قايتا سالدۇرۇشقا باشلىغان، 1934 ـ يىلى قۇرۇلۇش پۈتكەن. قۇرۇلۇشقا قىزىل خىش، تاش، گەج ۋە ئۈجمە ياغىچى ئىشلىتىلگەن. بۇ مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 21 مو بولۇپ، نامازخانا، پەشتاق، قۇببىلىك دەرۋازا راۋىقى، ئەزان راۋىقى، مەدرىسە، ياتاق قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۈچ پەشتاق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دەرۋازا راۋىقىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئېگىزلىكى 16 مېتىر. ئورنى ئېگىزرەك يەردە بولغاچقا، پۈتۈن شەھەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نامازخانىنى 88 تال تۈۋرۈك تىرەپ تۇرىدۇ، ئوچۇق بۆلمە، قوشۇمچە بۆلمە ۋە چەت بۆلمىلەر، شۇنىڭدەك روجەك قاناتلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىدا ئۆگزىدىن ئېگىزرەك چىقىپ تۇرغان تۈڭلۈك ئورنىتىلغان بولۇپ، ئايلانما لەمپىلىك تورۇس بىلەن يېپىلغان، تۈۋرۈكلەرگە ھەر خىل نەقىشلەر ئويۇلغان. ناماز-

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

خانا ئىچىدە ئويما نەقىشلەر، تام رەسىملىرى، هۆسنخەتلەر بار بو-
لۇپ، بەك كۆركەم بېزەلگەن، ئويۇق، تەكچە ۋە ئىشىك - روجەك-
لەرنى بېزەشكە ئەهمىيەت بېرىلگەن. سىرتقى كۆرۈنۈشى هەيۋەت-
لىك ، ئاددىي - ساددا ۋە نەپىس بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى سەنئەت
سەۋىيەسى نامايان قىلىنغان، قويۇق ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبى-
غا ئىگە. مەزكۇر مەسچىت كۇچا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت
مەركىزى بولۇپ، نەچچە مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. قورۇ ئىچى-
دە نامسىز مازار، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا تەۋە بىناكارلىق يادىكارلىقلىرى بار.



www.uyghurkitap.com



## خوتەن جامە مەسچىتى*

خوتەن جامە مەسچىتى مەشھۇر مەسچىت. ئورنى خوتەن شەھىرى ئىچىدە. 1870 - يىلى سېلىنغان، كېيىن نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان، بىراق ئاساسلىق كۆلىمى ۋە قۇرۇلۇش شەكلى ئۆزگەرمىگەن.



* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

1980 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. مەسچىتنىڭ تەكشىلىكتىكى يۈزى پاراللېلېپىپېد شەكلىدە، خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لىم ياغاچلار زىچ جۈپلەشتۈرۈلۈپ يېپىلغان. نامازخانا ئىچكى ـ تاشقى ئىككى نامازخانىغا بۆلۈنىدۇ، ئىچكى ـ تاشقى نامازخانىنىڭ ئالدى روجەكلىك، تاشقى نامازخانىنىڭ ئالدى ئوچۇق بولۇپ، تۈۋرۈكلۈك ئايۋاندىن ئىبارەت، تۈۋرۈكلۈك ئايۋان ئالدىدا سالاسۇن يوق، ئىشىكى ئۈستىگە ياغاچ كاتەكچىلىك نەقىش ئويۇلغان. قۇرۇلۇشنىڭ قۇرۇلمىسى، شەكلى ۋە نەقىشلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك بار.



## گۇما چوڭ جامەسى*

بۇ جامە گۇما بازىرى ئىچىدە بولۇپ، ئىگىلىگەن ئورنى 3819 كىۋادرات مېتىر، جامە ئىچىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2560 كىۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 67 مېتىر، كەڭلىكى 57 مېتىر كېلىدۇ، بۇ جامە نامازخانا، ئىچكى - تاشقى ھويلىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1216 كىۋادرات مېتىر، تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 178 مېتىر، پولات چىۋىقلىق سېمونت دەرۋازا راۋىقى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى 17 مېتىر، راۋاقىنىڭ چوققىسىدىكى بوغۇم - بوغۇم شەكىللىك زىننەت قۇرۇلۇشىدا پولات چىۋىق تىرەپ تۇرىدىغان ئاي - يۇلتۇز بەلگىسى بار، ئۇنى كىچىك رەڭدار چىراغلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇستۇنكى قەۋىتى يۇمىلاق تورۇسلۇق ئەزانخانا بولۇپ، نامازغا ئەزان توۋلىنىدۇ. ئىچكى - تاشقى ھويلىلارنىڭ دەرۋازىلىق بىناسى بار. سىرتقى ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئۇستى تەرەپ ئوتتۇرىسىغا سائەت ئورنىتىلغان ۋە قوغۇن، ئۇزۇم، گۈل نۇسخىلىرى قاپارتما نەقىش قىلىنغان. دەرۋازا تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسما چىراغ بېكىتىلىپ، ئەتراپىغا سېمونتتىن ياسالغان قوغۇن، ئۇزۇم ۋە گۈللەر ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، رەڭگى ئوچۇق، شەكلى ئەينەن، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

ئىچكى ھويلىدا خىشلىق سۇپا، نامازخانا، تۇنەكخانا ۋە ئىسھاق

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىل 5 - ئاي نەشرى.

ۋەلىنىڭ خاتىرە ئۆيى بار. بەش تۇپ يوغان سېدە دەرىخى نامازخانە-
نىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە
بىردىن يان ئىشىك ۋە توققۇز ئېغىزدىن ھۇجرا بار. قىرلىق كە-
چىك تۈۋرۈكلەر بىلەن تىرىلىپ، پېشايۋان ھاسىل قىلىنغان. جا-
مەدە بىرلا ۋاقىتتا 5000 دىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۇلى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 12 -
ئەسىرلەردە سېلىنغان بولۇپ، 1550 - يىلللىرى خوجا ئىسھاق ۋە-
لىيۇللا دېگەن كىشى تەرىپىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. 1860 - يىل-
لىرى ياقۇپبەگ زامانىسىدا چوڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغاندا، گو-
مىدىكى ئاتاقلىق دىنىي زات ئىبراھىم ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشە-
بۇسى بىلەن جامەنىڭ دائىرىسى قايتا كېڭەيتىپ سېلىنغان. 1981 -
يىلى يەنە قايتىدىن
كېڭەيتىپ قۇرۇل-
غان. بۇ جامە ھا-
زىر ئەڭ چوڭ دى-
نىي پائالىيەت
سورۇنى بولۇپ،
ناھىيە دەرىجىلىك
قوغدىلىدىغان مە-
دەنىيەت يادىكارلى-
قى ئورنى ھېسابل-
لىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



## تۇرپان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى*

تۇرپان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر مەسچىتى. «ئىمىن ۋاڭ مۇنارى»مۇ دېيىلىدۇ. تولۇق نامى «ئىمىن خوجىنىڭ شەپقەتكە جاۋاب قايتۇرۇش مۇنارى». ئورنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، شەھەر بىلەن ئارىلىقى 4000 مېتىر كېلىدۇ. 18 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سالدۇرغانىكەن. مۇنار پۈتمەي تۇرۇپ ئىمىن خوجا ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان چيەنلۇڭنىڭ 43 – يىلى (مىلادىيە 1778 – يىلى) پۈتكۈزۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى» دەپ ئاتالغانىكەن. پۈتۈن قۇرۇلۇش خىشتا قوپۇرۇلغان مۇنار، خانىقا ۋە دەرۋازا پەشتىقىدىن تەشكىل تاپىدۇ. مۇنار خانىقانىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا، مۇنار دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى تاش ئابىدىگە ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا ئاللاھقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭغا يېزىلغان مەدھىيە بار. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 44 مېتىر، تۈۋىنىڭ دىيامېتىرى 11 مېتىر، ئاستىدىن ئۈستىگە قەۋەتمۇقەۋەت ئازدىن قۇرۇلۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، شەكلى لوڭقىسىمان، مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويۇل تۈۋرۈكى بار. مۇنار ئىچىدە ئىسپىرالسىمان 72 باسقۇچلۇق پەلەمپەي بار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇنارنىڭ

---

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن – تېخنىكا نەشرىياتى 2006 – يىلى 5 – ئاي نەشرى.

چوققىسىغىچە چىققىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ ئوخشاشمىغان تەرەپلىرىدە ئېگىزلىكى ھەرخىل بولغان، يورۇقلۇق چۈشىدىغان ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان 14 دېرىزىسى بار.



مۇنارنىڭ چوققا قىسمىدا دۈگىلەك زال بولۇپ، تۆت تەرەپكە ئېچىلغان مېھرابسىمان ئىشىكى بار، ئىشىكتىن چىقىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ تۆت ئەتراپنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇنار خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، نەقىشلىك خىشلار بىلەن 15 تۈرلۈك نەقىش چىقىرىلغان. ھەممە يېرىدىكى خىشنىڭ ئەسلىي رەڭگى توپا رەڭدە. مۇنار ئىچىدە بىرەر ئۇل تاش قويۇلمىغان، ياغاچمۇ ئىشلىتىلمىگەن، پۈتۈنلەي خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۇيۇل تۈۋرۈك مۇنارنىڭ بارلىق ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاددىي ۋە كۆركەم قىلىپ سېلىنغان بۇ مۇنار ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. خانىقا توققۇز بۆلمە كەڭلىكتە، ئىشىكتىن تۆرگىچە 11 بۆلمە ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، چاسا شەكىلدە، تۈز ئۆگزىلىك قىلىپ

www.uyghurkitap.com



سىلىنغان، بىراق مېھرابىنىڭ ئۈستىگە قۇببە چىقىرىلغان. خانىقا زالى بىلەن يان نامازخانىلار مېھرابسىمان ئىشىكلەر ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. دەرۋازا راۋىقىنىڭ ئۇدۇلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ مېھرابسىمان ئىشىك ئېچىلغان، ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئىشىك تۆت بۇرجەك شەكىلدە. ئىچىگە كىرگەنلا يەردە قۇببە ئۆگزىلىك چوڭ زال بولۇپ، ئۇدۇل ماڭسا چوڭ نامازخانىغا كىرگىلى، سولغا ماڭسا مۇنار ئېغىزىغا چىققىلى بولىدۇ. مۇنار، خانىقا ۋە دەرۋازا راۋىقى بىر گەۋدە بولۇپ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ئۇسلۇبىنى جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقىدا تىكلەنگەن بىر بايراق دېيىشكە بولىدۇ. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىدا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن.

## ئۈرۈمچى خانتەڭرى جامەسى*

ئۈرۈمچى نەنمېن مەسچىتى مەشھۇر مەسچىت. 1882 ـ يىلى سېلىنىپ، 1902 ـ يىلى قايتا قۇرۇلغان. ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنماي، 1985 ـ يىلى قايتا قۇرۇلغان.



* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 – ئاي نەشرى.

شۈنىڭدىن باشلاپ «خانتەڭرى جامەسى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى جامەنىڭ ئورنى نەنمىن چوڭ كوچىسىدا بولۇپ، شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. سېلىنىشى چىرايلىق، تۆت ئۇچلۇق مۇنار مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېرىم شارسىمان قۇببىنىڭ تۆت تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئىككى يېنىدا يەنە كىچىكرەك ئىككى قۇببە بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن شەكلى تىپىك ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ گەۋدىسى مۇنار شەكىللىك بولۇپ، يەر مەيدانى 2800 كۋادرات مېتىر، تۆت قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان. ئالدىنقى چوڭ ئىشىك ۋە نامازخانا بىر گەۋدە بولۇپ، ئالدىدا كەڭ ئايۋان، ئىككى تەرىپىدە رېشاتكىلىق پەلەمپەي بار. نامازخانىنىڭ ئىچى ئازادە ۋە يورۇق بولۇپ، تىنچ، 1000 دىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. بىرىنچى قەۋىتى يەر ئاستى قەۋىتى، ئىككىنچى قەۋىتى يەر ئۈستىدىكى بىرىنچى قەۋەت بولۇپ، مەسچىتتە مۇستەھەپخانا ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ھۇجرىلار ھەمدە مەسچىت سودا سارىيى بار. ئىككى تەرەپتىكى پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىكى ئۈچىنچى قەۋەت قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — نامازخانا. تۆتىنچى قەۋەت تالىپلارنى تەربىيەلەيدىغان دەرسخانا.

## ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتى *

ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتى مەشھۇر مەسچىت. 1898 ـ يىلى سېلىنغان. نوغاي مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر مەسچىت خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما، ئۇسلۇب جەھەتتىن باشقا مەسچىتلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەسچىتنىڭ نامازخانىسى تۆت چاسا بولۇپ، نامازخانىنىڭ ئىچىدە سول، ئوتتۇرا ۋە ئوڭ تارماق نامازخانىلىرى بار، ئۇدۇل ئىشىكتىن كىرىپ، دەھلىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ ئىشىك ئارقىلىق باشقا بۆلمىلەرگە كىرگىلى بولىدۇ. ئۆگزىسىنىڭ تۆت تەرىپى تۈز، ئوتتۇرىسىدا تۆت بۇرجەك گۇمبىزى بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئۈچلۈق مۇنارى بار، مۇنار ئاستىغا



رومبىسىمان قىرلىق تۇۋرۇك ئۇل قىلىنىپ، ئۈستى پىرامىدا شەكىلدە ياسىلىپ چوققىسىغا ھىلال ئاي شەكلى قوندۇرۇلغان. ھازىر بۇ مەسچىت قايتىدىن ياسىلىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن زامانىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

---

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

## كېرىيە جامەسى*

كېرىيە جامە مەسچىتى مەشھۇر مەسچىت. ئورنى كېرىيە ناھىيەسىدە. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە سېلىنغان، كېيىن كۆپ قېتىم كېڭەيتىلىپ ھازىرقى كۆلەمدىكى مەسچىت شەكىللەنگەن. بۇ مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 12 مىڭ 580 كۋادرات مېتىر. نامازخانىسىنىڭ ئايۋان بىلەن قوشۇلغاندىكى ئۇزۇنلۇقى 72 مېتىر، كەڭلىكى 41.5 مېتىر بولۇپ، 5000 ~ 6000 كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىت قورۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 109 مېتىر، كەڭلىكى 88 مېتىر، يەر مەيدانى 9592 كۋادرات مېتىر. قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتلاردا 10 مىڭغا يېقىن مۇسۇلمان ناماز ئوقۇيالايدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.



* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

## ئۈرۈمچى شەنشى چوڭ مەسچىتى*

ئۈرۈمچى شەنشى چوڭ مەسچىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇيزۇ مەسچىتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ چوڭ مەسچىت. ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى يۇڭخې ئۇدۇل كوچىسىدا.



چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى سېلىنىشقا باشلاپ، 1906 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 32 - يىلى) قايتا قۇرۇلغان. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا چوڭ رېمونت قىلىنغان. مەزكۇر مەسچىت چاسا قورۇ شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نامازخانىسى جۇڭگو

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەسىرلىرى شەكلىدىكى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت بولۇپ، ئالدى قىسمى تاق لەمپىلىك بېلىق قاسراقسىمان ئۆگزىلىك، كەينى قىسمى ئۈستى سەككىز بۇرجەكلىك، ئاستى تۆت بۇرجەكلىك، قەۋەت لەمپىلىك «سەككىز بۇرجەك راۋاق»، ئەزان ئېيتىش راۋىقىدىن ئىبارەت. نامازخانىنىڭ سىرتىدا ئايلانما دەھلىز تۇتىشىپ تۇرىدۇ. قورۇنىڭ شىمالىي، جەنۇبىي، شەرقىي تەرەپلىرىدە زال، ياتاقخانا، مەدرىسە ۋە غۇسلىخانا بار، مەزكۇر مەسچىت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇن.

# مازارلار

## سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى — ئاتۇش شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەشھەت يېزىسىغا جايلاشقان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى.



سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان — بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر خانى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى سۇتۇق 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سامانىيلار دۆلىتىدىن كەلگەن ئۆلىما ۋە ئالىم ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ دەۋىتى بى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئوردىنىڭ ئىچى - تېشىدا مەخپىي دىن تارقىتىپ كۈچ توپلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، قەشقەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (دىنىي ئىسمى ئابدۇكېرىمخان) دەپ ئېلان قىلغان ھەم ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىدا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن قاراخانىيلار ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 344 - يىلى (مىلادىيە 955 - يىلى) ئۆلگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنىپ، مازىرى ياسالغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ئىسلام مېمارچىلىقىغا مەنسۇپ ئىمارەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە بىرنەچچە قېتىم قايتا ياسالغان. مازارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىمارەتلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ مازار ئەڭ بۇرۇن ياغاچ تۈۋرۈك - لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان، تۆت ئەتراپىغا ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلىپ، دائىرە ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان بولۇپ، ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئىتى جەھەتتە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىمارەت — مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بۇ مازار يەكەن خانلىقى دەۋرىدە سۇلتان ئابدۇرەشىتخان تەرىپىدىن خىش ۋە رەڭدار كاھىشلار بىلەن تۆت چاسا گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى 1956 - يىلى قايتا ياسالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت بولۇپ، تۆت چاسا شەكىلدە ياسالغان. ئۇنىڭ غەرب تەرىپىگە ئىشىك قويۇلغان، قالغان ئۈچ تەرىپىگە تۆمۈر پەنجىرىلىك

دېرىزە ئورنىتىلغان، تۆت بۇرجىكىگە خىش بىلەن يۇمىلاق تۇۋرۇك چىقىرىلغان، تۆت تېمىنىڭ سىرتى ھەر خىل نەقىش ئويۇلغان خىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۈستى ياغاچ لىم بىلەن يېپىلىپ ئوتتۇرىسىغا كىچىك مۇنار چىقىرىلغان. ئۇ ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ــ 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە تارىخىي - مەدەنىي يادىكارلىق. ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارقالغاندىن بۇيانقى تارىخىنى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.



يېڭىدىن ياسالغان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى

www.uyghurkitap.com



## ئوردام مازىرى*

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەبرىسى. ئورنى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيەسىدە. بۇ مازارنىڭ ئوردام مازار دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئەلى ئارسلانخان تەختتىكى ۋاقىتتا كېرىيە بۇددىستلىرى بىلەن ئۇرۇشقان بولۇپ، ئۇرۇش جەريانىدا مۇشۇ يەرگە بارگاھ قۇرۇپ، ۋاقىتلىق ئوردا قىلغانىكەن. 998 - يىلىنىڭ بېشىدا (ھىجرىيە 388 - يىلى 1 - ئايدا) ئەلى ئارسلانخان كېرىيە بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غازاتتا شېھىت بولغان تۇنجى خاقانى بوپتۇ. 14 - ئەسىردىكى جامال قارشىنىڭ «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە ئاپىرىپ خاقان مەقبەرىسىگە، يەنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئارسلانخان مازىرىغا دەپنە قىلىنغانىكەن. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مازاردا پەقەت ئەلى ئارسلانخاننىڭ باش سۆڭىكى بار ئىمىش، تېنى ئۇ جەڭدە شېھىت بولغان يەرگە دەپنە قىلىنغانمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر مازارنىڭ 40 نەچچە ئادەم باشقۇرىدىغان خېلى كۆپ ۋەخپە يېرى بولغانىكەن. ئەسلى ئورنىنى ئاللىقاچان قۇم بېسىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتە بىرلا قۇم دۆۋىسىدىن باشقا ھېچقانداق قەبرە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت كېلىپ تاۋاپ قىلغۇچىلار قاداپ قويغان تۇغ - شەددىلەر بىلەن قورشىلىپ تۇرغان ئېگىز تۇغ تۇراسىلار بار. تۇغ

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

تۇراسى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، ئاستىنىنىڭ دىيامېتىرى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر. مازاردىن ئارىلىقى 2000 مېتىر كېلىدىغان جايدا بىر تۇزلەڭرەك كەلگەن ئويمان يەر بولۇپ، مازارنىڭ قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرى بىر مەسچىت، بىر خانىقا، شەيخ تۇرىدىغان 10 ئېغىز ئۆي ۋە ئىككى تۇغ تۇراسى بار. خانىقا كېسەك-ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، يېرىمى كۆمۈلۈپ قالغان، ئىچىدە يېنىغا تۇغ قادالغان بىر ئورەك بار. قۇربانلىق قىلغۇچىلار دائىم مۇشۇ يەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئورەكنىڭ ئىچىگە قان قىلىدىكەن. كەينى تېمىغا يېقىن يەرگە ئۇماچ قاينىتىدىغان ئۈچ مىس داش قازان قويۇلغان، ئەڭ چوڭىنىڭ دىيامېتىرى ئىككى مېتىر كېلىدۇ، قازانىنىڭ گىرۋىكىدە ئويۇلغان خەت بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قازان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغانىكەن. تاۋاپ قىلغۇچىلار مۇشۇ قازاندىن ئۇماچ ئېلىپ ئىچىدىكەن. ئوردام مازار «ئۇلۇغ قەبرە» دەپ قارىلىدۇ، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەسىرى ئەڭ چوڭ، ئۇ تاۋاپ قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ كېلىدىغان مازارلارنىڭ بىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## مەھمۇد كاشغەرىي مازىرى*

قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئالىم، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى. «ھەزرىتى موللام مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ، تولۇق نامى «ھەزرەت موللا شەمسىددىن بىن مەھمۇد قەشقەرى مازىرى». قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا.



12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا ۋە قەبرىلا ساقلىنىپ قالغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇۋرۇك شەكلىدە پەشتاق سېلىنغان، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتكە تەۋە. قەبرە دەرۋازىدىن 50 مېتىرچە يىراقتا، كېسەك-ياغاچلىق قورۇلما،

---

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

ئۆگزىسى تۈز. تورۇسى رەڭدار رەسىم ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، تۆت تېمىدا پارسچە يېزىلغان بېغىشلىمىلار بولۇپ، ھازىر تونۇغىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ سول تەرىپىدە بىر خارابە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بىر مەدرىسەنىڭ خارابىسى ئىكەن. مەھمۇد قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدا مۇشۇ مەدرىسەدە باش مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن. ئەسلىي بىر قەبرە تېشى بار بولۇپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن. ھازىر بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن مەلۇم بىر تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ مازارغا كىتاب ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا يازغان ئىسپات بار، ئىسپاتنىڭ ئاخىرىسىغا ھەدىيە قىلغۇچى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئالىم- ئۆلىمالارنىڭ قويغان ئىمزاسى بار. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەزكۇر مازار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىدىغان يېرى بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن سوپىلارمۇ مۇشۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت ئىستىقامەت قىلىشىدۇ. مەزكۇر مازار يېقىنقى يىللاردا تولۇق رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# يۈسۈپ خاس هاجىپ مازىرى*

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قەبرىسى. ئورنى قەشقەر شەھىرىدە.



يۈسۈپ خاس هاجىپ 11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەردە مەشھۇر ئىلمىي ھېكمەت خاراكتېرلىك داستان «قۇتادغۇبىلىگ»نى يازغان. يۈسۈپ خاس هاجىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىدىكى پايناپقا دەپنە قىلىنغان. كېيىنچە نەچچە قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە يولۇقۇپ، هازىرقى جايىغا كۆچۈرۈلگەن. مازار ئەرەب بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئاستى چاسا، ئۈس-

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

تى گۈمبەز بولۇپ، قەبرە ئىچىدىكى تام يۈزىگە يېشىل سىرلىق ساپال خىش چاپلانغان، ئالدى قىسمى نامازخانا. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ خارابىگە ئايلىنىپ، كىشىلەر بىلەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، 50 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تىزىملىكى»دە قەشقەر شەھىرى خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سەردارى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مۇكەممەل ساقلانغان قەبرىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ خاتا بېكىتىپ قويغان. 1980 ـ يىللارغا كەلگەندىلا مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن. كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1980 ـ يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئەسلىي شەكلى بويىچە بۇرۇنقى ئورنىغا قايتا ياساتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئارسلانخان مازىرى*

بۇ مازار قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىسى ئارسلانخان كەنتىگە جايلاشقان.

ئارسلانخان ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە (مىلادىيە 998 ـ يىلى) بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بىلەن بولغان جەڭدە قازا قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، جەسىتى جەڭ مەيدانى بولغان ئوردام مازىرىغا، بېشى هازىرقى ئارسلانخان مازىرىغا دەپنە قىلىنغانىكەن.



* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

## تۇيۇق مازىرى*

تۇلۇق ئاتىلىشى «تۇيۇق ئەسھابۇل كەھف مازىرى»، ئادەتتە «ئەۋلىيا قەبرىسى»، «ئۇلۇغلار قەبرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇرپان شەھىرىدىكى يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە. «ئەسھابۇل كەھف» ئەرەب تىلىدا «غاردا ياشىغۇچى» دېگەن مەنىدىكى سۆز. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن مەككىنىڭ غەربىدىكى مەلۇم دۆلەتتىن يەمەنخا قاتارلىق بەش كىشى شەرقتە كېلىپ «تەقدىر ئىلاھىغا سېغىنغان»، ئۇلار تۇرپاندىكى يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كېلىپ، ئىت ئەگەشتۇرۇۋالغان بىر پادىچىنى ئۇچراتقان، ئۇلار شۇ پادىچىغا ئەگىشىپ مېڭىپ تۇيۇقتا كەلگەندە بىر غارنى كۆرگەن ھەمدە غارغا كىرىپ ئىستىقامەت قىلغان. 300 يىلدىن كېيىن غاردىن چىقىشقا باشلىغان، بىرى يەنە غارغا كىرىپ كېتىپ ئىككىنچى قايتىپ چىقمىغان، ئالتە ... دەم بىلەن بىر ئىت بىللە ئىستىقامەت قىلىپ ئەۋلىيا بولغان. بۇ رىۋايەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ 18 ـ بابىدىكى «كەھف» سۈرىسىدە قەيت قىلىنىدۇ.

تۇيۇق مازىرى: غار تاغ قاپتىلىدا، هازىر ئۇنىڭ ئىچىدە مۇ-سۇلمانچە ئالتە قەبرە ۋە ئىتقا ئوخشايدىغان بىر تاش بار. غارنىڭ ئاغزىدا ياغاچ سالاسۇن بار، ئىچىگە بىر كالتەك قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەتتە ئەۋلىيادىن قالغان تەۋررۈك دېيىلىدۇ. ئۇنى سىلاپ قويسا بەخت قۇچىدۇ ۋە ئاللا ساقلايدۇ، دېيىلىدۇ. غارنىڭ سىرتىدا بىر

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ يەن-
تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مازار بار، مازار كېسەك-ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئىچىدە قەبرە يوق، تۆت تېمىغا لەۋھە، تۇغلار ئېسىلغان بولۇپ، بۇ يەر تاۋاپ قىلغۇچىلار-نىڭ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان جايى. ئەتراپىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قەب-رىلىرى كۆپ. بۇ مازارنىڭ تەسىرى بەك چوڭ، تاۋاپ قىلغۇچىلار ئىچىدە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىدىن باشقا، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلارمۇ بار.



## چىلتەن مازار (چىلتەنلىرىم)*

چىلتەن مازار (چىلتەنلىرىم) يەكەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە. «چىلتەن چىھىل تەن» پارسچە سۆز بولۇپ، «قىرىق جەسەت» دېگەن مەنىدە. مازارنىڭ نامى بىلەن مازار توغرىسىدىكى رىۋايەت بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. رىۋايەتتە مازارنىڭ خوجايىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا دىن تەرغىب قىلغىلى كەلگەن يەتتە نەپەر ئەرەب مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاشلا مۇھەممەد ئىكەن (يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئابدۇللا ئىشان خوجىنىڭ يەتتە مۇرىتى ئىكەن)، شۇڭا يەنە «يەتتە مۇھەممەدنىڭ مازىرى»، «ھەفتە مۇھەممەدان مازىرى»، «يەتتە ئەۋلىيا مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ. مازارنىڭ سېلىنغان ۋاقتىمۇ ئېنىق ئەمەس. مەزكۇر مازار توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا 16 - ئەسىردە شىنجاڭدا ئۆتكەن مۇسۇلمان تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى «تارىخىي رەشىدىي» دېگەن كىتابىدا: «يەكەن قەبرىلىرىدىكى قەدىمكى كىشىلەر دىننى تەرغىب قىلمىغان. بىراق، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرگە يەتتە ئەۋلىيانىڭ دەپنە قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىدۇ»، «بۇ يەتتە ئەۋلىيانىڭ ھەممىسى مەشھۇر كىشىلەر» دەپ يازغان. موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئابابەكرى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە (1468 ــ 1514 - يىللىرى) ۋە ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە (1865 ــ 1877 -

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى



يىلىلىرى) بۇ مازار رېمونت قىلىنىغان. مازار قەبرە، مەسچىت، مازارخانا، دەرۋازىدىن تەشكىل تاپقان. قەبرىنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى گۇمبەز بولۇپ، خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 10 نەچچە مېتىر، ئەرەب بىناكارلىقىغا تەۋە. مەقبەرە ئىچىدە يەتتە قەبرە بار. قەبرە ئالدىدا كەشكە ئوخشايدىغان بىر تاش بولۇپ، بۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاياغ ئىزى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەس-لىي مازاردا كۈمۈش بىلەن قاپلانغان بىر قۇتا بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ( يەنە بىر رىۋايەتتە ئىمام رەببانى-نىڭ ) ساقىلى ساقلانغان دېيىلىدۇ. 1958 - يىلى بۇ قۇتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تاپشۇرۇلغانىكەن.



چىلتەن (چىلتەنلىرىم )مازىرى

## نىيە چوڭ مازىرى (ئىمام جەئفەر سادىق مازىرى)*

ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ئىمامى جەئفەر سادىق نامىغا سالدۇرۇلغان خاتىرە مەقبەرىسى بولۇپ، «جەئفەر سادىق مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ. سېلىنغان يىلى ئېنىق ئەمەس. مازار بىر چوڭ قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان، بارخاننىڭ ئاستىدىن مازارنى ياقىلاپ 11 ئېشىكى بار. مەقبەرە ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تۈز ئۆگزىلىك، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئاددىي، مەقبەرە ئىچىدە ۋە ئۆگزىدە جەئفەر سادىقنىڭ قەبرىسىدىن بىردىن بار. مەقبەرە ئىچى ۋە سىرتىغا تۇغ ـ شەددىلەر قادالغان ۋە ھەرخىل مىس، تۆمۈر، ياغاچتىن ياسالغان ئويمىلار قويۇلغان. ئەتراپىدا نۇرغۇن قەبرىلەر بولۇپ، بۇلار ئۆلگەندىن كېيىن جەئفەر سادىقنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ قەبرىسى. يېنىدا ئۈچ مەسچىت، بىر مەدرىسە، 40 نەچچە ئۆي بار. بۇ مازار كېيىنكى كىشىلەرنىڭ جەئفەر سادىقنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسىغان خاتىرە مازىرى. جەئفەر سادىق 765 ـ يىلى مەدىنىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، پۈتۈن ئۆمرىدە شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان. بىراق، شىنجاڭدا ئۇنىڭ خوتەنگە كېلىپ دىننى تەرغىب قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئېقىپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يازما يادىكارلىق يوق. «شىنجاڭنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى»دە: «ھىجرىيەنىڭ 184 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىنىنىڭ چەۋرىسى جەئفەر سادىق شەرققە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، قەشقەردە تۇر-

---

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



بولغان، كېيىن جەئفەر سادىق خوتەنگە قىلىنغان غازاتتا شېھىت بولۇپ، غازاتنى داۋاملاشتۇرالمىغان» دېيىلىدۇ. «ستەيىننىڭ غەربىي دىياردىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە: «ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ مازىرى بىر مۇقەددەس جاي. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس داھىيسى ئىمام جەئفەر سادىق نەچچە يۈز مۇخلىسلىرىنى باشلاپ چىن ۋە ماچىندىكى كافىرلارغا غازات يۈرۈشى قىلىپ، شۇ يەردە شېھىت بولغان» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭ ھەممىسى يالغان، كېيىنكى كىشىلەر مۇشۇنى ئاساس قىلىنۋالغان. بۇ شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەسىرى ئەڭ چوڭ مازارلارنىڭ بىرى.



## قەيس غوجام مازىرى*

قەيس غوجام مازىرى يەنە «ئەۋلىيا قەبرىسى»، «يېشىل گۈمبەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنى تەرغىباتچىسى قەيسنىڭ قەبرىسى، قومۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدا. ئېيتىلىشچە، تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدە قەيس ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق خەلىپىسى ئوسماننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئۇۋەيس، ۋەققاسلار بىلەن بىللە ئەرەبىستاندىن جۇڭگوغا كېلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىدۇ. ۋەققاس، ئۇۋەيس ئىككىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گۇاڭجۇدا ۋە گەنسۇدىكى خۇيخۇيباۋ دېگەن يەردە كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلىدۇ. جېنگۇەننىڭ 9 - يىلى (635 - يىلى) قەيس كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كېتىۋېتىپ، گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىڭشىڭشيا دېگەن يەردە كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلىدۇ. سەپەرداشلىرى ئۇنى شۇ يەردىلا تاش قەبرە ياساپ دەپنە قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇ قەبرە شۇ پېتى ساقلىنىدۇ. «شىنجاڭنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى»دە: «شىڭشىڭشيادىكى تاغ قاپتىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرىسى بار»، «يەرلىك خەلقلەر پۇل يىغىپ ئۆي سېلىپ، ئۇنىڭغا قەبرە قاتۇرۇپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇشۇپ، تۇغ - شەددىلەرنى قاداشتى، يەنە ئۇنىڭ قەبرىسىگە تۇغ - لەۋھە تەقدىم قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قومۇل ۋاڭى مەبلەغ چىقىرىپ، گۈمبەزنى ياستىپ تۇردى. 1939 - يىلى گۈمبەز بۇزۇۋېتىلىپ قەيسنىڭ جەسىتى

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

جىلغىدا ئوچۇق قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەسەت مۇمىياغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە چىدىن ئارتۇقراق ئىكەن، ساقىلىمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ. 1945 - يىلى قومۇلدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى يىغىش قىلىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى ھازىرقى ئورنىغا ئەكېلىپ دەپنە قىلىپ، گۇمبەز قاتۇرغانىكەن. گۇمبەز ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى بىر گەۋدىلەشتۇرۇپ، تېگى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىنىپ، ئۇستى شىپاڭ شەكلىدە ياسالغان، ئۆگزىسىگە قۇببە چىقىرىلىپ، سىرتقى يۈزىگە ئاقۇچ يېشىل سىرلاقلىق ساپال خىش چاپلانغان، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 15 مېتىر. يېڭى ئورنىغا كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەندىن بۇيان، شىنجاڭ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىن تاۋاپ قىلغىلى كېلىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. بۇ گۇمبەز جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ دىپلوماتىيە تارىخىنى، ئىسلام دىنى تارىخىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەرەب خەلقى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى، جۈملىدىن جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



قەيس غوجام مازىرى

# تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى *

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن بىرى بولغان مەشھۇر تۇغ-لۇق تۆمۈرخان مازىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى قورغاس ناھىيەسىنىڭ بازىرىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا، چوڭ مازار كەنتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.



قەدىمكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي يادىكار-لىقلىرىدىن بىرى بولغان بۇ مازار ئەنئەنىۋى ئىسلام بىناكارلىق

* ئىسمايىل جىلىل: «تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى»، «جاھاننامە» (1 ـ قىسىمB)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى

www.uyghurkitap.com



ئۇسلۇبى بويىچە، ئاستى تىك تۆت چاسا، ئۈستى ئېگىز گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 19 مېتىر، ئاستى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 60 نەچچە مېتىر كېلىدۇ، مازارنىڭ تاملىرى يېشىل رەڭلىك نەپىس كاھىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان ھەم ئۇنىڭغا يېشىل، سېرىق، كۆك، بىنەپشە رەڭلەر بىلەن 12 خىل نەقىش ئىشلەنگەن. قەبرە ئۆيگە كىرىدىغان تۆت ئەتراپتىكى كىچىك ئىشىكلەردىن پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە ۋە مازار ئۈستىدىكى ئوچۇق سۇپىغا چىققىلى بولىدۇ. مازارغا بىر تالمۇ لىم ياكى ياغاچ تۈۋرۈك ئىشلىتىلمىگەن. بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ ياسالغان ۋاقتى 14 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ــ چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 730 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 1329 ـ يىلى) تۇغۇلغان. چىڭگىزخان 1219 ـ يىلى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ئىلى ۋادىسىدىن قارا شەھەر ۋە ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، چاغاتاي خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق ئۇرۇش غەلىيانلىرى تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ بۆلۈنۈشكە باشلىغان مەزگىلدە، 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ھەمدە چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلىپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبە قازانغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، 24 يېشىدا 160 مىڭ ئادىمى بىلەن (180 مىڭ ئادەم دېگەن قاراشلارمۇ بار) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇ ئىسلام دىنىغا بىرىنچى بولۇپ ئېتىقاد قىلغان موڭغۇل خانى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئىسلام دىنىنى ئاكتىپ تارقاتقان. مەسىلەن، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى ھەيدەر خوجا نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئىدىقۇت ئۇي-

غورلىرىغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، قارغوجا (هازىرقى تۇرپان)نى بېسىۋېلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. تۇغ-لۇق تۆمۈرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى (مىلادىيە 1347 — 1364 ـ يىللار) ئىسلام دىنى هازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىدە بارا - بارا كېڭەيگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەينى ۋاقىتتا ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، سەمەرقەنتنى ئال-غاندىن كېيىن، ھىجرىيە 765 ـ يىلى (مىلادىيە 1364 ـ يىلى) ئۆلگەن ۋە مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. مازار شۇنىڭدىن كېيىن ياسالغان بولۇپ، 600 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى — شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بىناكار-لىق ـ قۇرۇلۇش سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئى-گە تارىخىي يادىكارلىق. دۆلەت ئۇنى مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ رې-مونت قىلدۇردى. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي ـ شىمال چېگراسى بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

www.uyghurkitap.com



# مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا مازىرى*

مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا مازىرى كۇچا كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى مازار بېغى مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياسالغان. هازىر بۇ مازار ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى.



مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا مازىرى توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاساجۇپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۈچ تەرىپى كېسەك تام بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان ۋە ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە

---

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

قويۇلغان، ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان غەرب تەرىپىگە قوش قانات-
لىق ئىشىك ئېچىلغان، ئەتراپىدىكى تۈۋرۈكلۈك پېشايۋان ياغاچ
رېشاتكا بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان. بۇ پېشايۋان ياسالغاندىن بۇيان
بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن رېمونت قى-
لىش جەريانىدا ئۇنىڭ دەسلەپكى ياسىلىش شەكلى ۋە بىناكارلىق
سەنئەت ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنغان.

مازارنىڭ ئالدىدىكى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆي قىلىپ سېلىن-
غان مەسچىتكە ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە ئېچىلغان. تاشقىرىقى
مەسچىت كەڭ ۋە ئېگىز ياسالغان پېشايۋاندىن تەشكىل تاپقان بو-
لۇپ، تۈۋرۈك، لىم ۋە جەگىلىرىگە نەقىش ئويۇلغان.

ئىككى قەۋەتلىك ياسالغان مەسچىت پەشتىقىنىڭ ئاستى قەۋ-
تى ياغاچ لىملار بىلەن ۋاساجۇپ، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان،
ئۈستى خىش بىلەن گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلغان، سىرتقى
تەرىپى ۋە گۈمبەزنىڭ ئۈستى نەقىشلەنگەن يېشىل كاھىش خىشلار
بىلەن زىننەتلەنگەن.

مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا مازىرى ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى
ۋە نەقىش ـ بېزەكلىرى جەھەتتە قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئى-
گە. ئۇ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش جەر-
يانىنى چۈشىنىش ھەم ئەنئەنىۋى بىناكارلىق تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشتا بىزنى بەلگىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا ئاتاقلىق دىن تارقاتقۇچى مەۋلانە جاما-
لىدىن بۇخارانىڭ چوڭ ئوغلى. مەۋلانە جامالىدىن خوجا 13 ـ ئە-
سىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇخارادىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئاقسۇ،
كۇچا ئەتراپىدا دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆلگەندىن
كېيىن، ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن خوجا كۇچادا تۇرغان ۋە يېڭى
مەسچىت بىنا قىلدۇرۇپ، كۇچانىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان.
ئۇ 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋاپات بولغان. خاتىرە ئۈ-
چۈن مەسچىتنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇنىڭ مازىرى ياسالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئاپاق خوجا مازىرى*

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ داھىيسى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى. «ھەزرەت مازىرى»، «خوجا مەقبەرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زامانلاردا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ ئۇيغۇر توقال خانىشى ئىپارخان مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان دېگەن يالغان گەپ تارقالغانلىقتىن، كىشىلەر «ئىپارخان قەبرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، 1670 ـ يىلى ياسالغان.



* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

بۇ مازار ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا يۈسۈپ دەپنە قىلىنغان چاغدا دائىرىسى چوڭ ئەمەس ئىكەن. 1694 ـ يىلى مازار قارا تاغلىقلارنىڭ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپاق خوجا نەچچە سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، نەچچە ئۇنىڭ مەدىكارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ مازارنى ياساتقانىكەن. كېيىنكى يىلى ئاپاق خوجا قوزغىلاڭچى ئاما تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئاپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئىناۋىتى ھېسابقا ئېلىنىپ، مازار شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتىنىڭ جەسەتلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. 1811 ـ يىلى كېڭەيتىلگەندە مەقبەرە چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دەرۋازا راۋىقى ياسالغان. 1874 ـ يىلى قوقانلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مازار ئوتتۇرا ئاسىيا مازارلىرىنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن گۈمبەز، مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا راۋىقى، مۆتىۋەللىنىڭ ياتىقى، سەرراپ، سۇنئىي كۆل قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆز ئالدىغا بىر گەۋدە بولۇپ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئۆزئارا جۈلالىنىپ، بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مۇكەممەل بىر پۈتۈن ئىمارەتنى تەشكىل قىلىدۇ. گۈمبەز بۇ ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مەقبەرىنىڭ شەرقىدە تۇرىدۇ، بۇ ئىمارەت ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەۋە. ئاستى تۆت بۇرجەك، كەڭلىكى 35 مېتىر، بويىغا ئېچكىرىلىكى 29 مېتىر. ئۈستى قىسمى دىيامېتىرى 71 مېتىر كېلىدىغان چوڭ گۈمبەز بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 26 مېتىر. گۈمبەزنىڭ ئاستى كەڭ قەبرىخانا بولۇپ، ئىچىدە ئاپاق خوجىنىڭ بەش ئەۋلاد جەمەتىدىن 72 كىشىنىڭ قەبرىسى (ھازىر ساقلانغىنى 58 قەبرە) رەتلىك تىزىلغان. گۈمبەزنىڭ تۆت بۇرجەكىدە يېرىمى تامغا كىرگۈزۈپ سېلىنغان تۈۋرۈكسىمان پەشتاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوققىسىغىچە چىققىلى بولىدىغان پەلەمپەي بار. پۈتۈن گەۋدىسى ئاقۇچ يېشىل ئارىلاشقان كۆك رەڭدە، سىرىق سىرلانغان ساپال خىشلار چاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. چوڭ جامەسى مازارنىڭ غەربىدە. نامازخانىنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى پېتىنغۇ شەكىلدە بولۇپ، ئوتتۇرا نامازخانا ۋە ئوڭ-سول نامازخانىنىڭ ئوتتۇرىسى مېھرابسىمان ئىشىك بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، ئۆگزىسى 19 يانتۇ لىم قويۇلغان دۇگىلەك ئۆگزە، پۈتۈن قۇرۇلۇش خىش بىلەن سېلىنغان، چوڭ نامازخانىنىڭ دەھلىزىدە ئۈچ قاتار قويۇلغان، نەقىش ئويۇلغان 70 تىن ئارتۇق تۈۋرۈك بار، ئۆگزىسى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان. مەزكۇر مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقى ئىچىدە بىر قەدەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. 1948 - يىلى مازارنىڭ چوڭ گۈمبىزى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان.

بۇ مازار 1956 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتىلدى ھەم ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ 1874 - يىلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ياساتتى. كېيىن يەنە ئۈزۈكسىز رېمونت قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مازار جۇڭگو بىناكارلىقىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مۇسۇلمان قەبرىستانلىقىدۇر.

## يەكەن ئالتۇنلۇق مازىرى*

يەكەن كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن دەرۋازىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ئالتۇنلۇق — يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى خانلار قەبرىستانلىقى. ئۇ 1533 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىد خاننىڭ دەپنە قىلىنىشى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغان.



* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ مازارغا سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن ئابدۇرېشىتخان، ئابدۇللىتىپ خان، مەھەممەتخان، ئەخمەتخان، ئابدۇللاخان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە شائىرە ئامانىنساخان قاتارلىقلار دەپنە قىلىنغان. يەكەن خانلىقىدىن كېيىنكى خانلاردىن يەنە خوجا ئىسھاق ۋەلى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمۇ مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان.

ئالتۇنلۇق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. غەرب تەرىپىگە «ئالتۇن مەسچىت»، شەرق تەرىپىگە «ئالتۇن كۆل»، ئوتتۇرىغا «ئالتۇن مازار» جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5000 كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

«ئالتۇن مازار» نىڭ ئۆزى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنگەن. خانلار ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي مۇرىتلىرى دەپنە قىلىنغان قىسمى خىش تام ۋە ياغاچ رېشاتكىلار بىلەن ئايرىم دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئالدىغا داڭدار نەقىش - كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن دەرۋازا ئورنىتىلغان، ئىچىگە ئاستى ۋە ئۈستى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىلەر رەت - رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تام ۋە قەبرىلەرنىڭ سىرتى ھەر خىل نۇسخىدا نەقىشلەنگەن ۋە بېغىشلىما - خاتىرە خەتلەر پۈتۈلگەن گۈللۈك خىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئالدىغا رەڭگارەڭ تۇغلار قادالغان، تۇنەكخانىلار ئايرىم ياسالغان بولۇپ، پۈتۈن مازار ناھايىتى سۈرلۈك دىنىي تۈس ئالغان.

«ئالتۇنلۇق» ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. مازار ئەتراپىدىكى تاملارنىڭ بىر قىسمى ۋە ياغاچ رېشاتكىلار بۇزۇلۇپ، خاتىرە تاشلار ۋە خاتىرە خەتلەر پۈتۈلگەن گۈللۈك خىشلار يوقىلىپ كەتكەچكە، بەزى قەبرىلەرنى ئېنىق پەرق ئېتىش سەل قىيىن بولۇپ قالغان. لېكىن ئالتۇنلۇقنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى قىياس قىلىشقا ۋە ئۇنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئالتۇنلۇق — ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق. ئۇ يالغۇز يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مازار بىناكارلىقى سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

## ئابدۇرەھمان ۋاڭ مازىرى*

بۇ مازار يەكەن ناھىيەسى تومئۆستەڭ يېزىسى جايتېرەك كەنتىگە جايلاشقان. ئۇ بىرلا قەبرىگاھ بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 100 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.



ئابدۇرەھمان ۋاڭ ئۇچتۇرپان بەگلىرىدىن خوجەس بەگنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، مىلادىيە 1797 - يىلىدىن 1809 - يىلىغىچە يەكەندە ۋاڭ بولغان. ئۇ، ئەقىدە - ئىخلاسى كۈچلۈك، ئىنئام - ئېھسانلىرى كۆپ، ئىلىم - مەرىپەتكە ھېرىسمەن ئادەم بولۇپ، موللا -

* ئادىل مۇھەممەت تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

ئۆلىما، فازىل كىشىلەرگە كۆپ خەيرىخاھلىق قىلغان. 40 مىڭ سەر
ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىلىپ «موي شېرىپ خانىقاسى»نى ياسات-
قان. 1805 ـ يىلى خانىقانىڭ جەنۇب تەرىپىدىن يەر سېتىۋېلىپ-
ھازىرقى مازارنى ياساتقان. 1809 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن-
مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان.

ئابدۇرەھمان ۋاڭ مازىرى گۈمبەز تورۇسلۇق، پىششىق خىشتا
ياسالغان بولۇپ، مازارنىڭ سىرتقى يۈزى ھەر خىل رەڭلىك كا-
ھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىچ يۈزى گەجلىنىپ، نەقىشلەر، ئا-
يەتلەر ئويۇلغان. مازار ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ
ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى*

قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى قومۇل كونا شەھىرىنىڭ غەربىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ئالتۇنلۇق» دېگەن جايغا جايلاشقان. بۇ قەبرىستانلىق 17 ـ ئەسىردە ياسىلىشقا باشلىغان. ئۈچ ئەسىردىن بېرى ئۇزۇكسىز كېڭەيتىپ ياساش ئارقىلىق ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن.



قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى ئەسلىدە ئالتە مازار، بىر ھېيتگاھ مەسچىتى، ئون نەچچە ئېغىز ھوجرا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان. لېكىن ئالدىنقى ئالتە ۋاڭ ۋە ئۇلار-

* ئابدۇللا ئەخمىدى: «قومۇل ۋاڭلار قەبرىستانلىقى ـــ ئالتۇنلۇق»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»1987 ـ يىلى نەشرى.

نىڭ تەيجىلىرى، ئۆرۈق - تۇغقانلىرى دەپنە قىلىنغان ئۈچ مازار-
نىڭ ئىمارىتى ھەم ھۇجرىلار بۇزۇلۇپ كەتكەن. ھازىر ھېيتگاھ
مەسچىتى، بېشىرۋاڭ مازىرى، شامەخسۇت مازىرى ۋە بىر تەيجىلەر
مازىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5000
كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.



ھېيتگاھ مەسچىتى، قەبرىستانلىقتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەڭ
بۇرۇنقىسى بولۇپ، شامەخسۇت دەۋرىدە كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كې-
يىن، ھازىرقى ئىسكەتكە كىرگەن. بۇ مەسچىت ياغاچ قۇرۇلمى-
لىق، تۈز تورۇسلۇق بولۇپ، 111 دانە نەقىشلىق تۈۋرۈك بىلەن
تۇرغۇزۇلغان. مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 54 مېتىر، كەڭلىكى 36
مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ تورۇسىغا ياغاچ پەنجىرىلىك ۋە چاسا خالىق
ياسالغان ئۈچ تۈڭلۈك ئېچىلغان. تورۇس ۋە تۆت تامغا ھۆسنى خەت
شەكلىدە يېزىلغان دىنىي نەسىھەتنامىلەر مەسچىتنى تېخىمۇ كۆر-
كەم تۈسكە كىرگۈزگەن.

بېشىرۋاڭ مازىرى ئۇزۇنچاق گۇمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسال-

غان، تۆت بۇرجىكىگە يۇمىلاق مۇنار چىقىرىلغان، ئايلانما ياغاچ پە-لەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. مازارنىڭ سىرتى سۇس يېشىل ۋە كۆك نەقىش چۈشۈرۈلگەن كاھىش بىلەن، گۈمبەزنىڭ ئۈستى يېشىل كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن، ئىچىگە كۆك نەقىش سىزىلغان. بۇ مازارغا بېشىرۋاڭ ۋە ئۇنىڭ خانىشى مېھرىبانۇ چىد-نىۋاڭ، غولام مۇھەممەد ۋاڭ ۋە ۋاڭ جەمەتىدىن بولۇپ 40 كىشى دەپنە قىلىنغان.

شامەخسۇت مازىرى توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت بولۇپ، تۆت چاسا، گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان، ئۇنىڭ تۆت تەرد-پىگە ياغاچ پەنجىرىلىك قوش دېرىزە ئورنىتىلغان، سىرتىغا ياغاچ تۈۋرۈك، لىملار بىلەن ئۈچ قەۋەت لەمپە چىقىرىلغان.

تەيجىلەر مازىرىنىڭ ئاستى تۆت چاسا بولۇپ، ئۈستى لىملارنى چاسا شەكىللىك چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق قوش لەمپىلىك قىلىپ ياسالغان، بۇ مازار ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، لەمپە چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە.

قومۇل شەرقىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە ۋاڭلىق تۈزۈمى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم يولغا قويۇلغان، مىڭ سۇلالىسى مىلادىيە 1404 - يىلى قومۇل خانى ئەنىق تۆمۈر-گە بىرىنچى قېتىم «ئىتائەتمەن سادىق ۋاڭ» مەرتىۋىسىنى بەر-گەن.

1697 - يىلى قومۇل رايونىنىڭ دىنىي سەردارى ۋە فېئودال يانچىدارى مۇھەممەد شاھ خوجىنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا جۇڭغار تو-پىلىڭىنىڭ كاتتىبېشى غالدانىنىڭ ئوغلى ساپتىڭ بالجۇرنى تۇ-تۇۋالغانلىقى ھەم چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كاڭشى خان ئۇنىڭغا «قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1 - دەرىجە-لىك جاساق تارخانى» (ئەۋلادىغا مىراس قالىدىغان يانچىدارلىق

مەرتىۋە) دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. 1759 - يىلى چيەنلۇڭ خان يۇسۇپكە «قومۇل ئايماق ۋاڭى» دېگەن مەرتىۋىنى قوشۇپ بەرگەن. بۇ، قومۇلدىكى ئۇيغۇر فېئودالىلىرىنىڭ رەسمىي تۈردە ئايماق ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

قومۇل ۋاڭلىرى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەبەيدۇللاغا مەرتىۋە بەرگەندىن تارتىپ 1930 - يىلى نەزەر ۋاڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىكار قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ توققۇز ئەۋلاد (ئەبەيدۇللا، ۋاپا (گۇپا) بەگ، ئىمىن گۇڭ، يۇسۇپ جۇنۋاڭ (ئايماق ۋاڭى)، ئىسھاق ۋاڭ، ئەردىشىر ۋاڭ، مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ، غولام مۇھەممەد چىنۋاڭ — ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئانىسى مېھرىبانۇ ۋاڭلىق قىلغان، شامەخسۇت — ئۇنىڭ ئوغلى نەزەر ئۆزىنى ۋاڭ دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلمىگەن، 233 يىل دەۋر سۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدە تەتقىقات.

# شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى*

## 1) شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى بىناكارلىقى

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى (9 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە) دە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، يەنى دىنىي ئېتىقاد يېڭىلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدا يېڭىچە بىر مەدەنىي مۇھىت «ئىسلام مەدەنىيىتى» شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا دەسلەپكى تارقالغان دەۋرلەردە، يەنى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپ يۈكسەلدى. مانا شۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا تۇرالغۇ ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار، شۇنداقلا قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى جايلاشقان ئوردا – قەسىرلەر، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە زامان ۋە ماكانغا خاس ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل خانلىق شەھەرلىرىدە ئۆزگىچە، يەنى ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىدىكى «شەھەر مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن بىلىشىمىزچە، ئەينى دەۋرلەردە تامچىلىق، كاھىشچىلىق

* ئادىل مۇھەممەت تۈزگەن: «شىنجاڭ كىچىك قامۇسى — شىنجاڭنىڭ سەنئىتى»، شىنجاڭ پەن – تېخنىكا نەشرىياتى، 2012 – يىلى 3 – ئاي نەشرى، 138 — 161 – بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىنغان بولۇپ، شەھەرلەر خىشتىن ۋە گۈللۈك خىشلاردىن يا-
سالغان، كاھىش بىلەن بېزەلگەن ئوردا ـ خانىقا، مەدرىسە، مەس-
چىت، ساراي ، رەستە ۋە رەتلىك كوچىلاردىن تەركىب تاپقانىدى.
دېرىزىلەرگە ئەينەك قويۇپ ئۆي ئىچىنىڭ يورۇقلۇقىغا كاپالەتلىك
قىلىش قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىق ئىشلىرىدا تىلغا ئې-
لىشقا ئەرزىيدىغان بىر يېڭىلىق ئىدى[1].

شىنجاڭنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق سە-
ئىتىنى مۇنداق بىرقانچە تۈر بويىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ:

## تۇرالغۇ

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس
يۆتكەپ يۈرۈشكە ئەپلىك، قۇرۇلمىسى ئاددىي ۋە كىچىك ئۆيلىرى
خىش ۋە كېسەك، سوقما تاملىرى تۈز ۋە ئەگمە تورۇسلۇق ئۆيلەر-
گە ئورۇن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق
ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇلغانىدى. مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ خاتىرىلىشىچە، ئەينى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرال-
غۇ ئۆيلىرى ھويلا ـ باغ، كۆكتاتلىق، گۈللۈك، قوتان، دەرۋازا قا-
تارلىقلاردىن تەركىب تاپاتتى. ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۈن پېتىشقا
قارايدىغان بولۇپ، ھەممىلا ئائىلىنىڭ «قاپقا» (دەرۋازا) سى بولات-
تى. قوي ۋە باشقا ھايۋانلارنى سولاش ئۈچۈن سوقما تام ۋە چىۋىق ـ
بادرالاردىن ياسالغان قوتانلار بار ئىدى. ھويلىدا يەنە ئۈستى يېپى-
لىپ ئاستىغا سۇپا چىقىرىلغان «سۇكە» دەپ ئاتىلىدىغان قوشۇمچە
ئىمارەت ۋە بالىخانا قاتارلىقلارمۇ بولۇپ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش-
نىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياسالغانىدى. ئۆينىڭ ئىچكى قىسمىمۇ
مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىر تەرىپىگە مەخسۇس «ئوچاق-

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەت-
لەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 698 ـ، 699 بەتلەر.

لىق يەر»، بىر تەرىپىگە «كۆتۈرمە سۇپا» چىقىرىلىپ، سۇپا ئۈس-
تىگە كىگىز - گىلەم سېلىنغان، تامنى ئويۇش ئارقىلىق «مەرەپ،
لىمتاق» ياسىلىپ، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە ۋە باشقا
تۇرمۇش بۇيۇملىرى قويىدىغان تەكچە - مېھرابلىق ئۆيلەر ئايرىم
ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆيلەرنىڭ
يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئاساسەن «تۈڭلۈك» ۋە پەنجىرە - روجەك-
لەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغان
كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ئەينەكلىك دېرىزىلەر مەيدانغا كەلدى.

بۇ دەۋردە يەنە ئاھالىلەرنىڭ ئىشىك ئالدى ۋە كوچىلارنى پاكىز
تۇتۇشى، يوللارنىڭ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ مېڭىشىغا توسقۇن
بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئازادە بولۇشى دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن
ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئەمەلدار - «مۇھتەسسىپ»
لەر تەيىنلەنگەنىدى[①].

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۇرالغۇلارنىڭ ئۆگزىلىرىنى ئەگمىلىك
(گۈمبەزسىمان) يېپىشى - ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەكلىماكاننى چۆ-
رىدىگەن بوستانلىقلارنىڭ قۇرغاق، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا
كىلىماتىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلغان ئۈنۈملۈك
ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولغان بولسا، تەكچە - مەرەپلەر - ئىسلامىي-
يەتتىن بۇرۇنقى بۇددىزم ئەقىدىسىگە ئاساسەن بۇت قويۇش مەق-
سىتىدە تاملارنى ئويۇپ ياسىغان ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش
ۋاسىتىلىرىدىن بىرى ئىدى[②].

---

① رىشات گەنجى: «قارا خانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى، 1990 - يىلى، 3 - ئاي نەشرى.

② ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى»،
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 4 - سان. 117 -،
118 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەھەر قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار دەۋرىدە دىنىي، سىياسىي كۈرەشلەر سەۋەبىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان بەزى شەھەرلەر تاشلىنىپ قېلىپ خارابىلىككە ئايلانغان بولسىمۇ، بىر قىسىم شەھەرلەرگە يەنىلا ئىسلام دىنىي تەرەققىياتىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مەسچىت قاتارلىق دىنىي قۇرۇلۇشلار كۆپلەپ سېلىنغان. بۇ دەۋردە شەھەر قۇرۇلۇشى ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ماس ھالدا تەرەققىي قىلغان. سۇلالە تەۋەسىدە قەدىمىي ۋە يېڭى شەھەرلەردىن ئوردوكەنت (قەشقەر)، بالاساغۇن، ياركەنت (يەكەن)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئاقسۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر بار ئىدى. قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەھىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. يازما مەنبەلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە شەھەرلەر ئوردو (ئوردا)، كەنت ۋە بالىق دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي جەھەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغان. يەنى ئوردۇ (ئوردا) دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرلەر مەخسۇس خانلار تۇرىدىغان پايتەخت شەھەرگە قارىتىلغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە «ئوردو، خان شەھىرى، بۇنىڭدىن ئېلىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەرى ‹ئوردو كەنت› دېيىلىدۇ» دەپ يازغان. بۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي پايتەختى بولغان بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇز ‹شىمال› ئوردو» دەپ ئاتالغان.

كەنت — ئۇيغۇرلارغا سوغداقلاردىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدە بۇ سۆزنى شەھەر مەنىسىدە قوللانغان. ئوغۇزلار بولسا «يېزا» دېگەن مەنىدە قوللىناتتى، مەھمۇد كاشغەرىي «كەنت»نى «كەنت — شەھەر، شۇنىڭدىن ئېلىپ قەشقەر ئوردو كەنت دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئىزاھلايدۇ. قاراخانىيلار زامانىسىدا شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق ۋە باغلارنىڭ «كەنت كۆكى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى؛ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «بۇ شەھەر (ئوردوكەنت) نىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغان-

لىقتىن، ئافراسىياب شۇ يەردە تۇرغان» دەپ قەيت قىلىنىشى ۋە ئۆز كەنت (ئۆزكەنت)، چىمكەنت، ياركەنت دېگەن قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يەر ناملىرىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، كەنت مەنزىرىسى گۈزەل، تەبىئىي ئورمان بىلەن قاپلانغان ھاۋالىق شەھەرلەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرىكى زامانلارغا ئوخشاشلا شەھەرلەر سېپىل بىلەن قورشىلىپ، دېھقان، چارۋىچى ۋە چەت ئەللىك ئەلچى سودىگەرلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرى شەھەر دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت چوڭ شەھەرلەردە تۆت دەرۋازا بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ئۈستىگە نوكەش ياسىلىدىغانلىقى، بۇنداق سېپىللارنىڭ «نوكەشلىك تام» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، «تام» سۆزى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا سېپىل، قەلئە ۋە تام مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقى، بۇ نوكەشلەرنىڭ شەھەر سىرتىدىكى تاغ ياكى دۆڭلۈكلەرگە ياسالغان «قارغۇي» ياكى «قارغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇلۇشلار بىلەن ئوت يېقىش ياكى ئىس قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق خەۋەرلىشىدىغانلىقى مەلۇم[①].

**مەسچىت - مەدرىسەلەر**

قاراخانىيلار تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەسچىتنى سۇتۇق بۇغراخان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئارتۇچ دېگەن جايغا سالدۇرغان. ئۇ مىلادىيە 955 - يىلى ۋاپات بولغاندىمۇ مۇشۇ مەسچىت يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى قاراخانىيلار

① ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 4 - سان، 119 -، 120 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com



جامائەتنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئاساسەن مەسچىتلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، سۇلالىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەسچىت بىنا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بۇرۇنقى بۇتخانىلارنىڭ ئورنىغا خانىقا ۋە مەكتەپلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تاكى تاغقا تۇتاشقۇچە تۇرار جاي ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار تاغقا چىقىپ مەشھەت يېزىسىدىكى ئالتۇن مۇنارلىق بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى. ھازىرقى قەشقەر كونا شەھىرىنىڭ ئورنىدىمۇ «تۈمەن» ناملىق بىر چوڭ سەيلىگاھ بولۇپ، بۇ جاي دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سەيلىگاھى ئىدى، شۇنداقلا چەت ئەل ئەلچىلىرى چۈشىدىغان چوڭ ساراي، مەسچىتلەرمۇ مۇشۇ جايدا ئىدى[1]. قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە «سۇلتانباغ» (خان بېغى)، تەكىيەگاھ (ئەلچىلەرنى كۈتىدىغان مېھمانخانا) ۋە «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىسە بولغان[2].

قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى مەدرىسەلەر ئىدى. مەيلى ئاتاقلىق مەدرىسە بىنالىرى ياكى كىچىكرەك مەدرىسە بىنالىرى بولسۇن ناھايىتى مول نەقىشلەر ۋە بېزەك ـ كۆرۈنۈشلەر بىلەن پەردازلىناتتى. تاملىرى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، گۈمبەزلىرى رەڭلىك كاھىشلار بىلەن بېزىلەتتى، دېرىزىلىرىگە ئەينەك قويۇلاتتى. ئادەتتە چوڭ مەدرىسەلەردە نۇرغۇن تالىپ سىغىدىغان دەرسخانىلار،

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىلى 3 ـ سان 100 ـ بەت.

ئىشخانىلار، ياتاق ئۆيلەر، سەراپ - هاممام، ئاشخانا ۋە ئاممىۋى هاجەتخانىلار بولغانىدى. ئەينى دەۋرلەردە باغدادتا نىزامۇ مۇلۇك (1018 ~ 1092) تەرىپىدىن «نىزامىيە مەدرىسەسى»، قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن «ساجىيە مەدرىسەسى» ۋە «هەمىدىيە مەدرىسەسى»، «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» قاتارلىق مەدرى-سەلەرمۇ قۇرۇلغان. بۇ مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، شائىرلارنىڭ ئىلمىي پائالى-يەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزلىرىگە ئايلانغان. شۇڭا، جامال قارشى شۇ دەۋردىكى قەشقەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر» دەپ يازغان[1].

قاراخانىيلار دەۋرىدە شەرق، غەرب سودىگەرلىرى يىپەك يولىنى بويلاپ بۇ سۇلالىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىن ئۆتكەچكە، قاراخا-نىيلار تەۋەسىدىكى شەھەرلەردە چوڭ - چوڭ سودا كارۋانلىرى چۈشىدىغان سارايلار ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلى-دىغان زور كۆلەملىك رەستىلەر ياسالغانىدى. تامغاچ ئىبراھىمخان دەۋرىدە بىنا قىلىنغان «سەمەرقەند سارىيى»، «ئاق كۆتەل سارىيى»، «تۇرغان مەلىكە سارىيى»، «بۇخارا سارىيى»، «جاپپار سارىيى»[2] قاتار-لىق ساراي - رەستىلەر بۇلارنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن سەئىدخان كۆپلىگەن ئۇ-نۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي، هەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە خانلىقنى مۇستەھكەملىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئۇزۇكسىز تەرەققىي قىلدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپلا قال-

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 - يىلى 3 - سان، 101 - بەت.

[2] رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى 3 - نەشرى، 110 -، 111 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماستىن، سودا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىتتىپاقلىق ۋە خا-تىرجەملىك ئاساسىدا ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلى-رىنى گۈللەندۈردى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەردە «خاقانىيە مەدرىسەسى» كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. يەكەندىمۇ «رەشىدىيە مەدرىسە-سى» قاتارلىق بىر قانچە مەدرىسەلەر قۇرۇلدى ۋە خانلىق كۇتۇپخا-نىسى، قول سانائەت ئىشخانىلىرى، سودا كارۋان سارايلىرى، ئەدە-بىيات - سەنئەت سورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. ئابدۇللاخان دەۋرىدە يەكەن خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇرۇش - يېغىلىقلار سەۋەبىدىن خاراب بولغان شەھەرلەر ئاۋات قىلىندى. يوللار راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئۆتەڭلەر قۇرۇلدى. شەھەرلەردە مەدرىسە، جامەلەر كۆپلەپ بىنا قىلىنىپ شە-ھەر قۇرۇلۇشى راۋاجلاندى. ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە نەق-قاشلىق سەنئىتىنىڭ سەۋىيەسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش سەنئىتىنى مۇنداق بىرقانچە تۈر بويىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ:

### تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە سەئىدخان «پۈتۈن پۇقرالارنى راھەت ئارامىغا قىلىش» ئۈچۈن تۈرغۇن تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن، ئىلگىرىكى ئۇرۇش يىللىرىدا ۋەيران قىلىنغان شەھەر ۋە دېھقان-چىلىق رايونلىرى تېز ئەسلىگە كېلىپ، تۈرغۇن يېزا - بازار ۋە كەنت مەھەللىلەر بىنا بولدى. «قەشقەر ئەتراپى، يېڭىسار، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، باي، كۇچا، شايار قاتارلىق جايلاردا يېزا - بازارلىرى زىچ، نوپۇس كۆپ، ئۆي ئىمارەتلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرى-دۇ. ئىتلىرىنىڭ قاۋىشى، توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرىمۇ بىر - بى-رىگە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ھەممە يەردە ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلىدۇ، ئات - كالىلار پادا - پادا بولۇپ يايلىغان، ھەممە يەر باراقسان باغباراڭلار بىلەن تولغان»[1] مەنزىرە بارلىققا كەلگەن.

مانا مۇشۇ شەھەر ـ بازار ۋە يېزا ـ كەنتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ مۇجەسسەمى ئىدى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتە توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغاندىن سىرت، يەنە ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوشام ئۆيلەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. بۇ تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش ھۈنەر ـ سەنئىتى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. تۈڭلۈك بىلەن گۈللۈك پەنجىرە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۆيلەرنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايتتى. بايلار بىلەن ھاللىق سەۋىيەدىكى سودىگەرلەر ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، تەكچە، ئەينەكلىك دېرىزە، بالىخانا، راۋاق، پېشايۋان، باغ، ھويلا، يازلىق چايخانا، دەرۋازا، ئېغىل ـ قوتان... قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان باغباراڭلىق تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلىنى ئالغان.

مۇشۇ دەۋردىكى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك شۇكى، مەيلى شەھەر ـ بازارلاردا بولسۇن ياكى يېزا ـ كەنتلەردە بولسۇن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرى باغ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغانىدى. مېۋىلىك دەرەخ تىكىش ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش ھېسابلىناتتى[2].

### جامائەت قۇرۇلۇشلىرى

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن دىنىي قۇرۇلۇشلاردا، يەنى مەسچىت، مەدرىسە ۋە

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 423 ـ بەت.

② ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 250 ـ، 251 بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بولۇپ، قورۇلمىسى ئىنتايىن پۇختا، ھەربىر دەرۋازىـ
ى تەرىپىگە بىردىن مۇنار ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا ئالـ
ۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كىمىكى قايسى بىر دەرۋازىدىن كىرـ
ىدىكەن چوقۇم مۇشۇ ئىككى مۇنار ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈـ
. ئەگەر دۈشمەنلەر ئوردىغا ھۇجۇم قىلسا ئالدى ـ ئارـ
ئوڭ ـ سولدىن زەربىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق قورۇلۇش
ى باشقا قەلئەلەردە يوق. بۇ جايدا ئىنتايىن گۈزەل بىر
، يازدا بۇ جايدا سالقىنداش تەننىڭ سالامەتلىكىگە كاپاـ
لىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى. سەئىدخان شۇڭا بۇ
ردىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئوردا ئىچىگە ئىنتايىن كۆركەم
الغان بولۇپ، بۇنى تەسۋىرلەشكە قەغەز ـ قەلەم ئاجىزـ
دۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدە ئوندەك باغ بار. ئوتتۇرىسىدا
وڭ بىنالار بولۇپ، ھەربىر بىنادا يۈز ئېغىزدىن ئۆي بار.
ىڭ ئىچىگە كىتاب جاھازلىرى تىزىلغان، تاملارغا تەكچە
تورۇسى ھاك بىلەن ئاقارتىلغان، تاملىرىغا كاھىش چاپـ
ستىگە رەسىم سىزىلغان...»[1] كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
لىقىنىڭ ئوردىسى باغ بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ لايىھەـ
نىڭدىن، ئوردا ئىچىدىكى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئىلگىرىـ
ردىكىدىن بېيىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەڭ مۇـ
ەن خانلىقىنىڭ ئوردىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ توـ
رىنىڭ ئىسسىقىدىمۇ ھۆكۈمرانىنى سالقىن ۋە ھۇزۇرلۇق
لەن تەمىن ئېتەلىگەچكە، يەكەن خانلىقىدا تارىختىكى
لىقلىرىنىڭ «يازلىق ياكى قىشلىق ئوردا» بىنا قىلىشـ

---

ا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ
ە نەشرى، 209 ـ بەت. (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيـ
ق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى،
ـ بەتلەر).

تەك ئەنئەنىسىگە خاتىمە بېرىلگەن. بۇ ئىلگىرىكى ئۇيغۇر خانلىق-
رىنىڭ ئوردا قۇرۇلۇشىدا كەم كۆرۈلىدۇ[①].

**مەدرىسە**

يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى
بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا، جۈملىدىن مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تە-
رەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇ، يەكەن خانلىقىدىكى ھۆ-
كۈمرانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا شائىر ۋە ئەدىب بولغانلىقى بى-
لەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. شۇڭا، يەكەن خانلىقى 168 يىل
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خېلى يۇقىرى سە-
ۋىيەگە يەتكەن بىر دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەكەن خانلىقىدىكى
مەدرىسەلەر «خانلىق مەدرىسە» ۋە «مەدرىسە» دەپ ئىككى دەرىجىگە
بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپخانىلار بار بولۇپ، بۇلار
مەدرىسەلەر ئۈچۈن تۈركۈملەپ تايانچلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتە
مۇھىم رول ئوينىغان.

خانلىق مەدرىسەلەر يەكەن خانلىقىدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرت-
لىرى بولۇپ، خانلىق مەركىزىدە، چوڭ شەھەردە قۇرۇلغان. «مىرزا
ھەيدەر مەدرىسەسى» (جاھان مەدرىسەسىمۇ دېيىلىدۇ)، سەئىدخان
بىنا قىلدۇرغان «خانلىق مەدرىسە»، كۇچادىكى «ۋەلىيە مەدرىسە-
سى»... قاتارلىق مەدرىسەلەر خانلىق مەدرىسە ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ
ئىچىدە «مىرزا ھەيدەر مەدرىسەسى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كاتتا
بولۇپ، پىششىق خىش - كاھىشتىن ياسالغان. مەلۇماتلارغا ئا-
ساسلانغاندا، بۇ مەدرىسەنىڭ مۇنارى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۇس-
تىگە چىقىپ قارىسا، ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەكەن دەريا-
سىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىن-
جاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 254 - بەت.

قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە» نى يەكەن خانلىقىنىڭ سەككىزىنچى نۆۋەتلىك خانى ئابدۇللاخان (مىلادىيە 1639 ~1652 – يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) 1641 – يىلى بىنا قىلدۇرغان بولۇپ، دەرۋازا، مۇنار، پەشتاق، ئايۋان، ئىچكىرى – تاشقىرى هويلا، پېشايۋان، هۇجرىدىن ئىبارەت يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن. قوش قاناتلىق دارۋازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، كەڭلىكى 2.8 مېتىر بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىدە مۇدەررىسلەرنىڭ دەرس تەييارلايدىغان، ئارام ئالىدىغان هۇجرىلىرى بولغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېگىزلىكى 13 مېتىر كېلىدىغان نەقىشلىك مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن هەل بېرىلگەن هىلال ئاي بەلگىسى بار ئىدى. دەرۋازا بېشىغا بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى هەققىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر هۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. مەدرىسە تاملىرىنىڭ ئۇلى 13 قۇر ئېگىزلىككچە خىش بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. كۆلىمى 1468 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. چوڭ – كىچىك 53 هۇجرىسى بار ئىدى. خانلىق مەدرىسەنىڭ يېنىغا يەنە «قازانچى مەدرىسەسى» ناملىق بىر مەدرىسە ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىككى مەدرىسە بىر – بىرىگە ياندىشىپ تۇراتتى.

ئادەتتىكى مەدرىسەلەر بىر قەدەر ئومۇملاشقان يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، چوڭ شەهەرلەردە، ۋىلايەت – ناهىيەلەردە، يېزىلاردا قۇرۇلغان. قەشقەردىكى «مەدرىسە كېرىمىيە»، «قازانچى مەدرىسەسى»، يەكەندىكى «مەدرىسە مۇهەممىدىيە»، سۇلتان سەئىدخاننى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ياسالغان «غازىيە مەدرىسەسى»، «مەدرىسەسى مەهمۇدىيە»، «ئورداڭلىق مەدرىسەسى»، «ئارسلانباغ مەدرىسەسى»، «هۆرىيەت مەدرىسەسى» (يېڭىسارىدا)، «سايرام مەدرىسەسى» قاتارلىق مەدرىسەلەر مۇشۇ خىل مەدرىسەلەرگە كىرىدۇ[1].

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 – يىلى 12 – ئاي نەشرى، 255 –، 258 بەتلەر.

تەك ئەنئەنىسىگە خاتىمە بېرىلگەن. بۇ ئىلگىرىكى ئۇيغۇر خانلى-رىنىڭ ئوردا قۇرۇلۇشىدا كەم كۆرۈلىدۇ[1].

مەدرىسە

يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا، جۈملىدىن مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تە-رەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇ، يەكەن خانلىقىدىكى ھۆ-كۈمرانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا شائىر ۋە ئەدىب بولغانلىقى بى-لەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. شۇڭا، يەكەن خانلىقى 168 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خېلى يۇقىرى سە-ۋىيەگە يەتكەن بىر دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەكەن خانلىقىدىكى مەدرىسەلەر «خانلىق مەدرىسە» ۋە «مەدرىسە» دەپ ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپخانىلار بار بولۇپ، بۇلار مەدرىسەلەر ئۈچۈن تۈركۈملەپ تايانچلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

خانلىق مەدرىسەلەر يەكەن خانلىقىدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرت-لىرى بولۇپ، خانلىق مەركىزىدە، چوڭ شەھەردە قۇرۇلغان. «مىرزا ھەيدەر مەدرىسەسى» (جاھان مەدرىسەسىمۇ دېيىلىدۇ)، سەئىدخان بىنا قىلدۇرغان «خانلىق مەدرىسە»، كوچادىكى «ۋەلىيە مەدرىسە-سى»... قاتارلىق مەدرىسەلەر خانلىق مەدرىسە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «مىرزا ھەيدەر مەدرىسەسى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كاتتا بولۇپ، پىششىق خىش ـ كاھىشتىن ياسالغان. مەلۇماتلارغا ئا-ساسلانغاندا، بۇ مەدرىسەنىڭ مۇنارى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۇنى-ڭغا چىقىپ قارىسا، ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەكەن دەريا-سىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىن-جاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 254 ـ بەت.

قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە» نى يەكەن خانلىقىنىڭ سەككىزىنچى نۆۋەتلىك خانى ئابدۇللاخان (مىلادىيە 1639 ~ 1652 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) 1641 - يىلى بىنا قىلدۇرغان بولۇپ، دەرۋازا، مۇنار، پەشتاق، ئايۋان، ئىچكىرى - تاشقىرى هويلا، پېشايۋان، هۇجرىدىن ئىبارەت يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن. قوش قاناتلىق دارۋازىسىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، كەڭلىكى 2.8 مېتىر بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىدە مۇدەررىسلەرنىڭ دەرس تەييارلايدىغان، ئارام ئالىدىغان هۇجرىلىرى بولغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېگىزلىكى 13 مېتىر كېلىدىغان نەقىشلىك مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن هەل بېرىلگەن هىلال ئاي بەلگىسى بار ئىدى. دەرۋازا بېشىغا بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى هەققىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر هۆسنخەت ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. مەدرىسە تاملىرىنىڭ ئۇلى 13 قۇر ئېگىزلىككىچە خىش بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. كۆلىمى 1468 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. چوڭ - كىچىك 53 هۇجرىسى بار ئىدى. خانلىق مەدرىسەنىڭ يېنىغا يەنە «قازانچى مەدرىسەسى» نامىلىق بىر مەدرىسە ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىككى مەدرىسە بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇراتتى.

ئادەتتىكى مەدرىسەلەر بىر قەدەر ئومۇملاشقان يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، چوڭ شەهەرلەردە، ۋىلايەت - ناهىيەلەردە، يېزىلاردا قۇرۇلغان. قەشقەردىكى «مەدرىسە كېرىمىيە»، «قازانچى مەدرىسەسى»، يەكەندىكى «مەدرىسە مۇهەممەدىيە»، سۇلتان سەئىدخاننى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ياسالغان «غازىيە مەدرىسەسى»، «مەدرىسەسى مەهمۇدىيە»، «ئوردانلىق مەدرىسەسى»، «ئارسلانباغ مەدرىسەسى»، «هۆرىيەت مەدرىسەسى» (يېڭىساردا)، «سايرام مەدرىسەسى» قاتارلىق مەدرىسەلەر مۇشۇ خىل مەدرىسەلەرگە كىرىدۇ[1].

---

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 255 -، 258 بەتلەر.

### مەسچىت

مەسچىت ئادەتتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى، ئىبادەت زالىدىن تەركىب تاپقان. چوڭ مەسچىتلەر يەنە مەدرىسە، سەراپخانا، كۆل (قۇدۇق)، هويلا، باغ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تەۋەسىدە 585 مەسچىت بولۇپ، بۇلاردا پېشايۋانلىق مەسچىت قۇرۇلۇشى تىپىك ئۈلگە قىلىنغان. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، نەقىش - بېزىكى مول بولغان. تۈز ۋە ئەگمە تورۇس بىرلەشتۈرۈلۈپ مەسچىت زالى چوڭايتىلغان. مەسچىتنىڭ تام - تورۇسلىرى ۋە ئىشىك بېشىغا هەر خىل نەقىشلەردىن باشقا، يەنە «قۇرئان» ئايەتلىرى ئەرەب خەتتاتلىق ئۇسلۇبىدا نەقىش قىلىپ يېزىلغان. ئەزان پەشتىقىمۇ ئېگىز ۋە قۇببىلىك قىلىپ ياسىلىپلا قالماستىن، گەج ۋە خىش تىزما نەقىشلەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن. ئومۇمەن، مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئىسلام ئىدىيەسى، ئېتىقادى، پەلسەپىسى سىڭدۈرۈلگەن.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە «ئالتۇن مەسچىت» (1533 - يىلى)، «يەكەن جامەسى» (1638 ~ 1669 - يىللىرى كېڭەيتىپ ياسالغان...) قاتارلىق مەسچىتلەر ياسالغان. «ئازنا مەسچىت» ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دىيامېتىرى 9.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 مېتىر كېلىدىغان 51 كىچىك گۈمبەز؛ دىيامېتىرى 9.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ گۈمبەزدىن تەشكىل تاپقان. مەسچىت پېشايۋان، مېهراب، مۇنبەر، چوڭ دەرۋازا، پەشتاق، مۇنار، قۇدۇق، هويلا ۋە ئارقىسىدىكى «خان مەدرىسەسى» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## مازار

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە شۇ دەۋردە ۋاپات بولغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ مازار بىنا قىلىش ئىنتايىن ئەۋج ئالغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سوپىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە مازارغا تاۋاب قىلىش كۈچىيىپ كەتكەن.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مازارلارغا تاۋاپ قىلىش، رىياكار خوجا ـ ئىشانلارغا چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ (خوجا ـ ئىشانلارنىڭ) ئاۋام خەلقنى ئۆزىگە رام قىلىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار «خۇدا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىلىرىنى ھاجەت ئىگىلىرىنىڭ پىنھان جايى قىلدى. ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا دۇچار بولۇپ گاڭگىراپ قالغان چېغىڭلاردا ئۇلۇغ مازارلاردىن ياردەم سوراڭلار» دەپ كىشىلەرنى مازارلارغا چوقۇنۇشقا دەۋەت قىلغان. گەرچە، بۇ خىل خاھىش ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما مازار بىناكارلىقى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىناكارلىق، نەققاشلىق، لايىھەچىلىك ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مازار قۇرۇلۇشلىرى يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. يەر ئاستىغا قەبرە ئىگىسى دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستى قىسمىغا قەبرە قاتۇرۇلغان ۋە خاتىرە ئىمارەت ياسالغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ مازار «ئالتۇنلۇق» بولۇپ، 1533 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ياسالغان ۋە كېيىنكى خانلاردىن ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەدخان، ئەخمەتخان، ئابدۇلېتىپخان، ئابدۇللاخان... قاتارلىق خانلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان. كېيىن شائىرە ئامانىساخانمۇ مۇشۇ مازار-

غا دەپنە قىلىنغان. «ئالتۇنلۇق» نى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى يەر ئاستى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تىپىك ئۆلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى گۆرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5.3 مېتىر بولۇپ، ئىچى گۈمبەز شەكىللىك، تۆت ئەتراپى مېھراب شەكىللىك بولۇپ، ئەتراپىغا كېمىر ئۆي ياسالغان. جەسەتلەر مۇشۇ كېمىر ئۆيلەرگە قويۇلغان. پۈتكۈل مازارنىڭ كۆلىمى 5000 مېتىر كىۋادراتتىن ئارتۇق بولۇپ، مازار دەرۋازىسى، مەسچىت، كۆل، تونەكخانا، ئېتىكاپخانا ۋە قەبرىستانلىقتىن تەركىب تاپقان.

يەكەن خانلىقىدا مازارلارنىڭ كۆپلەپ بىنا قىلىنىشىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» غوجىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، دىنىي ھوقۇق تالىشىش ۋە مۇرىت توپلاش ئۈچۈن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نامىغا مازار بىنا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلانغان. نەتىجىدە مازارغا چوقۇنۇش ۋە مازار بىنا قىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. غوجا ئەۋلادلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچۈنمۇ ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك مازارلار ياسالغان.

### قەلئە ـ قورغان قۇرۇلۇشى

ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەلئە دۆلەتنىڭ ھەربىي مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئىدى. قەلئەنىڭ پۇختىلىقى بىلەن ھەربىي قوشۇننىڭ سەرخىللىقى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرالىشى ۋە ھەربىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىدىكى ئاچقۇچ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، قەلئە ـ قورغان قۇرۇلۇشى تارىختىكى باشقا خاندانلىقلارغا ئوخشاشلا يەكەن خانلىقىدىمۇ قانات يايدۇرۇلدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىرزا ئابابەكرى تومەن دەرياسى بويىغا بىر قەلئە قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ مۇئەللىپى: «مەن بۇ قەلئەنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى بىر قانچە قېتىملاپ ئۆلچەپ چىقتىم. ئۇنىڭ كۆلىمى ئەل-

www.uyghurkitap.com



لىك جارىپ[1]، ئېگىزلىكى يىگىرمە ماتاگەز[2] كېلىدۇ. ھەربىر بۇلۇڭدىكى كۆزىتىش راۋىقىنىڭ ئايلانمىسى ئوتتۇز گەز كېلىدۇ. سېپىلى ئۈستىدە تۆت ئاتلىق ئەسكەر قاتار ماڭالايدىغان يەرلىرى خېلى كۆپ، بۇ كاتتا قورۇلۇش يەتتە كۈندە پۈتكۈزۈلدى. بۇ بىر مۆجىزە ئىدى»[3] دەپ يازىدۇ. يېڭىسار قەلئەسىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىنتايىن ياخشى تاللانغانىدى. قەلئە ئېگىز جىرا ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، جەنۇب تەرىپى تىك يار ئىدى، باشقا تەرەپلىرى سېپىل بىلەن قورشالغان ھەمدە قەلئە ئەتراپىغا چوڭقۇر خەندەك كولانغان بولغاچقا، قەلئەگە چىقىش بەكمۇ مۈشكۈل ئىدى.

قەلئە ـ قورغان قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلى كۆپىنچە تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، دەرۋازىسى ئىنتايىن پۇختا ياسىلاتتى. دەرۋازا ئۈستىدە كۆزىتىش راۋىقى، سېپىلى ئۈستىدە كۈنگۈرىلەر ۋە قوۋقىلار بولاتتى[4].

### شەھەر قۇرۇلۇشى

گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئاۋاتلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. قول سانائەت يېزا ئىگىلىكىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، سودا ئىشلىرى روناق تاپقان يەكەن خانلىقىدا ئۇيغۇرلار ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى قامداشتا پۈتۈنلەي شەھەرلەرگە تايىنىدىغان بولدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىرزا ئابابەكرى ئۆس-

---

① بىر جارىپ 900 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ.

② بىر گەز 28 ~ 29 ئىنگلىز سۇڭىغا تەڭ.

③ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 191 ـ بەت.( ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 265 ـ بەتتىكى نەقىل).

④ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 260 ـ، 265 ـ بەتلەر.

تەڭ قېزىپ دەريا سۈيىنى يەكەن شەھىرىگە باشلاپ كىرىپ، نۇرغۇن گۈللۈك ۋە باغلارنى بىنا قىلدۇرغان[①]. «تارىخىي رەشىدى» دە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەت ـ رەت سۇۋادان تېرەكلەر تىكىلگەن، خان قەلئەسىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئوندەك باغ بار. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يوللارغىمۇ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بار»[②]. دېمەك، شەھەر قۇرۇلۇشى يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەنىدى. تارىخچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ دەۋردە باغىراڭلار شەھەر ـ بازارلارنىڭ كاتتىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئامىل سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. ئومۇمەن، نۇپۇس بىر قەدەر توپلاشقان جايلاردا، چوڭ تىپتىكى مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باغىراڭ بولاتتى.

بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ دەۋردە يەكەندە جەمئىي 12 مىڭ باغ بولۇپ، كۆپ قىسمى شەھەر ـ بازار ئىچىدە ۋە بازارلارغا يېقىن ئەتراپتىكى جايلاردا ئىدى. شۇڭا، يەكەن شەھىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئەتراپىدىكى پايانسىز چۆل ـ جەزىرە ۋە قۇملۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جەننەتتەك گۈزەل ئىدى.

يەكەننىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ۋە بىناكارلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەكەن شەھىرىدە نۇرغۇن ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار بولغان، بولۇپمۇ شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئالتۇن دەرۋازا يېنىغا ياسال-

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم 209 ـ بەت. (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 265 ـ بەتتىكى نەقىل).

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 290 ـ بەت. (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 266 ـ بەتتىكى نەقىل).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غان ئالتۇنلۇق مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى بىلەن يەكەن جامەسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ياسالغان خانلىق مەدرىسە، رەستە ئارقىسىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئۈچ مەدرىسە، قىرىق گۈمبەز ۋە «گۈل ئىرام» ناملىق ئوردىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ تۈس بېرىپ، بىر پۈتۈن ئىمارەت توپىنى ھاسىل قىلىپ، شەھەرگە ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك تۈس كىرگۈزگەنىدى. مىلادىيە 1533 ـ يىلىدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى جانقورغان، شەرقىي تەرىپى بۇلاقبېشى، تۆشۈك دەرۋازا، غەربىي تەرىپى ئوردا ئالدى ۋە خام بازىرىغىچە بولۇپ، شەھەردىكى ئاساسلىق كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا دۇكانلىرى ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەت سورۇنلىرى ياسالغان. «بەھرۇل ئەسرار»دا خاتىرىلىنىشىچە، قەشقەرنىڭ مۇستەھكەم، مەزمۇت سېپىلى بار بولۇپ، بۆسۈپ ئۆتۈش قىيىن ئىدى. يېزا ـ قىشلاقلىرى ئاسايىش، ئاھالىسى تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق، باغباراڭلىرى ناھايىتى كۆپ، مەسچىت، مەدرىسە، خانقالىرىنىڭ ھېسابى يوق دېگۈدەك. ئۇنىڭدىن باشقا ساخاۋەتخانا، دارىلئېھسانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى[①]. يەكەن مەركىزىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ، سەلتەنەت مۇنارلىرى، راۋاقلار، پەشتاقلار، مەسچىت، مەدرىسەلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇنار ـ گۈمبەزلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. پۈتكۈل شەھەر ـ بازارلاردىكى مەدرىسە 573 كە، مەھەللە مەسچىتى 585 كە، باقىندى (ئاۋام خەلق، پۇقرالار) نىڭ مەھەللىسى 3784 كە، كوچا ـ كويلار 424 كە، ھامماملار 437 گە، ھەر خىل مەكتەپلەر 2263 كە، ساراي 1736 گە، كۆل 835 كە، بازار 198 گە، ھەرخىل كارخانىلار 1564 كە يەتكەن[①]. بۇلار شەھەر قۇ-

① «بەھرۇل ئەسرار» (سىرلار دېڭىزى) ـ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن بەلىخلىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىنىڭ يەتتە توملۇق ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى. (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 268 ـ بەتتىكى نەقىل).

رولۇشىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى شەھەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان. خانلىق بويىچە توققۇز چوڭ شەھەر، 36 دەرۋازا بولغان.

ئەينى دەۋردە يەكەن شەھىرى مۇھىم سودا مەركىزى بولۇپ، رەستە - بازارلىرى ناھايىتى ئاۋات ئىدى. باشقا شەھەرلەرمۇ خېلى ئاۋات ئىدى. مەسىلەن، قەشقەر، ئاقسۇ، پىچان، قومۇللارمۇ سودىگەرلەر توپلانغان، رەستىلىرى تىقما - تىقماق شەھەرلەر ئىدى. «پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە قاتار - قاتار شەھەر - بازارلار بولۇپ، گۈزەل چوڭ - چوڭ شەھەرلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى».②

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى، شىنجاڭ، جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان قەشقەر بوستانلىقىنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىدە زور دەرىجىدە چېكىنىش، خاراب بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇ مەزگىلدە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن داۋالغۇش، تىنچسىزلىق پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىلگىرى بىر مەزگىل گۈللەنگەن، ناھايىتى يۇقىرى بىر مەدەنىيەت مۇھىتى بارلىققا كەلگەن ئەھۋالغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك خارابلىشىش ھالىتى بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئەسلىدىكى ھاكىمىيەت ۋە ئاۋام خەلقنىڭ سىياسىي بىلەن ئىجتىمائىيىتى بىرلىكىدە بارلىققا كەلگەن رەڭدار، جەلپكار سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، غوجا - ئىشانلارنىڭ ئېتىقاد - ھەۋەسلىرىگە ماس بولغان ھالەتتە ئېلىپ بېرىلدى ۋە مۇشۇ خىل مۇھىتقا خاس بىناكارلىق ئۇسلۇب، سەنئىتى بار-

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1988 - يىلى 1 - سان.

② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى 7 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - قىسىم، 326 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىققا كەلدى. بۇ خىل ھالەت ئەينى دەۋرنىڭ مازار ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يەكەندىكى چىلتەنلىرىم، قەشقەردىكى ئاپاق خوجا مازىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم مازار قۇرۇلۇشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ھالبۇكى، بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ چېكىنىشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئىنتايىن زور يوقىتىش ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق سوپى ـ ئىشانلارنىڭ مازار تاۋابچىلىقى بىلەن بىنا قىلىنغان مازارلار، ئاشۇ سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئۆز ئېتىقادلىرى، خوجىلىرىغا بولغان قۇلچىلىقى سەۋەبىدىن تۆلىگەن غايەت زور بەدەللىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇب، سەنئىتىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ ئېسىل شەكىل، نامايەندىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يەنە بىر يۇقىرى پەللىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ يەردە مۇشۇ خىل يۇقىرى پەللىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك نامايەندىسى بولغان، «ئاپاق خوجا مازىرى» نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتى توغرىسىدا توختالغاندا، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ قۇرغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى رەتلەنگەن، بازار ـ رەستىلەر، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك مۇلازىمەت ئورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، شەھەر قىياپىتى يېڭىلانغان. بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئاھالىسىمۇ تېزدىن كۆپەيگەن. مۇشۇ مەزگىلدە ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەر ئوتتۇرىسىغا ئېلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مەركىزىي ئورۇنغا ئايلانغان ۋە «ھېيتگاھ جامەسى» دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا شەھەر سېپىلى ئىچىگە ئېلىنىپ تۆت دەرۋازا قويۇلغان. شەھەرنىڭ شەرقىدىكى «تۆشۈك دەرۋازا» دەپ ئاتىلىدىغان دەرۋازىغا شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن نورۇز كاتىپنىڭ بۇ شەھەر ۋە شەھەر سېپىلىغا ئاتاپ يازغان شېئىرى ئويۇلغانىدى.

ياقۇپبەگ دەۋرىدە قەشقەرنىڭ بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرى يەنە بىر ئىزدا توختاپ قالغان. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مال ـ دۇنيا توپلاش، تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن، باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقنى كۆپەيتىپ، خەلقنى نامراتلىقتا قالدۇرغان. روشەنكى، بۇ هال ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك ئارقىغا چېكىندۈرۈۋەتكەن.

ياقۇپبەگ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ۋە ئۆزىنى بىر تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن مازارلارنى قايتىدىن ياساتقان ۋە كېڭەيتىپ رېمونت قىلدۇرغان، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرى، يەكەندىكى چىلتەن مازار، خوتەندىكى قوشقار ئاتام مازىرى... قاتارلىق نۇرغۇن مەسچىت، مازارلارغا پۇل، ۋەخپە يەر ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى ئىئانە قىلغان. خوتەندە نەچچە يۈز كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىغان «جامە مەسچىتى» ياساشقا پەرمان كېلىش ئۈچۈنلا ئۈچ يىل ۋاقىت كەتكەن. بۇ ۋەقە توغرىسىدا شۇ دەۋردە خوتەندە مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان: «ياقۇپبەگنىڭ ئاۋام خەلققە سالغان زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، نۇرغۇن كىشىلەر يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئۆكسۈپ قېلىپ، باج تۆلەيدىغان ئادەم قالمىغان. شۇ چاغدا بىر كىشى ياقۇپبەگكە خوتەن خەلقى مۇسۇلمانچىلىقتا بەك تەقۋادار، ئەگەر سىز كۆپلەپ مەسچىت قۇرۇپ، مازارلارنى رېمونت قىلدۇرسىڭىز ئۇلارنى جەلپ قىلالايسىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ خوتەندىكى ھاكىم بېگى نىياز بەگكە جايلاردىكى مازارلارنى رېمونت قىلىپ، مەسچىتلەرنى كۆپلەپ ياساپ چىقىشنى بۇيرۇغان. خوتەندىكى «جاما مەسچىتى» مۇ دەل ئاشۇ چاغدا ياسالغان. ئاقسۇ، قەشقەر، يېڭىسار، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ياقۇپبەگ قوشۇنى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكتەپ، مەدرىسە، مەسچىتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن[1]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ جايلاردىكى داڭلىق تامچى، نەققاش، ياغاچچى ۋە سىرچىلارنى يىغىپ، يېڭى شەھەرگە ئۆزى ئۈچۈن كاتتا ئوردا ياساتقان. مەنبەلەردە بۇ ئوردا توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە بار: «بۇ شەھەر (قەشقەر) نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل دەرياسىغا ياغاچتىن كۆۋرۈك ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە كۆركەم ۋە ئازادە ئىمارەت يوق دېيەرلىك. ئەمىرنىڭ (ياقۇپبەگنى دېمەكچى) ئوردىسى شەھەرگە بەش مىل كېلىدىغان يېڭى شەھەرگە جايلاشقان. ئوردىنىڭ ئۆزى قاتمۇقات ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان ناھايىتى سۈرلۈك بىر ھەربىي قەلئە بولۇپ، تاشقىرىقى ھويلىدا ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى تۇراتتى. ئەڭ ئىچكىرىكى ھويلا باشقا ئىمارەتلەردىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ يەر ھۆكۈمراننىڭ (ياقۇپبەگنىڭ) ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇرىدىغان ھەرەمخانا ئىدى. قوبۇلخانا بۇ ئىمارەتلەر بىلەن تۇتاش بولۇپ، تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان چەت ئەللىك مېھمانلارنى ھۆكۈمران مۇشۇ جايدا قوبۇل قىلاتتى».

يۇقىرىقى بابلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولغان، يەكەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ھەر قايسى جەھەتلەردىن تېخىمۇ كۆلەملىشىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن بىناكارلىق ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر بىناكارلىقى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ تەرىپى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن بەگ - خوجىلارنىڭ ئولتۇراق جايلىرىدا

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم، 2 - كىتاب)، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى 4 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 261 -، 262 -، 264 - بەتلەر.

بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، نامرات پۇقرالارنىڭ ئولتۇراق جايلىرى يەنىلا «پاكار، كونا» ھالەتتە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇي-غۇرلار جەمئىيىتىدە بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق خېلىلا روشەن بولغاچقا، بۇ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى-دە بەكرەك ئەكس ئەتكەنىدى. ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي بۇ دەۋردى-كى بەگ - خوجىلارنىڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازىنىڭ بىردىنبىر ئىپا-دىسى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئادەتتە يۇرتىنىڭ چوڭ - كىچىك قۇ-رۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش ۋە لايىھەلەشكە ئىشتىراك قىلىسمۇ، ھەممىدىن بەكرەك ئۆز تۇرالغۇ جايىنىڭ كۆلىمىنى ئا-شۇرۇپ، ئايۋان - سارايلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسەلىرى*

ئىبراھىم مۇتىئى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى شامان، مانى، بۇددا، نىستورىيان دىنلىرى شارائىتىدا يارىتىلىپ، خېلى يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇشۇنداق يۇقىرى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يالغۇز قورال كۈچى بىلەنلا تەلتۆكۈس يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىسلام دىنى يالغۇز بىر خىل ئۇستقۇرۇلما سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل يېڭى تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدىمۇ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە مىراسلىرىنى ئىسلامىيەت روھىدا ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يېڭى باسقۇچقا — ئىسلامىيەت باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى. بۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىسلام مائارىپى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام مەدرىسەلىرى بولدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان مەدرىسەلەردىن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

ساجىيە مەدرىسەسى (مەدرىسەئى ساجىيە) — جامال قارىشى ئۆ-

* ئىبراھىم مۇتىئى: «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى»، «بۇلاق» 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان.

زىنىڭ «سوراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەدرىسە نا-
مىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۆزى جەۋھەرىيىنىڭ «سىھاھ» لۇغىتىنى
ئۇزۇن ئىزدەپ، ئاخىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قۇ-
رۇلغان ساجىيە مەدرىسەسىنىڭ كىتابخانىسىدىن تاپقانلىقىنى
ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

ساجىيە مەدرىسەسى قاراخانىيلاردىن كېيىن بولۇپمۇ نايمان
شاھزادىسى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىر مەزگىل
ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋالىيسى مەسئۇد بەگ 1260- يىلى بۇ مەدرىسەنىڭ خارابى-
سى ئورنىغا «مەسئۇدىيە» مەدرىسەسىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا «سائادەت
كۇتۇپخانىسى»نى سالدۇرغان. جامال قارشىنىڭ يېزىشىچە، بۇ
مەدرىسەگە «ھەممە ئىقلىملاردىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار
كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھى بىلىملەرلا ئوقۇتۇ-
لۇش بىلەن قالماي، ئارستوتېل، سوقرات، فارابى، ئىبنى سىنا ۋە
خارەزمى پەلسەپىلەرىمۇ ئوقۇتۇلغان.»

ھەمىدىيە مەدرىسەسى — قەشقەر دۆلەتباغدىكى ھەمىدىيە مەد-
رىسەسىمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن
ئاتاقلىق مەدرىسە. مەھمۇد كەشغەرىي «دىۋان»دا ئۇستازىم دەپ تىل-
غا ئالغان «ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كەشغەرىي» (بۇ ھەقتە تۆۋەندە
توختىلىمىز) مۇدەررىسلىك قىلغان بۇ مەدرىسە قارخانىيلارنىڭ
خان جەمەتىدىن ۋە باشقا ساھەدىكى ئادەملەردىن نۇرغۇن ئالىملارنى
يېتىشتۇرۇپ چىققان.

مەھمۇدىيە مەدرىسەسى — قاراخانىيلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ياز-
لىق سەيلىگاھى بولغان ئوپالدا، مەھمۇد كەشغەرىي مازارى يېنىدا
«مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» ناملىق بىر مەدرىسە خارابىسىمۇ بار.

مەزكۇر مازار تەزكىرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ مەد-
رىسە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان-
مەھمۇد كەشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغداتتىن قايتقاندىن كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىن، مۇشۇ مەدرىسەدە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ «ئىلىمگە هۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نام ئالغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان مۇشۇ مەدرىسەلەر، ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن هەر خىل ئالىملار، شائىرلار ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەركەزلەرگە ئايلانغان. شۇڭا جامال قارىشى ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنى: «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشهۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەهنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەهەر — قەشقەر ئۆز دەۋرىدە بەك ئاۋات شەهەر بولغان» دەپ يازىدۇ.

قەشقەردىكى مەدرىسە بىنالىرى ئادەتتە خاقانلار، مەشهۇر ۋەزىرلەر ۋە يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرى (ۋاڭلار، چوڭ بەگلەر، چوڭ *بايلار) تەرىپىدىن سېلىنغان. مەدرىسەلەرنى تەمىنلەپ تۇرۇش ئۈ*چۈن، ئۇنى *سالغۇچىلار مەخسۇس ۋەخپىلەر تەيىن قىلغان.* مۇنداق ۋەخپىلەر تېرىلغۇ يەرلەر، كارۋان سارايلار ياكى رەستىلەردىكى دۇكانلارغا ئوخشاش يەر مۈلۈكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇدەررىسلەر شۇ ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمى بىلەن تەمىن قىلىنىغان. ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان، ئايرىم قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا مەدرىسە ۋەخپىسىدىن ياردەم قىلىنىشمۇ بىر خىل ئادەت تۈسىگە كىرگەن.

ئاتاقلىق مەدرىسە بىنالىرى (بولۇپمۇ خاقانلار، مەشهۇر ۋەزىرلەر تەرىپىدىن سېلىنغان مەدرىسە بىنالىرى) خېلى هەشەمەتلىك بولغان.

ئادەتتە چوڭ مەدرىسەلەردە نۇرغۇن ئادەم سىغىدىغان دەرسخانىلار، مۇدەررىسلەر دەم ئېلىش ئۆيى، ئوقۇغۇچىلار ياتىدىغان كەم دېگەندە 30 ~ 40 هۇجرا بولغان. هەربىر هۇجرىدا 8 ~ 10 تالىپ يېتىپ ئوقۇغان.

مەدرىسەلەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سەراپ-هامام، ئاشخانا، يېمەكخانا ۋە ئومۇمىي هاجەتخانىلارمۇ سېلىنغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەسچىت ۋە مەدرىسە بىنالىرى ئارختېكتۇر جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. چىڭگىزخان دەۋرىدە بۇ يەردىن ئۆتكەن جۇڭگو ساياھەتچىسى چاڭچۈن جىزىن بۇنداق بىنالارنىڭ بەك كۆركەم ئىكەنلىكىنى، تاملىرى پىششىق خىشتىن سېلىنىپ، رەڭلىك كاھىشلار بىلەن يېپىلغانلىقىنى، دېرىزىلىرىگە رەڭلىك ئەينەكلەر قويۇلغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۇتۇقلىرى مۇجەسسەملەشكەن. مەدرىسە تاملىرى ۋە ئىشىك - دېرىزىلەر ئۆز دەۋرىدە بۇددا مىڭ ئۆيلىرىنى بېزەشتە زور ماھارەت هاسىل قىلغان خەلق نەققاشلىرىنىڭ نەقىشلىرى ۋە ئىسلام خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە سېلىنغان مۇنداق مەدرىسە بىناكارلىقى كېيىنكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا سېلىنغان مەدرىسە بىناكارلىقىدىمۇ بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋام قىلغان. بولۇپمۇ چاغاتاي دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋالىيسى بولۇپ تۇرغان مەسئۇد بەگ تەرىپىدىن قەشقەردە سېلىنغان «مەسئۇدىيە» مەدرىسەسى بۇ خىل بىنالارنىڭ ئەڭ كۆركەملىرىدىن بولغان.

**ئىسلام مەدرىسەلىرىدە ئوقۇتۇلغان دەرسلەر ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى**

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان مەدرىسەلەردە قانداق دەرسلەر ئوقۇتۇلغانلىقى ھەققىدە بىۋاسىتە تارىخىي خاتىرىلەر بەك ئاز. ئەمما بۇ مەدرىسەلەرگە ئۈلگە بولغان باغدات ۋە بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئوقۇتۇلغان دەرسلەر ۋە كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئوقۇتۇلۇپ كېلىۋاتقان دەرسلەرگە ئاساسەن ئۇ چاغدىكى قەشقەر مەدرىسەلىرىدە قانداق پەنلەر ئوقۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ئومۇمىي بىر چۈشەنچىگە كېلىش تەس ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دىنىي مەكتەپلەر ۋە ئىسلام مەدرىسەلىرى ئالدى بىلەن دىنىي تەلىم - تەربىيە ئورنى بولغان. خۇددى ئىبنى خەلدۇن (1332 - 1406) ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئىسلام مەكتەپلىرىدە ئىسلام دىنى ۋە قۇرئان بارلىق ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلىنغان. بارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى دەرسلەر مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەممە يېزا ياكى مەھەللىدە بىردىن دىنىي مەكتەپ ۋە شەھەرلەردە مەدرىسەلەر ئېچىلغان.

باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەردە ئاساسەن خەت تونۇتۇش ۋە قۇرئان ساۋاتى چىقىرىش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلغان. ئاندىن دىنىي ئەقىدە (ئەقائىدى ئىسلامىيە) ساۋادى بېرىلگەن، شۇنىڭدەك ئەدەبىياتتىن، ئاساسەن تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىياتتىن دەسلەپكى ساۋات بېرىلگەن.

بۇنداق باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەردە دەرس مەسچىت يېنىدا ياكى موللىلارنىڭ ھويلا ۋە ئۆيلىرىدە ئوقۇتۇلغان. ئوغۇل- قىزلار ئارىلاش ئوقۇغان.

شۇنىڭدىن كېيىن باللار ئۆز ئەھۋالىغا ۋە ئىستېداتىغا قاراپ مەدرىسەلەرگە كىرىپ ئوقۇغان.

مەدرىسەلەردە تۆۋەندىكى دىنىي ۋە دۇنياۋى دەرسلەر ئوقۇتۇلغان:

1) ئىسلام قانۇنىغا ئائىت دەرسلەر: قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس، فىقھە (بۇ دەرسلەردە ئاساسەن قۇرئان ۋە ئىسلام شەرىئىتىدىن بىر قەدەر تەپسىلىي بىلىم بېرىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان).

2) تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرى: تىلدا ئاساسەن ئەرەب تىلى فونېتىكىسى (شىپاھىيە)، مورفولوگىيەسى (سەرف)، سىنتاكسىسى (نەھۋ) ئوقۇتۇلغان. ئەرەب تىلى ئىسلام دۇنياسىدا دىن ۋە ئىلىم-پەن تىلى بولغاچقا، مەدرىسەلەردە بۇ تىلغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. شۇنىڭغا قوشۇپ پارس تىلىمۇ مۇھىم بىر دەرس قىلىپ ئۆ-

تۆلگەن. بولۇپمۇ ئەدەبىياتتا پارس تىلى ئاساسىي تىل قىلىنغان. تۈركىي تىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلى بولغاچقا، ھەممە دەرسلەر- نى چۈشەندۈرگەندە بۇ تىلغا مۇراجىئەت قىلماي بولمىغان. شۇڭا ئەرەب ۋە پارس تىللىرى تۈركىي تىلغا سىڭىشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن.

ئەدەبىيات بويىچە: پەساھەت ئىلمى، بالاغەت ئىلمى، ئەرۇز ئىل- مى، يازغۇچىلىق ۋە خەتتاتلىق دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. تەرجىمانلىق ۋە تارىخ دەرسلىرىمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى قىلىپ ئوقۇتۇلغان.

3) رىيازىيەت بويىچە: ھېساب، ھەندەسە (گېئومېترىيە)، ئىل- مىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئەلجەبىر (ئالگېبرا)، مۇزىكىشۇناس- لىق دەرسلىرى ئوقۇتۇلغان.

4) ھېكمەت بويىچە: ھېكمەت (پەلسەپە)، مەنتىق (لوگىكا)، ئىلاھىيەت، مېتافىزىكا، كىمىيا، تېبابەت، جۇغراپىيە ئىلىملىرى ۋە سىياسەت - ئەخلاق، ئائىلە باشقۇرۇش دەرسلىرىمۇ بىر خىل ئىلىم سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان.

بۇلاردىن باشقا مالدوختۇرلۇق، زىرائەتچىلىك دەرسلىرىمۇ قو- شۇمچە قىلىپ ئوقۇتۇلغان.

چوڭ شەھەرلەردىكى مەدرىسەلەر يېنىدا كۈتۈپخانىلار، شىپاخا- نىلار، بەزىدە رەسەتخانىلارمۇ قۇرۇلغان بولۇپ، مۇدەررىسلەر دەرس ئۆتكەندىن تاشقىرى بۇ ئورۇنلاردا ئۆز كەسپلىرى بويىچە ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغان.

مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، مۇ- دەررىس مۇنبەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئۆتىدۇ (ئادەتتە كىتابتىن بىر ئابزاس ئوقۇپ، ئۇنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى)، دەرس سۆزلىگەن نەرسە- لەرنى ئەستە قالدۇرغان ۋە ياد ئالغان. يۇقىرى سىنىپلاردا دەرس داۋامىدا بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سوئاللار قويۇلۇپ، مۇنازىرىلە- شىشمۇ مەدرىسە دەرسلىرىنىڭ بىر شەكلى بولغان. مۇنداق مۇنازى- رىلەرگە مۇدەررىس ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا كىشىلەر چەتتىنمۇ قاتنىشىدىغان بولۇپ، ھالقىدا بۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇن ئاج-

رىتىلغان. بەزى مۇنازىرىلەر ناھايىتى كەسكىن تۈس ئېلىپ، ئىككى تەرەپ ياقا سىقىشىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. لېكىن ئاخىر يەنە سۈلھى بىلەن ئاياغلىشىدىغان بولغان. ئوقۇغۇچىلار بىر مۇدەررىسنىڭ دەرسىنى تولۇق ئىگىلەپ بولسا ياكى ئۇنىڭ دەرسىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىسا، باشقا مۇدەررىسلەرنىڭ دەرسىگە يۆتكىلىپ ئوقۇغان (بۇ ھال، ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەردىكى تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ).

مەدرىسەلەردە ئوقۇش مۇددىتى چەكلەنمىگەن. ئوقۇش ئادەتتە 15 ~ 20 يىل داۋام قىلىغان. ئىستېداتلىق ئوقۇغۇچىلار بىر مەدرىسەدە مەلۇم مۇددەت ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزى تاللىغان پەن بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن، باشقا شەھەرلەردىكى ئاتاقلىق مۇدەررىسلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلاردىن پەتىۋا ئالغان (ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان). ئادەتتىكى تالىپلار مەدرىسەدە 15 ~ 20 يىل تۇرسىمۇ تۇزۇك بىلىم ئىگىلىيەلمەي، قۇرۇق ئىبارە يادلاپ «موللا» بولۇپ قايتقان.

مەدرىسەلەردە ئوقۇتقۇچىلار مۇئەللىم، مۇئەددىپ (ئەدەپ ـ قائىدە ئۆگەتكۈچى)، مۇدەررىس، شەيخ ۋە ئىمام دېگەندەك دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن.

قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇدەررىسلەر:

قەشقەر مەدرىسىلىرى دەسلەپ قۇرۇلغان چاغلاردا مۇدەررىس بولغان ئالىملار ئەنە شۇ سامانىيلار دەۋرىدە بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە باغداتتا يېتىشكەن ئالىملار ئىدى. بۇلاردىن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

ئەبۇ نەسىر سامانىي (ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرىيە 350ـ يىلى) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلامىيەتكە دەۋەت قىلغان بۇ ئالىم ھەققىدىكى تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كىشى قەشقەر ئا-

تۇشتا دەسلەپ مەدرىسە تەشكىل قىلغان ۋە 7 مىڭ كىشىنى مۇ- سۇلمان قىلىپ، 70 كىشىنى ئوقۇتۇپ كامالەتكە يەتكۈزگەن (بۇلار ئاساسەن خانزادىلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرىدىن ئىبارەت بولغان)؛ 50 تىن ئارتۇق ئالىم تەربىيەلەپ چىققان.(15) ئەبۇ نەسىر سامانىي تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام تەرغىباتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۆز يۇرتىدىكى چاغدىلا تۈركىي تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. شۇڭا ئۇ- نىڭ دىن تارقىتىش ۋە مۇدەررىسلىك پائالىيىتى ناھايىتى ئوڭۇش- لۇق بولغان.

ئوبۇلھەسەن سەيىد ھاتەم ۋە سەيىد جالالىدىن غابدادى — بۇ ئىككى ئالىم مىلادىيە 950 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ سۇلتان بۇغراخاننى ئىسلام دىنىغا ئۈندەشكە قاتناشقان. كېيىن ئاساسەن ساجىيە مەدرىسەسىدە ئىلاھىيەت ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن.

ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرى مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان «شەيخ ئىمام زاھىد ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى» ھەمىدىيە مەدرىسەسىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان. جامال قارشى بۇ ئادەمنى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىفى (يازغۇچىسى) دەپ تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇرئان تەپسىرلەپ، ھە- دىس شەرھلەپ يازغان ئەسەرلىرى زور ھۆرمەت قازانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. تاجۇلئىسلام سەمئانىمۇ ئۆزىنىڭ «كىتابۇلئەنـ- ساپ» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئادەمگە يۇقىرى باھا بەرگەن. بۇ زات ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ 1093 - يىلى 120 يېشىدا ۋاپات بولغان. قاراخانىيلارنىڭ بىر قانچە خاقانلىرى بۇ زاتنى «دۇئاگۇيـ- مىز» دەپ ھۆرمەت قىلغان.

مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدىكى تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشچە، مەھمۇد كاشغەرىي دەسلەپكى تەلىمنى ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپتە ئالغاندىن كېيىن، يۇقىرى مەلۇماتنى ئەنە شۇ ھۈسەيىن ئىبنى خە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەپ قەشقەرىدىن ئالغان. مەھمۇد كاشغەرىدەك ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرى بويىچە ناھايىتى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بىر ئالىمنى يېتىشتۈرگەنلىكىگە قارىغاندا، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە پەنلىرىدىن، بولۇپمۇ ئەرەب تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىسى بولغان ئىستېداتلىق مۇدەررىس ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

جامالىدىن قەشقەرى — X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر «ساجىيە» مەدرىسەسىدە يېتىشىپ چىققان بۇ ئالىم بولۇپمۇ تېبابەت ساھەسىدە ئۆز دەۋرىدە بەك زور ئابروي قازانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ تېبابەت ئىلمىنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تېبابىتىنىڭ ئۇتۇقلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپ (ئۇنىڭ «چوپى چىنى رىسالىسى» بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ)، ئۇيغۇر ئىسلام تېبابىتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تېبابىتى ئۇتۇقلىرى بىلەن بېيىتىپ، تېبابەت ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن. ئىمادىددىن قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرھى ئەلقانۇن» دېگەن داڭلىق ئەسەر قاراخانىيلار تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش دەستۇرى قىلىپ بېكىتىلگەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىمادىددىن قەشقەرى ئەبۇبەكرى مۇھەممەت رازىنىڭ «دائىرەتۇلمەئارىق تىببىيە»، «كىتابۇششاھىد»، «كىتابۇلھاۋى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، ئىبنى سىنانىڭ «ھېكمەتۇلئەلا»، فارابىنىڭ «ئىھسائۇلئۇلۇم» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرىنى شەرھلەپ ئەسەرلەر يېزىپ، ھەرقايسى جايلاردىن قەشقەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان شاگىرتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن شەرق ئەللىرىگە تونۇشتۇرۇشتا بەك چوڭ رول ئوينىغان.

ئىمادىددىن قەشقەرى ساجىيە مەدرىسەسى يېنىدا تەسىس قىلىنغان دۆلەت شىپاخانىسىدا تېبابەت ساھەسىدە، بولۇپمۇ جەرراھلىق (خىرۇرگىيە) ساھەسىدە ئەمەلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە

تېۋىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى ۋە تېببىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان.

ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى — (تۇغۇلغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس، ۋاپات بولغان يىلى ھىجرىيە 476 ـ يىلى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى ۋە تارىخچىسى.

ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى قەشقەر مەدرىسەلىرىدە يېتىشىپ، شۇ مەدرىسەلەردە بىر تەرەپتىن دەرس بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «قەشقەر تارىخى»، «ئۇستازلارنىڭ تۇپلانغان جايى» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى زور ئابرۇي قازانغان. ئەپسۇسكى، قاراخانىيلار تارىخىدىن ئەينەن مەلۇمات بەرگۈچى بىردىنبىر ئاساسىي مەنبە بولغان بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇ ئەسەرنىڭ بىرمۇنچە ئۈزۈندىلىرى جامال قارشىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگە مەلۇم.

مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى — (تۇغۇلغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس، 1083ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان) XI ئەسىردە ئۆتكەن بۇ ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تېبابەتچىسى ئىمادىدىن قەشقەرىنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر ئەمچىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەجرىبىلىرى ئارقىلىق توپلانغان ئۈسۇملۈك، ھايۋانات ۋە مەدەنلەردىن ياسالغان تۈرلۈك دورىلارنى يەكۈنلەپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ھەسسە قوشقان

# «ھەزرىتى موللام» مازىرىنى نۇقتا قىلىپ ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى*

مەملىكىتىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ئالىمى ـــ مەھـ ـمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك كۆزقاراش ۋە پەرەزلەر يەنىلا كەڭ جا ـ مائەتچىلىكنى تولۇق قانائەتلەندۈرەلمەي كەلمەكتە. مەھمۇد كاش ـ غەرىينىڭ يۇرتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش مەقسىتىدە، بىز ئالىمنىڭ «دىۋان» دا ئۆز يۇرتى توغ ـ رۇلۇق بەرگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدا 1982 ـ يىلى 18 ـ ۋە 19 ـ دېكابىر كۈنلىرى نۇقتىلىق ھالدا بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر، نەق تارىخىي يادىكارلىقلار بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇ 2 كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە، گەرچە بۇ مۇنەۋۋەر ئا ـ لىمنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەشتە كىچىككەن بولساقمۇ، لېكىن خەل ـ قىمىزنىڭ مۇشۇنچە ئۇزاق جەرياندىمۇ ئۆز ئىچىدىن چىققان بۇ ئۇ ـ لۇغ ئالىمنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىز سۆزلەشكەن كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنى ئەزەلدىن «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىرى دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان ئاددىي خەلق، بىر قىسمى ساۋاتسىز، بىر قىسمى كونىچە ئوقۇغان كىشىلەر. ئۇلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى بايان

* مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى: «ھەزرىتى موللام» مازىرى ـ نى نۇقتا قىلىپ ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «قەشقەر ئەدەبىيا ـ تى» 1983 ـ يىلى 1 ـ سان.

قىلىپ بېرىشتى. بىز بۇ ماتېرىياللارنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە سۇنئىي ھالدا قوشۇلغان ياكى ئېلىۋېتىلگەن، شۇنىڭدەك تەسۋىرلەش يۈزىسىدىن مۇبالىغە قىلىنغان ھېچقانداق ئەھۋال يوق. پەقەت بەزى ئەپسانىۋى يېيىنچىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق.

تۆۋەندە ئۆزىمىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىمىزنى بايان قىلىمىز.

1

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» يازما نۇسخا 44 ـ بەت 1 ـ، 2 ـ قۇرلاردا «ازغ» (aziq) سۆزىنى ۋە «دىۋان» يازما نۇسخا 49 ـ بەت 7 ـ قۇردا «ابل» (abil) سۆزىنى «مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ نامى» دېگەن *ئىبارە بىلەن تەرىپلىگەن. بۇنىڭدىن* باشقا قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىنى «قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر يېزا» دېگەن ئىبارە بىلەن تەرىپلىگەن. مانا بۇ، ئالىمنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ قەشقەر ئوپال ۋە ئوپالنىڭ «ئازىخ» يېزىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەرگەن ئېنىق مەلۇماتى. ئالىمنىڭ ئۆز يۇرتى توغرۇلۇق بېرىلگەن بۇ مەلۇماتقا نىسبەتەن گەرچە بەزى مۇجمەل قاراشلار، ھەتتا بەزى بۇرمىلاشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ھەققىدە ئەسىرلەر بويى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چىنلىققا ئۇيغۇن رىۋايەتلەر بىلەن تەستىقلىنىۋاتقان بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى يالغانغا ياكى يوققا چىقىرالمايدۇ. گەرچە ئەسىرلەر ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى يوقاتقان، نۇرغۇن نەرسىلەر، ۋەقەلىكلەر ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەشھۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوپال ئازىخ كەنتىدە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلار ۋە ئۇنىڭ ھا-

ياتىغا ئائىت بەزى مۇھىم ۋەقەلىكلەر ھازىرمۇ ئالتۇندەك پارلاپ تۇرىدۇ.

## 2

ئوپال ــ قەشقەرنىڭ 45 كىلومېتىرچە غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان رايون، ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىگە قارايدۇ. ئۇ پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ھاۋاسى ساپ، تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي. خۇددى يىللارنىڭ ھەرقانداق گۈزەللەرگىمۇ رەھىم قىلماي، ئۇلارنى قېرىتىپ سەت قىلىۋەتكىنىدەك، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھۆسن - جامالىنى ئاساسەن ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قەشقەر خان تۇرىدىغان شەھەر، قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، خاقان ئافراسىياپ مۇشۇ يەردە تۇرغان»[①] دېگەن بايانلىرى ھېچقانداق مۇبالىغە ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە ئوپالمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى ئوپالدا «خان بېغى» ياكى «سۇلتانباغ» دېگەن جاي ۋە ئۇنىڭدا «تەكيەگاھ ــ خانلارنىڭ چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتىدىغان مەخسۇس مېھمانخانىسى» دېگەن جاي ئىسىملىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، شۇنىڭدەك «قاراخان پاشا مازىرى»، «ھەزرىتى پاشايىم مازىرى» ۋە قاراخانىيلارنىڭ خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان «سوپ تېكىن ‹سەبوك تېگىن› مازىرى»، «ئوپ تېكىن ‹ئالىپ تېگىن› مازىرى»، «قىلىچ بۇغراخان مازىرى» قاتارلىق مازارلارنىڭ بولۇشى، ئومۇمەن ئوپالنىڭ قاراخانىيلار جەمەتىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ باغۇبوستانلىرى ۋە زىيارەتگاھلىرى جايلاشقان يەر بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم، 447 ـ بەت، يازما نۇسخا 173 ـ بەت.

«ئازىخ» كەنتى ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىغا — «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەخمىنەن 300 ~ 400 مېتىرچە جەنۇبىدىكى «ئازىخ دارىسى» دېگەن ئېقىننىڭ ئاغزى (كېيىنكى چاغلاردىكى ئىسمى سۆسەر ئاغزى)غا جايلاشقان. «ئازىخ» كەنتىدىن 90 ياشلىق داۋۇت زۇنۇننىڭ دادىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىپ بېرىشىچە، كەنتنىڭ ئەسلىي ئىسمى «ئازىخ كەنتى» بولۇپ، بۇرۇن سۆسەر ئاغزىدىن بىر قېتىم سەل كېلىپ، سۇ بېسىپ كېتىپ، قۇم سالغانلىقتىن «قۇمباغ» دەپمۇ ئاتالغان.

سۆسەر ئاغزىنىڭ سۈيى ھازىر ئازىيىپ كەتكەن، پەقەت ئۇنىڭ تۇتقان ئورنىدىن بىر زامانلاردا چوڭ ئېقىن بولغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. سۆسەر ئاغزىغا ئىچكىرىلەپ 400 مېتىرچە كىرگەندە، ئوڭ تەرەپتە (ئېقىننىڭ شىمالىي لېۋىدە) «نورۇز بۇلاق» دېگەن بۇلاق بار. «نورۇز بۇلاق» نىڭ قارشى تەرىپى (ئېقىننىڭ جەنۇبىي لېۋى) بۇرۇن «ئازىخ تىكەن دارىسى (ئېقىنى)» دېيىلىدىكەن، ھازىر «ئاق تىكەن دارىسى» دېيىلىدىغان بوپتۇ. بۇ يەردىكى «ئازىخ تىكەن» بىلەن «ئاق تىكەن» — ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە ئوخشاش بىرلا نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق، قىزىل مېۋىسى بولىدىكەن، بۇ مېۋىنى ئېيىق يەيدىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئالىمنىڭ يۇرتى بولغان «ئازىخ» كەنتىنىڭ ئىسمى «ئازىخ تىكەن دارىسى — ئېيىق تىكەن ئېقىنى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش خاتا بولمىسا كېرەك.

## 3

«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەزكىرىسى 1956 - يىلى يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ تەزكىرە ئوپال تەۋەسىدە ئۆمەر داموللام، قۇناخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ تالىپلىرى ئارىسىدا كۆپ قېتىم ئوقۇلغاچقا، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، خەلققە ياد بولۇپ كەتكەن. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىزنى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن تەمىنلىدى.

«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىرىدىن بىز سۆزلەشكەن باۋۇدۇن قارى، ئوسمان قارى ۋە مۇھەممەت رېھىم شەيخلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشىدۇ. باۋۇدۇن قارىنىڭ بوۋىسى تۇردى ھاجىم شەيخ تەرىپىدىن يېزىلغان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» دىن مەلۇم بولۇشچە، بۇ دەۋردە خان جەمەتىنىڭ مازارلىرىغا خان تەرىپىدىن مەخسۇس شەيخ، جارۇپكەش (قەبرە سۈپۈرگۈچى) تەيىنلىنىپ، بۇلار شۇ مازارنىڭ ۋەخپىلىرى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان، مۇنداق شەيخلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالغان.

«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىقىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ مازارنىڭ شەيخلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى «موللام بېغى» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك كەنتنىڭ ھەممە يېرى بۇ ئەۋلادقا مىراس ۋە «ئەۋلادى ۋەخف» ـــ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالىدىغان ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەن. 1947 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى باشقىلار تەرىپىدىن بىر مەزگىل تارتىۋېلىنغان شەيخلىقنى «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قايتىدىن ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئوپال مەھكىمەئى شەرئىيە تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنامە بۇنىڭ دەلىلى. شۇنىڭدەك، باۋۇدۇن قارىنىڭ 7 ئاتىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئاخىرىغا «شەيخ» سۆزىنىڭ قوشۇلۇپ ئېيتىلىشىمۇ بۇلارنىڭ شۇ مىراس قالغان شەيخلىقنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار ۋە ئەۋلادى ۋەخپىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ ھەممىسىلا «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ـــ مەۋلانا شەمسىددىن مەھمۇدىيە ئىبنى ھۇسەيىن دەيدۇ. مەۋلانا ئالىملىقىغا قارىتىلغان. شەمسىددىن ھۆرمەتلەش نۇقتىسىدىن بېرىلگەن ئۇنۋان، مەھمۇدىيە مەزكۇر شەخسنىڭ ئۆز ئىسمى ۋە ئەخلاقلىقىغا قارىتىلغان، ھۇسەيىن

دادىسىنىڭ ئىسمى دەپ تەرىپلىنىشىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرىغا «شەمسىد ــ دۆلەتنىڭ قۇياشى» دەپ نام بېرىلگەنلىكى بۇ يەردىكى «شەمسىددىن ــ دىنىنىڭ قۇياشى» دېگەن نام بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، دەۋرگە نىسبەتەن مەشھۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيگە بۇ ئۇنۋاننىڭ بېرىلىشىنىڭ تەبىئىيلىكى ئۆز ــ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

«ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ: «موللام ئالىم كىشىكەن، تۆت ئەتراپقا ئىلىمنى شۇ تاراتقانىكەن؛ ئەرەب، پارس، تۈركى، رومانى... قاتارلىق 8 ~9 تىلنى بىلىدىكەن؛ ئىراق، ئىران تەرەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، مۇدەررىس بولغانىكەن؛ ئەڭ ئاخىردا مەن يۇرتۇمغا قايتسام، دەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ، مۇشۇ مازارنىڭ يېنىدىكى مەدرىسە (ھازىر بۇ مەدرىسەنىڭ تاملىرىنىڭ ئىزناسىلا قاپتۇ) دە مۇدەررىس بولغانىكەن؛ كېلىپ 8 يىلدىن كېيىن 97 يېشىدا ۋاپات بوپتۇ؛ ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان كىشى بولغاچقا، ئۇلۇغلاپ ‹ھەزرەت› دېيىلىدىكەن.» دېگەن رىۋايەتلىرى، ئومۇمەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن مەنتىقىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدىغان رىۋايەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

## 4

«ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى» دە گەرچە بەزى دىنىي ۋە ئەپسانىۋى تەركىبلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى رېئاللىققا ئۇيغۇن دەپ قارايمىز. يەنى، بىز بۇ تەزكىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدىن ئالىمنىڭ ئاتىسى، ئانىسى، ئۆزىنىڭ قايسى يول بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق. مەسىلەن، ئالىمنىڭ ئاتىسى ھۇسەيىننىڭ بارسغان ھاكىمى بولغانلىقى (بۇ ئەھۋال بىزگە «دىۋان» دىن مەلۇم) تەزكىرىدە «ئەمىرى شەب» بولغان دېگەن مەزمۇن بىلەن مەلۇم. شۇنىڭدەك،

ئالىمنىڭ ئانىسى بۇبى رابىيە (ھازىر ئۇنىڭ مازىرى بۇبى رابىيە خېنىكەم) ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق قىز ئىدىكەنلىكى، تەزكىرىدە ھۈسەيىننىڭ شىكاردىن قايتىپ، بۇنى رابىيەنىڭ دادىسى خوجا سەيپىدىن بىلەن ئوي چولپان (بۇ مەھەللە ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ) دىكى باغدا ئانار ئۈزۈپ يۈرگىنىدە، ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەنلىكى ۋە ئادىمىنى كىرگۈزۈپ سۇ سوراتقاندا، بۇبى رابىيەنىڭ سۇ ئورنىغا ئانار سىقىپ بەرگەنلىكى، شۇ چاغدا ھۈسەيىننىڭ خەلققە ئانار سېلىقى سېلىپ، سۇ ئورنىغا ئانار ئىچمەك بولىدىكەن، دېگەن ناتوغرا پىكرى بۇبى رابىيەگە ئايان بولۇپ، بۇ ھەقتە ھۈسەيىنگە تەنبىھ بەرگەنلىكى، ئاخىردا ھۈسەيىن ئوردىغا بېرىپ بۇبى رابىيەگە كىشى قويغاندا، بۇبى رابىيەنىڭ ھۈسەيىنگە: «نېمە ئىلىم ۋە ھۈنەر بىلىدىكەن؟» دەپ شەرت قويغانلىقى ۋە ھۈسەيىننىڭ بۇبى رابىيەگە ئۆيلىنىش ئۈچۈن ئىلىم - ھۈنەر ئۆگەنگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر بىلەن بېرىلگەن.

بۇبى رابىيە ھۈسەيىن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ھەم ئۇنىڭ دۆلەت ئىشىنى تاشلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى «بېشىڭىزدىكى تەۋەڭ سىڭايان بولۇپ، نان ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتەي دەۋاتىدۇ» دېگەن ئىشارە بىلەن بىلدۈرىدۇ ۋە ھۈسەيىنگە ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش، خەلقنىڭ دەردى - ئەھۋالىغا يېتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

ھۈسەيىن خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن پۇقراچە ياسىنىپ، شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يامان ئادەملەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئۆزى ئۆگەنگەن ھۈنەر تۈپەيلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.

بۇلار تۇرمۇش قۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن مەھمۇد تۇغۇلىدۇ. بۇبى رابىيە زېرەك، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولغاچقا، ھۈسەيىنمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقلار ئارقىلىق ئىلىم - ھۈنەرنىڭ قەدرىگە يەتكەچكە، بالىسى مەھمۇدنى كىچىكىدىن ئىلىم - ھۈنەرگە ھەۋەسكار قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. مەھمۇد كىچىكىدە ئۆيدە، كې-

يىن قەشقەردە ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ كاشغەريي[1] قاتارلىق دەۋر-
نىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن ئىلىم ئالىدۇ.
نىمىس تارىخچىسى پىرىتساك ئېيتقاندەك، مىلادىيە 1058 -
يىللىرى ئوردىدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندە، بەختكە يارىشا ئامان
قالغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قايسى يول بىلەن سىرتقا چىققانلىقى
ھازىرغىچە روشەنلەشمىگەن مەسىلە ئىدى. بۇ رىۋايەتلەردە ئۇنى
«مۇق يولى» (پامىردىكى «مۇغ قەلئەسى» ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول.
مۇغ — پارسچە «مۇرغ - قۇش» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ،
«قۇش يولى» دېگەن بولىدۇ) بىلەن كەتتى، دېيىلگەن. بۇ پامىرنىڭ
ئادەتتە كىشىلەر ئىنتايىن ئاز ماڭىدىغان، قۇشلارلا ئۆتەلەيدىغان
ئۆتكىلى بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن كىشىلەرگە قەشقەردە ئالاھىدە
پالانى مۇق، پۈستانى مۇق دەپ لەقەم بېرىلىدىكەن (بۇ يول ئوپال-
نىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ.) ئوپال خەلقىنىڭ 1000 يىل مابەينىدە بۇ
«مۇق يولى» نى ئەستىن چىقارماي كېلىشى — ئالىمنىڭ بۇ قىر-
غىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىدا ئاساسلىق ئامىلىنىڭ شۇ يولدىن ماڭغان
بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
بۇنى تەستىقلايدىغان يەنە بىر رىۋايەت شۇكى، مەھمۇد كاشغە-
رىي كەتكەندىن كېيىن، بۇبى رابىيە ئۇزاق كۈتىدۇ، بالىسى ئۇزۇن
يىللارغىچە كەلمىگەندىن كېيىن، شۇ «مۇق يولى» غا قاراپ بالى-
سىنى ئىزدەپ ماڭىدۇ، ئاخىرى بالىسىنىڭ يولىدا ۋاپات بولىدۇ
(بۇبى رابىيەنىڭ مازىرى ھازىرقى ئوپالنىڭ غەربىي جەنۇب تەرى-
پىدە، پامىرغا ئۆتىدىغان چوڭ يول بويىدىكى «كۆۋرۈك بېشى» دې-
گەن يەردە).

① شەيخ ئىمام زايىد ھۈسەيىن بىن خەلەپ كاشغەريي ھەققىدە «تۈركىي تىللار
دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 456 - بەتكە قارالسۇن، بۇ زاتنىڭ مازىرى قەشقەر
شەھىرىگە يېقىن قازىرىق دېگەن جايدا دېيىلمۋاتىدۇ.

## 5

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شەيخلەرنىڭ رىۋايىتىچە مەھمۇد كاشغەري ئىراق، ئىران تەرەپلەردە ئۇزۇن يىللار ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە مۇدەررىسلىك قىلغان، ئەسەرلەر يازغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، 8 يىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئالىمنىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: «موللام ھەر نورۇز ئېيىدا ئۆز تالىپلىرى بىلەن ‹نورۇز بۇلاق› قا چىقىپ، نورۇزلۇق غەزەللەر يېزىپ بۇلاققا تاشلىشىپ، سەيلى قىلىشىدىكەن، تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىملىرىمۇ شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىكەن». شۇنىڭدىن بۇيانقى ئاز كەم 1000 يىل داۋامىدا (تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە) قەشقەر ۋە يەكەن ئەتراپىدىكى ئۆلۇمالار «ھەزرىتى موللام» نى «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دەپ تونۇشقان ۋە ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن تالىپلارغا ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمىنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ «نورۇز بۇلاق» تا ئۆتكۈزۈپ، «ھەزرىتى موللام» غا دۇئا - تەكبىر قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىش ئادەت بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلمىسا، ئۇ تالىپنىڭ ئىلمى ئالغا باسمايدۇ، دەپ قارىلىدىكەن.

## 6

بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان» دا ئۆز يۇرتى توغرۇلۇق بەرگەن بايانلىرىغا، «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ مازارنىڭ ئىسمى «مەۋلانا شەمسىددىن مەھمۇد بىن ھۇسەيىن» دەپ بەرگەن ئاغزاكى مەلۇماتى، تەزكىرىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ھۇسەيىن بىلەن ئانىسى بۇبى رابىيە ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەر؛ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «مۇق يولى» دىن چىقىپ كېتىپ، دۇنيانى ساياھەت قىلغانلىقى، كېيىن ئۆز يۇرتى ئوپالغا قايتقانلىقى ۋە 97 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى؛ بۇبى رابىيەنىڭ بالىسىنىڭ يولىغا قاراپ، شۇ

يولدا بالىسىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ۋاپات بولغانلىقى ۋە بۇ مازار-نىڭ هازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى قاتارلىق ھەممىلا ئا-دەمنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش چىقىدىغان، چىنلىققا ئۇيغۇن بولغان رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مەھمۇد كاشغەرىي ياشانغىنىدا ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان ۋە يۇرتى ئوپالدا ۋاپات بولغان دەپ قارىدۇق ھەم «ھەزرىتى موللام» مازىرى ئەمەلىيەتتە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-مىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن: ئىبراھىم مۇتئى

مىرسۇلتان ئوسمانوف

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە بىللە قاتناشقانلار:

قەشقەر مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ـ باشقۇ-رۇش ئورنىدىن: مۇھەممەد زۇنۇن سىدىق

مۇھەممەد ئىمىن سايىت

قەشقەر مىللىي تېبابەتچىلىك كەسپىي بۆلۈمىدىن:

ئابدىرىشىت سابىت

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن:

ئىسمايىل ئىبراھىم

1982 ـ يىلى، 30 ـ دېكابىر، قەشقەر

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر*

ئابدۇرېھىم سابىت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11- ئەسىردىكى بۈيۈك، مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەسكىھسار قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «پايناپ»[①] يېزا تەۋەسىدىكى «ئالتۇنلۇق»[②]تا ئىكەنلىكى تارىختىن بۇيان ھەممىگە ئايان. بۇ قىل سىغمايدىغان ئەمەلىي پاكىت. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى كىشىلەر: «بۇ قەبرىگاھ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەس، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىنىڭ ئىدى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلادساغۇنلۇق بولغاندىن كېيىن، قەبرىگاھىمۇ بىلادساغۇندا بولۇشى كېرەك.» دېگەن دەۋالاردا بولۇپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا بەزى مۇجىمەل قاراشلارنى شەكىللەندۇرۇپ قويدى.

قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىغا ئۇل قويۇشتىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ

---

* ئابدۇرېھىم سابىت: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر»، «بۇلاق»، 1992- يىل 2- سان.

① ئەسلىي «پايى ئاب» («سۇنىڭ ئاخىرى») دېگەن سۆز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پارسچە سۆزگە ئېغىزى كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «پايناپ» قا ئۆزگەرتىۋالغان.

② ئىلگىرى بۇ جاينىڭ ئىسمى «ئات بازىرى» بولۇپ، موغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە «ئالتۇنلۇق» قا ئۆزگەرتىلگەن، چۈنكى، موغۇللار جەسەتنى «ئالتۇن» دەپ ئاتىغانلىقتىن، بۇ جايدىكى پادىشاھلار قەبرىستانلىقىغا «ئالتۇنلۇق» دەپ نام بەرگەن.

ئورنىغا دائىر بىرمۇنچە پاكىتلارنى توپلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، پاكىتلارنى دەلىللەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر پاكىتنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەقىقىيلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ھازىر قولىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 410 ـ يىلى (مىلادىيە 1019 ـــ 1020 ـ يىللىرى) بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 478 ـ يىلى (مىلادىيە 1085 ـــ 1086 ـ يىللىرى) قەشقەردە ۋاپات بولغانلىقى، جەسىتىنىڭ دەسلەپ قەشقەر شەھىرىنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق «بارىگاھ» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغانلىقى، ھىجرىيە 514 ـ يىلى (مىلادىيە 1120 ـــ 1121 ـ يىللىرى) ئۇ جايدىن ھازىرقى «ئالتۇنلۇق» قا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ پاكىتلار ساقلانماقتا. مەن ھازىرچە بۇ پاكىتلاردىن 19 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئىككى پارچە ھۆججەتنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى ھۆججەت «بەھرۇل ـ ئەنساب» («نەسەپ دەرياسى») ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇنى 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى تۈزگەن، بىراق، سەبۇرىنىڭ ئۆمرى «بەھرۇل ـ ئەنساب» نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن، شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوفىئاللا يارىغا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان ھەمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلنامىسىنى، قەبرىگاھ ئورنىنى شۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. قازى مۇھەممەد سايىم سوفىئاللايارى ئۇستازى سەبۇرىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن «بەھرۇل ـ ئەنساب» نىڭ ئەڭ ئاخىرىسىنىڭ سول بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى يۈسۈپ

خاس ھاجىپ دەرسىنە چەھارسەد ھەفتاد ھەشت ھىجرىيە ۋەفات شۇدە. قەبرى شىمالىي كۆچىنە ھىسار زەمىنى فايى ئاب مەدفۇن شۇدەست. سوڭرە يۇسۇپ قادىرخان، يۇسۇپ قىدىرخان مەزكۇر دوتەن قەبرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ راپەيۋەند دەفن شۇدەست، ئامىن. مىن شەيخى دۇئاگۆي مۇھەممەد سائىم سۇفى ئاللايارى سۇبھۇ شام، بەلكى ئەلەدداۋام مەزارى مەزكۇر سىپھتەن بۇزۇرۇكۋار رۇھى پۇرفۇتۇھ دۇئايى قۇرئان مىكۇنەم»،① دەپ يېزىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپاتىنىڭ ھىجرىيە 478 ـ يىلى ئىكەنلىكىنى، قەبرىگاھىنىڭ شىمالىي كوھنە ھىساردىكى «فايى ئاب»تا ئىكەنلىكىنى، بۇ قەبرىگاھتا يەنە يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىمنىڭ ۋە يۇسۇپ قېدىرخان ئىسىملىك شاھزادىنىڭ مازىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىزاھلىغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، يۇسۇپ قېدىرخان مىلادىيە 1040 ـ يىللىرى غەربىي قاراخانىيلار زېمىنىدىن شەرقىي قاراخانىيلار زېمىنىغا قېچىپ كەلگەن يۇسۇپ ئىبنى ئەلى ئىسىملىك شاھزادە ئىكەن. قازى مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللايارى «بەھرۇل ـ ئەنساب»نىڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى ساھىب قەلەم ئۇستازىم موللا مىر ھۇسەين سەبۇرى ۋە مەزكۇر «بەھرۇل ـ ئەنساب»نىڭ تەمامىغە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرى شەرىفلىرى شىمالىي كۆھنە ھىساردۇر. مەزافىئى فايى ئابتا مەدفۇن ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، يېزىپ تاماملاشنى پەقىرگە تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇستازىم مەرھۇم موللا مىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دەپىنگاھىنى بۇ «بەھرۇل ـ ئەنساب»قا كىرگۈزۈپ، جەمائە مۇسۇلمان،

① تەرجىمىسى: «يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە (470 ـ مىلادىيە) 1086 — 1085 ـ يىلى ۋاپات بولغان. قەبرى شىمالىي كونا ھىسا (ئەسكىھسار) دىكى «پايناپ» دېگەن جايدا كېيىنچە يۇسۇپ قادىرخان، يۇسۇپ قىدىرخاندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىمۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەر بىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغان. مەن دۇئاگۆي شەيخ مۇھەممەد سايىم سوفى ئاللا يارى كېچە-كۈندۈز، بەلكى ھەمىشە مەزكۇر مازاردىكى ئۈچ تەن بۇزرۇكۋارنىڭ مۇقەددەس روھلىرىغا قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىمەن.»

ئەۋلادى تۈرك خەلقلەرىگە يادىكار قىلدىم. قازى مۇھەممەد سايىم سۇفى ئاللا يارى» دەپ يېزىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى، قەبرىگاھىنىڭ ئورنىنى، كىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، نېمە سەۋەبتىن بۇ «بەھرۇل ـ ئەنساب»قا كىرگۈزۈپ قويغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ قازىلىق مۆھۈرىنى باسقان.

ئۇزۇنلۇقى 20.8 مېتىر، كەڭلىكى 26 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ «بەھرۇل ـ ئەنساب»نى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسىنىڭ ئاياقچىلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۆلىما ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ھاجىم (1897 ـــ 1845 ـ يىللار) ساقلاپ كەلگەن. ئابدۇرېھىم ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ «بەھرۇل ـ ئەنساب» مەرىپەت سۆيەر ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن قارىمغا مىراس قالغان. 1965 ـ يىللاردا بۇ «بەھرۇل ـ ئەنساب» مۇھەممەت ئىمىن قارىمنىڭ قولىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى ئالىم، تالانتلىق شائىر ئىمىر ھەسەن قارى ھاجىم (1900 ـــ 1985 ـ يىللار) نىڭ قولىغا ئۆتكەن. مەرھۇم ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىم 1985 ـ يىلى بۇ «بەھرۇل ـ ئەنساب» نى ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنىغا، كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەقدىم قىلغان. بۇ «بەھرۇل ـ ئەنساب» ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

ئىككىنچى ھۆججەت «قەلەمىي قۇرئان»[1] بولۇپ، خوتەندىن تېپىلغان. بۇ قۇرئاننى خوتەنلىك بىر يارى بۇرادەر ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىمغا ھەدىيە قىلغان. ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىم بۇ قۇر-

① «قەلەمىي قۇرئان» ـــ كىتابنى تىزىمغا ئېلىش جەريانىدا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، ئەسلىي قۇرئاندا بۇ ئىسىم مەۋجۇت ئەمەس. قۇرئان قولدا، قومۇش قەلەمدە خەتتەنىڭ يېپەك قەغەزگە خۇشخەت قىلىپ يېزىلغانلىقتىن، تىزىمغا ئالغۇچىلار شۇنداق دەپ نام قويغان بولسا كېرەك.

ئاننى 1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنىغا تەقدىم قىلغان.

قۇرئان 726 بەت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىر، ھەر بېتىدە 13 قۇردىن خەت بار. قۇرئاننىڭ تاش مۇقاۋىسى بىلەن باشتىكى ئىككى بېتى يوقالغان. قۇرئاننى ساقلىغۇچى تاش مۇقاۋىسىنى ھازىرقى زامان رەختىنى ئىشلىتىپ قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلاپ قويغاندىن باشقا، ئىچ بېتىگە: «قۇرئاننى بىتەرەت قولغا ئالساق گۇناھكار بولىمىز» دېگەن خەتنى ۋە يوقالغان ئىككى بەت ئورنىغا: «سۇرە فاتىھە» بىلەن «سۇرە ئەلىف، لام، مىم» نى خۇشخەت قىلىپ يېزىپ، تولۇقلاپ قويغان. قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا يەنە ئەسلىي كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان «ئەللاھۇممە ئەنفەئنا» دېگەن دۇئا بار.

بۇ قۇرئان ئەسلىدە 1830 ـ يىلىدىن 1848 ـ يىلىغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ھېكىمبەگلىككە ئەۋەتىلگەن زوھۇرىدىن ھېكىمنىڭ دىۋاندىكى كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىغا چىقىپ، ئون بىر كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئىستىغپار ئېيتىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقىرىقى شەھەر سېپىلىنى سوقسا خەيرلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر بېشارىتىنى ئېلىپ كەلگەن شۇ زاماننىڭ مەشھۇر مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن نېمەتۇللا كاشغەريي[1] غە تەقدىم قىلغان. زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ نېمەتۇللا كاشغەرىينى بۇ ئىشقا ئۆزى بۇيرىغان. بۇ ھەدىيەدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتكەن

① نېمەتۇللا كاشغەرى 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر مەرىپەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1846 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاپاق خوجام مازىرىغا بارىدىغان كونا يولدىكى ھارۋا توختايدىغان جاي نېمەتۇللا كاشغەرىنىڭ نامى بىلەن «نەمتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىن 50 قەدەم يۇقىرىدا بۇ كىشىنىڭ رەڭلىك كاھىشلىق چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان قەبرىسى بار ئىدى، بۇ قەبرە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەن.

نىمەتۇللا كاشغەرىي بۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قۇرئاننىڭ
723 ـ بېتىنىڭ ھاشىيەسىگە (چەت چۆرىسىدىكى بىكار جايغا) تۆ ـ
ۋەندىكىلەرنى يېزىپ قويغان: «بۇ سۈرەتى ۋاقىمئە تەھرىر ئولدى ـ
كىم، ھەزرەتى ۋالى زوھۇرىدىن ھاكىم ئالىيلىرى فەقىر دەرۋىش
كەمتەرنى كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتى ئۈچۈن نەھس ـ سەئد ـ
لىككە بىر ئىستىخارە رۇئياغە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن، مەن ھەزرە ـ
تى پادىشاھ ساھىب قەلەم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازار قەبرى مۇ ـ
نەبرروكلەرىگە چىقىپ، ئون بىر كۈن ئېتىكاپ ئىستىغپار قىلـ ـ
دىم. كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتىنىڭ سەئدنەھسلىكىگە ئىس ـ
تىغپار رۇئيا بېشارەت بولدى ۋە قەلئەنىڭ تەئمىراتىنىڭ ياخشى
ئاقىبەتىگە رۇخسەت بولدى. بۇ رۇئيانى ھەزرەتى ھاكىم ئالىيلارىغە
بەيان قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرەتى ھاكىم دىۋانە شاھانەدىن بۇ
كەلام شەرىفنى فەقىرغا ھەدىيە، ئىنئام قىلدى، رەھمەت، فەقىر
ساھىب دۇئا نىمەتۇللا كاشغەرىي مۆھۈرۈمنى باستىم. 1253 ـ
ھىجرى»

تامغا (مۆھۈر) ھىجرىيە 1238 ـ يىلى (مىلادىيە 1823 ـ
1822 ـ يىللىرى) ئويۇلغان. تامغىدىكى خەت «نىمەتۇللا بىن سە ـ
دىرىددىن» دۇر.

مانا بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت يالغۇز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ما ـ
زىرىنىڭ ئورنىنى، ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ئىسپاتلايدىغان قىممەت ـ
لىك ماتېرىيال.

# ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى *

ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى (XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن XII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە) دە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، يەنى دىنىي ئېتقاد يېڭىلاندى. دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپ يۈكسەلدى. مانا شۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتتا تۇرالغۇ ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار، شۇنداقلا قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى جايلاشقان ئوردا - قەسىرلەر، بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە زامان ۋە ماكانغا خاس ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلىپ پۈتكۈل سۇلالە شەھەرلىرىدە ئۆزگىچە «شەھەر مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلدى. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن بىلىشىمىزچە، ئەينى دەۋرلەردە تامچىلىق، كاھىشچىلىق قىلغان بولۇپ، شەھەرلەر خىشتىن ۋە گۈللۈك خىشلاردىن ياسالغان، كاھىش بىلەن بېزەلگەن ئوردا - خانىقا، مەدرىسە، مەسچىت، ساراي ، رەستە ۋە رەتلىك كوچىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. دېرىزىلەرگە ئەينەك قويۇپ ئۆي ئىچىنىڭ يورۇقلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىق ئىشلىرىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر يېڭىلىق ئىدى .

* ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى»، 1994 - يىلى 4 - سان.

## تۇرالغۇ

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس يۆتكەپ يۈرۈشكە ئەپلىك، قۇرۇلمىسى ئاددىي ۋە كىچىك ئۆيلىرى خىش ۋە كېسەك سوقما تاملىرى تۈز ۋە ئەگمە تورۇسلۇق ئۆيلەرگە ئورۇن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇلغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خاتىرىلىشىچە، ئەينى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ھويلا ـ باغ، كۆكتاتلىق، گۈللۈك، قوتان، دەرۋازا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپاتتى. ئۆيلەرنىڭ ئالدى كۈن پېتىشقا قارايدىغان بولۇپ، ھەممىلا ئائىلىنىڭ «قاپقا» (دەرۋازا) سى بولاتتى. قوي ۋە باشقا ھايۋانلارنى سولاش ئۈچۈن سوقما تام ۋە چىۋىق ـ بادرىلاردىن ياسالغان قوتانلار بار ئىدى. ھويلىدا يەنە ئۈستى يېپىلىپ ئاستىغا سۇپا چىقىرىلغان «سۆكە» دەپ ئاتىلىدىغان قوشۇمچە ئىمارەت ۋە بالىخانا قاتارلىقلارمۇ بولۇپ ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياسالغانىدى. ئۆينىڭ ئىچكى قىسمىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىر تەرىپىگە مەخسۇس «ئوچاقلىق يەر»، بىر تەرىپىگە «كۆتۈرمە سۇپا» چىقىرىلىپ سۇپا ئۈستىگە كىگىز ـ گىلەم سېلىنغان، تامنى ئويۇش ئارقىلىق «مەرەپ، لىمتاق» ياسىلىپ، كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى قويىدىغان تەكچە ـ مېھرابلىق ئۆيلەر ئايرىم ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆيلەرنىڭ يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئاساسەن «تۈڭلۈك» ۋە پەنجىرە ـ روجەكلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغان كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ئەينەكلىك دېرىزىلەر مەيدانغا كەلدى.

بۇ دەۋردە يەنە ئاھالىلەرنىڭ ئىشىك ئالدى ۋە كوچىلارنى پاكىز تۇتۇشى، يوللارنىڭ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ مېڭىشىغا توسقۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئازادە بولۇشى دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئەمەلدار - «مۇھتەسىپ» لەر تەيىنلەنگەنىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۇرالغۇلارنىڭ ئۆگزىلەرنى ئەگمىلىك (گۇمبەزسىمان) يېپىشى - ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەكلىماكاننى چۆرىدىگەن بوستانلىقلارنىڭ قۇرغاق، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا كىلىماتىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلغان ئۇنۇملۇك ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولغان بولسا، تەكچە - مەرەپلەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بۇددىزم ئەقىدىسىگە ئاساسەن بۇت قويۇش مەقسىتىدە تاملارنى ئويۇپ ياسىغان ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن بىرى ئىدى.

## جامائەت (ئاممىۋى) قۇرۇلۇشلىرى

قاراخانىيلار تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەسچىتنى سۇتۇق بۇغراخان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئارتۇچ دېگەن جايغا سالدۇرغان. ئۇ مىلادىيە 955- يىلى ۋاپات بولغاندىمۇ مۇشۇ مەسچىت يېنىدا دەپنە قىلىنغان، ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى قاراخانىيلار جامائىتىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ئاساسەن مەسچىتلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، سۇلالىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەسچىت بىنا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بۇرۇنقى بۇتخانىلارنىڭ ئورنىغا خانىقا ۋە مەكتەپلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تاكى تاغقا تۇتاشقىچە تۇرار جاي ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار تاغقا چىقىپ مەشھەت يېزىسىدىكى ئالتۇن مۇنارلىق بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى. ھازىرقى قەشقەر كونا شەھىرىنىڭ ئورنىدىمۇ «تۈمەن» ناملىق

بىر چوڭ سەيلىگاھ بولۇپ، بۇ جاي دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ سەيلى-گاھى ئىدى. شۇنداقلا چەت ئەل ئەلچىلىرى چۈشىدىغان چوڭ ساراي، مەسچىتلەرمۇ مۇشۇ جايدا ئىدى . قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك ئالىمى مەھمۇد كاشغەري دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى موللام مازىرى-نىڭ غەرب تەرىپىدە «سۇلتانباغ» (خان بېغى)، تەكيەگاھ (ئەلچى-لەرنى كۈتىدىغان مېھمانخانا) ۋە «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» دەپ ئا-تىلىدىغان بىر مەدرىسە بولغان .

قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جا-مائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى مەدرىسەلەر ئىدى. ئاتاقلىق مەدرىسە بىنالىرى، مەيلى كىچىكرەك مەدرىسە بىنالىرى بولسۇن ناھايىتى مول نەقىشلەر ۋە بېزەك - كۆرۈنۈشلەر بىلەن پەردازلىناتتى. تام-لىرى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، گۈمبەزلىرى رەڭلىك كا-ھىشلار بىلەن بېزىلەتتى. دېرىزىلىرىگە ئەينەك قويۇلاتتى. ئادەتتە چوڭ مەدرىسەلەردە نۇرغۇن تالىپ سىغىدىغان دەرسخانىلار، ئىشخا-نىلار، ياتاق ئۆيلەر، سەراپ - ھامام، ئاشخانا ۋە ئاممىۋى ھاجەتخا-نىلار بولغانىدى. ئەينى دەۋرلەردە باغدادتا نىزامۇ مۇلۇك (1018-1092) تەرىپىدىن «نىزامىيە مەدرىسەسى»، قەشقەردە سۇلتان سۇ-تۇق بۇغراخان تەرىپىدىن «ساجىيە مەدرىسەسى» ۋە «ھەمدىيە مەد-رىسەسى»، «مەھمۇدىيە مەدرىسەسى» قاتارلىق مەدرىسەلەرمۇ قۇ-رۇلغان. بۇ مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، شائىرلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزلىرىگە ئايلانغان. شۇڭا جامال قارشى شۇ دەۋردى-كى قەشقەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئا-لىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر» دەپ يازغان .

قاراخانىيلار دەۋرىدە شەرق، غەرب سودىگەرلىرى يىپەك يولىنى بويلاپ بۇ سۇلالىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىن ئۆتكەچكە، قاراخا-نىيلار تەۋەسىدىكى شەھەرلەردە چوڭ - چوڭ سودا كارۋانلىرى چۇ-

*شىدىغان سارايلار ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان زور كۆلەملىك رەستىلەر ياسالغانىدى. تامغاچ ئىبراھىمخان دەۋرىدە* بىنا قىلىنغان «سەمەرقەند سارىيى»، «ئاق كۆتەل سارىيى»، «تۇرغان مەلىكە سارىيى»، «بۇخارا سارىيى»، «جاپپار سارىيى» قاتارلىق ساراي - رەستىلەر بۇلارنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

## شەھەر قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام غازاتچىلىرى بىلەن بۇددىستلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭلەر سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان بەزى شەھەرلەر تاشلىنىپ قېلىپ خارابىلىككە ئايلانغان بولسىمۇ، بىر قىسىم شەھەرلەر يەنىلا ئىسلام دىنى تەرەققىياتىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مەسچىت قاتارلىق دىنىي قۇرۇلۇشلار كۆپلەپ سېلىنغان، بۇ دەۋردە شەھەر قۇرۇلۇشى ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ماس هالدا تەرەققىي قىلغان. سۇلالە تەۋەسىدە قەدىمىي ۋە يېڭى شەھەرلەردىن ئوردۇكەنت (قەشقەر)، بالاساغۇن، ياركەنت (يەكەن)، ئودۇن (خوتەن)، ئاقسۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر بار ئىدى. قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەھىرىنىڭ دائىرىسى ناهايىتى چوڭ ئىدى. يازما مەنبەلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە شەھەرلەر ئوردۇ (ئوردا)، كەنت ۋە بالىق دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي جەھەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغان. يەنى ئوردۇ (ئوردا) دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرلەر مەخسۇس خانلار تۇرىدىغان پايتەخت شەھەرگە قارىتىلغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە «ئوردۇ، خان شەھىرى، بۇنىڭدىن ئېلىپ خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەرى ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ» دەپ يازغان. بۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي پايتەختى بولغان بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇز شىمال ئوردۇ» دەپ ئاتالغان.

كەنت ـ ئۇيغۇرلارغا سوغداقلاردىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدە بۇ سۆزنى شەھەر مەنىسىدە قوللانغان. ئوغۇزلار بولسا «يېزا» دېگەن مەنىدە قوللىناتتى، مەھمۇد كاشغەرىي «كەنت»نى «كەنت ـ شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلىپ قەشقەر ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ» ئىزاھلايدۇ. قاراخانىيلار زامانىسىدا شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق ۋە باغلارنىڭ «كەنت كۆكى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى؛ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «بۇ شەھەر (ئوردۇكەنت) نىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياب شۇ يەردە تۇرغان» دەپ قەيت قىلىشى ۋە ئۆزكەنت (ئۇزكەنت)، چىمكەنت، ياركەنت دېگەن قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يەر ناملىرىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، كەنت ـ مەنزىرىسى گۈزەل، تەبىئىي ئورمان بىلەن قاپلانغان ھاۋالىق شەھەرلەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلگىرىكى زامانلارغا ئوخشاشلا شەھەرلەر سېپىل بىلەن قورشىلىپ، دېھقان، چارۋىچى ۋە چەت ئەللىك ئەلچى سودىگەرلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرى شەھەر دەرۋازىلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت چوڭ شەھەرلەر تۆت دەرۋازا بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ئۈستىگە نۆكەك ياسىلىدىغانلىقى، بۇنداق سېپىللارنىڭ «نۆكەكلىك تام» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، «تام» سۆزى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا سېپىل، قەلئە ۋە تام مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقى، بۇ نۆكەكلەرنىڭ شەھەر سىرتىدىكى تاغ ياكى دۆڭلۈكلەرگە ياسالغان «قارغۇي» ياكى «قارىغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇلۇشلار بىلەن ئوت يېقىش ياكى ئىس قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق خەۋەرلىشىدىغانلىقى مەلۇم.

www.uyghurkitap.com



# ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا*

مۇھەممەد سالىھ

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا شەھەردىن 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا ئاپاق خوجا دەپ ئاتالغان ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يېشىل گۈمبەزلىك، سەلتەنەتلىك مازىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مازار ئۇيغۇرچىدا ئاپاق خوجا مازىرى، ھەزرىتى مازىرى دەپ ئاتالسا، خەنزۇچىدا شياڭفېي (ئىپارخان) قەبرىسى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

بۇ مازار شىنجاڭ تارىخىدا نۇرغۇن سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ، دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ باش سەۋەبچىسى بولغان ۋە مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەت كاسانى) ئەۋلادى دەپ ئاتالغان خوجىلارنىڭ قەبرىگاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئاپاق خوجا مازىرى ئىلگىرىكى چاغلاردا يىلىغا يۈز مىڭلىغان يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان كاتتا زىيارەتگاھى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ يىلىغا ئون مىڭلىغان ئادەم زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كېتىدىغان مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىق، نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە مۇھاپىزەت قىلىنماقتا. ئاپاق خوجا مازىرى مەيلى ئۆزىنىڭ مازار پەرەسلىكتىكى دىنىي ئورنى جەھەت-

* مۇھەممەد سالىھ «ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىلى 3 - سان.

تىن بولسۇن، مەيلى نەپىس سەنئەتلىك گۈزەل قۇرۇلۇشى جەھەت-
تىن بولسۇن، ئىلىمىز بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق مازار بولۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ داڭدار مازارلارنىڭ بىرى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئىلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا
مۇنداق چوڭ شۆھرەت قازىنىشى ۋە زور تەسىرگە ئىگە بولۇشى ئۇ-
نىڭ ئاپاق خوجىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ تارىخ-
تىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە دىنىي نوپۇزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك-
تۇر. ئاپاق خوجىنىڭ تەسىرى ۋە نوپۇزىنىڭ مۇنداق يۇقىرى بو-
لۇشى ئۇنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخس
بولغانلىقىدىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەينى زامانلاردا ئوت-
تۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئەڭ بازار تاپقان خوجىلىق ۋە
ئىشانلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئەڭگۈشتەرگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن
ئىدى. بۇ مازار ئاپاق خوجا نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ،
دەسلەپتە ئاپاق خوجىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىدىن
باشلىنىدۇ.

مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا بولسا مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى
(مۇھەممەت ئىمىن) ئىشان كالاننىڭ ئوغلى ئىدى. سەمەرقەنتنىڭ
دەھبىد دېگەن يېرىدە مەخدۇم ئەزەم بىلەن ئىشان كالان ئۇچۇن
مۇرىتلىرى تەرىپىدىن مازار تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوپى
مۇخلىسلىرى ئۈچۈن بۇ مازار مەنىۋى يۆلەنچۈك ۋە روھىي تىرەك
بولغانىدى. مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دەھبىد-
تىكى مازىرىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشتە، كىشى-
لەرنى خوجىلارغا بېقىندۇرۇشتا قانچىلىك زور رول ئوينىغانلىقى-
نى سەمەرقەنتتىكى ۋاقتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. يۈسۈپ
خوجا شىنجاڭغا قەدەم باسقاندىن كېيىن، تەسىرىنى كېڭەيتىش بى-
لەن ئۆز تەرىقىتىنىڭ بۇ دىيارلاردا راۋاج تاپىدىغانلىقىغا كۆزى
يەتكەندىن كېيىن، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دەھبىدتىكى مازىرىنى ئۆل-
گە قىلىپ، قەشقەردە ئۆزى ئۈچۈن مازار تىكلىمەكچى بولدى. ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە يۇقىرىقى سەۋەبتىن تاشقىرى، يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭ رەقىبى بولغان خوجا ئىسهاق ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن يەكەندە مازار بەرپا قىلغانلىقى ئىدى.

ئىشان كالان بىلەن ئىسهاق خوجا ئەۋلادلىرى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزئارا جىددىي رىقابەتلىشىشكە ۋە بىر ـ بىرىگە سۇيىقەست ئىشلىتىشكە كىرىشتى. بىر ئامال قىلىپ قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈشكە، قارشى تەرەپنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندى. ئۇلارنىڭ كۈرىشى بەزىدە مازارنى دەۋر قىلدى، نەتىجىدە مازار ياساش ۋە مازار پەرەسلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، ھەزرەت مازىرى مەيدانغا كەلدى، مۇھەممەت يۇسۇپ خوجا ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن كەلگۈسىدە تىكلەنگۈسى مازارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ بەردى، مازارنىڭ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى ھەم ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى: «جانابى رەسۇلىللا ۋە پۈتۈن خوجىلار، يار مۇھەممەت باي بىزگە نەزىر قىلىپ بەرگەن يەرنى بىزنىڭ دەپنە قىلىنىدىغان يېرىمىز قىلىپ بەلگىلىدى. بىزنىڭ پاك قەبرىمىز شۇ يەردە بولىدۇ. يار مۇھەممەت بۇرۇن نەزىر قىلىپ بەرگەن يەر ئەتراپىدىن يەنە 10 پەرسەخ (بىر پەرسەخ 6 كىلومېتىر ئەتراپىدا) يەرنى قوشۇپ بەردى. مۇرىتلىرىمدىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغانلار قىيامەت كۈنى مېنىڭ مۇخلىسلىرىم قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ، مەھشەرگاھقا ھازىر بولغۇسى.»[①]

مۇھەممەت يۇسۇپ خوجىنىڭ يار مۇھەممەت باي ئىسىملىك بىر سوپىسى ئۇنىڭغا بۇ زېمىننى نەزىر قىلىپ بېرىۋەتكەنىدى. مۇھەممەت يۇسۇپ خوجا (تۆۋەندە قىسقارتىپ يۇسۇپ خوجا دەيمىز) نىڭ يۇقىرىقى ۋەسىيىتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىرقانچە مۇھىم نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ① يۇسۇپ خوجىنىڭ ھەزرەتتە دەپنە قىلىنىشىنى پەيغەمبەر ۋە خوجىلار بەلگىلەپ بەردى دېگەن گەپ بۇ قەبرە ئاددىي قەبرە ئەمەس، مازار قىلىپ

تىكلىنىشكە تېگىشلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ②بىزنىڭ پاك
قەبرىمىز دېگەن سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى نامايان
قىلماقچى بولىدۇ. ③ پاك قەبرە دەپ ئاتىغان قەبرىسى جايلاشقان
ماكانلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 10 پەرسەخ كېلىدىغان جاينىڭ-
مۇ مۇقەددەس زېمىن ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە بۇ جايلارغا دەپنە قىد-
لىنغان ئادەملەرنىڭ قىيامەت كۈنى يۈسۈپ خوجىنىڭ شاپائىتىگە
ئېرىشىدىغانلىقى ئىما قىلىنىدۇ. دېمەك، يۈسۈپ خوجا ھايات
ۋاقتىدىلا ئۆز قەبرىسىنىڭ كىشىلەر كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان
مازار بولۇپ قېلىشى توغرىسىدا ئالدىنئالا جامائەت پىكرى ھا-
زىرلاشقا كىرىشكەن. يۈسۈپ خوجا ھىجرىيەنىڭ 1060 ـ يىلى
(مىلادىيە 1650 ـ يىلى) يەكەندە رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەر بې-
رىلىپ يېڭىسارنىڭ تۇيۇق دېگەن يېرىدە قازا تاپتى. ئاپاق خوجا ئا-
تىسىنىڭ جەسىتىنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قەشقەرگە ئېلىپ
كېلىپ، يار مۇھەممەت باي نەزىر قىلىپ بەرگەن يەرگە دەپنە قىل-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر ھەزرەت، يۈسۈپ خوجا مازىرى بولسا
ھەزرەت مازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. چۈنكى يۈسۈپ خوجىنىڭ
مۇرىتلىرى ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاش يۈزىسىدىن «ھەزرەت
مازار پادىشاھىم» دەپ ئاتىغانىدى.

ئاپاق خوجا ئاتىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى
ئۈستىگە گۈمبەز ياساپ، كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان زىيارەتگاھقا
ئايلاندۇردى. مانا بۇ ئاپاق خوجا مازىرىدىكى دەسلەپكى قەبرىنىڭ
مەيدانغا كېلىشى ۋە مازارنىڭ تۇنجى قېتىم ياسىلىشى بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. مازار ئۈستىدە مۇنداق ئىككى رىۋايەت بار: بىر خىل
رىۋايەتتە، يۈسۈپ خوجا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قەبرىسى كىد-
چىك دائىرە ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان، ئۈستىگە گۈمبەز ياسالغان
ئەمەس، دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل رىۋايەتتە، يۈسۈپ خوجا قەبرىسى
تۇنجى قېتىم قاتۇرۇلغان چاغدىلا ئۈستىگە گۈمبەز ياسالغان، دې-
يىلىدۇ. بىزنىڭچە، مۇشۇ ئىككىنچى رىۋايەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇنى مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىن دەلىللەشكە بولىدۇ:

1. يۇسۇپ خوجىنىڭ ۋەسىيىتىدە ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى پاك دەپ سۇپەتلىشىدىن ۋە ئەتراپقا دەپنە قىلىنىغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىشىدىن يۇسۇپ خوجىنىڭ ئۆزىنى ئەۋلىيا دېمەكچى بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ زامانلاردا «ئەۋلىيا» دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز قاتۇرۇلۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

2. يۇسۇپ خوجا ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭ بويىچە ناھايىتى كۆپ مۇرىتى بار چوڭ ئىشان ئىدى، ئۇنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدا بار ئىدى. ھەتتا يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا خانمۇ يۇسۇپ خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى. مازار پەرەسلىك ئەۋج ئالغان شۇ دەۋرنىڭ شارائىتىدا، مۇنداق يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە چوڭ ئىشان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەئىد بولۇپ تونۇلغان شەخس ئۈچۈن گۈمبەزلىك مازار تىكلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.[2]

3. ئاپاق خوجىنىڭ: «ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان لۈكچەكلەر گۇرۇھى قەشقەرنى خالىي تاپتى. دادام مازار پادشاھىنىڭ قەبرىسىدىكى قۇرۇلۇشقا ئوت قويۇپ قاچتى»[3] دېگەن سۆزىدىن ئوت قويۇۋېتىلگەن مازارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاپاق خوجا ئاتىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە بىنا قىلغان دەسلەپكى گۈمبەز قۇرۇلۇشى دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ھىجرىيەنىڭ 1104 - يىلى (مىلادىيە 1692 - يىلى) ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى خوجا يەھيا ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مازارنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتتى. بۇ چاغدا خوجا يەھيا ئاپاق خوجا تەرىپىدىن قويۇلغان قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. 6 ئاي مۇددەتتە تۇرغۇزۇلغان بۇ مازارنىڭ گۈمبىزى ناھايىتى ئېگىز ياسالغانلىقتىن، يۇقىرى قىسمىنى تۇرغۇزۇش قىيىن بولۇپ قايتا - قايتا تۈجۈپىلەپ ئىشلەش نەتىجىسىدە ئاران تۇرغۇزۇلغان. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مازارنىڭ

بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشىدا گۇمبەز[4] خانىقاسىغا دەرۋازا بېكىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۇ قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. قەبرە گۇمبەزنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ پىششىق كېسەكتىن ياسالغانىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇ قېتىم مازارنى مۇنداق ھەشەمەتلىك ياساشتىكى مەقسىتى مازارنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ زورايتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلماقچى ئىدى.

بۇ، مازارنىڭ 2 ـ قېتىملىق ياسىلىشى ھېسابلىنىدۇ. مازارنىڭ بۇ قېتىمقى ياسىلىشى ھىجرىيەنىڭ 1104 ـ يىلى (مىلادىيە 1692 ـ يىلى) دەپ مۇقىملاشتۇرۇشتىكى ئاساسىمىز شۇكى، بەزى تەزكىرىلەردە ئاپاق خوجىنىڭ «ساھىب قىران» دەپ ئاتالغان ئوغلى ھەسەن خوجا بولسا ئاپاق خوجا ئۆلگەن ۋاقتىدا 5 ياشتا ئىدى دېيىلىدۇ ۋە مازار ياسالغان ۋاقتىدا ھەسەن خوجىنىڭ 4 ياشتا ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. مۇنداق بولغاندا، مازار 1104 ـ يىلى (مىلادىيە 1692 ـ يىلى) ياسالغان بولىدۇ. ھىجرىيەنىڭ 1105 ـ يىلى (مىلادىيە 1693 ـ يىلى) ئاپاق خوجا يەكەندە رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەسىتى قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئاتىسى يۇسۇپ خوجىنىڭ يېنىدا دەپنە قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ھەزرەت مازارنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆسۈپ، تەسىرى كېڭىيىپ، ئاپاق خوجا مازىرى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. ئاپاق خوجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بۇ مازارغا قويۇلۇشى بىلەن بۇ يەردىكى قەبرىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ. مازارنىڭ 3 ـ قېتىملىق قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي ماتېرىياللار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، بۇنىڭدا خېلى مۇجمەللىك مەۋجۇت. بۇ مۇجمەللىك، ئاساسەن مازارنى ياسىغان ئادەمنىڭ كىملىكى ئۈستىدە كۆرۈلىدۇ. بىراق، ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ كۆل بويىدىكى دەرۋازا پەشتىقى ئۈستىدىكى مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان پارسچە شېئىر ئارقىلىق يۇقىرىدىكى مۇجمەللىكنى بىر قەدەر ئېنىقلاشقا بولىدۇ. ئاغزاكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىۋايەتلەردە، مازارنىڭ بۇ قىتىمقى قۇرۇلۇشى ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى خوجىنىڭ ئايالى سۇدەيشياڭ تەرىپىدىن ياسالغان. ئۇ چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىپارخان بىلەن تۇردىنىڭ جەسىتىنى 6 ئاي يول مېڭىپ بېيجىڭدىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئاپاق خوجا مازىرىدا قويغان ۋە چيەنلۇڭنىڭ بەرگەن مەبلىغى بىلەن مازارنى ھەشەمەتلىك ياساتقان، نۇرغۇن يەر ۋە تۇگمەنلەرنى مازارغا ئاتاپ ۋەخپە قىلغان دېيىلىدۇ ھەمدە يەرلىك ئاھالىنىڭ سۇدەيشياڭنى «دىلشادە خېنىم» دەپ ئاتىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. پەشتاققا يېزىلغان شېئىردىكى:

شىنەۋ بانىئى ئىن تەمرى پوركار
بىدانىش ھايى خۇد ۋاقىق بىئەسرار.
زىمالى مولكەت ئىن دەھرى ئازاد
مەلىكە نامى پاكى ئوست دىلشاد.

بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى سالدۇرغۇچى كىشى ھەممە سىرلاردىن خەۋەردار، ئەقىل - پاراسەتلىك، زاماننىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە باغلىنىپ قالمىغان شەخس ئىدى، ئۆزى مەلىكە بولۇپ، ئىسمى دىلشاد ئىدى دېگەن مىسرالاردىن ياساتقۇچى ئايالنىڭ خانلىق خانىدانغا مەنسۇپ دىلشاد ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

تارىخە شى تەبىئى سەلىما
زىھىجرەت ھەرپى ئەز ئەجرەن ئەزىما

ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرەت يىلىنى ھېسابلاپ كۆرسەك، ئەجرەن ئەزما (چوڭ ساۋاب بولسۇن) دېگەن سۆزدىن مازارنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى چىقىدۇ، دېگەن مىسرالار مازارنىڭ ھىجرىيە 1226 -

يىلى (مىلادىيە 1811 ـ يىلى) دىلشاد ئىسىملىك ئايال تەرىپىدىن قايتا ياسىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شاراپەت ھەمدە مۇ ئۇگۇشت ھەر ھال
شۇدە ھەم ئەزسە ئادەت مەھرەمى ئال.

(دىلشادقا ھەمىشە ئۇغلۇق ھەمدەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سائادەتمەنلىكىدىن پەيغەمبەر ئەۋلادىغا جۈپت بولغانىدى) دېگەن مىسرالاردىن دىلشادنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ تونۇلغان خوجىلاردىن بىرىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

بىئىستىدادى ئەززۇلماتى رەستە
چونان ئابى ھايات ئەزچەشمە روستە.

(خۇددى ئابى ھايات ئۆزىنىڭ بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك، دىلشاد ئۆزىنىڭ ئىستېداتى بىلەن گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى) دېگەن مىسرالاردىن دىلشادنىڭ ئەسلىدە ماذجۇ ياكى خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلىنىدۇ.

بەيايەد ھەمچوخود ئەز شەرقى چىنى
بەدىن دەرگاھ بەرايى خوشەچىنى

(دىلشاد بېيجىڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن بۇ ئۇلۇغ دەرگاھقا ساۋاب ئىزدەپ كەلگەنىدى) دېگەن مىسرالارنى دىلشادنىڭ بېيجىڭدىن قەشقەرگە ئاپاق خوجا مازىرىنى ياسىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.
بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، رىۋايەت بىلەن شېئىردا بايان قىلىنغان مەزمۇن كۆپ جەھەتتىن ئوخشى-

www.uyghurkitap.com



شىپ كېتىدۇ. دىلشاد دېگەن سۆزنىڭ سۇدەيشىياڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن قويۇلغان ئۇيغۇرچە ئىسىم ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. لېكىن ئاغزاكى رىۋايەتتە، سۇدەيشىياڭ چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىپارخان بىلەن تۇردى خوجىنىڭ جەسىتىنى ئېچكىرىدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىپ «ھەزرەت مازىرى»غا قويغان دېيىلسە، پەشتاق ئۈستىدىكى شېئىردا پەقەت چىنىنىڭ شەرقىدىن كەلگەن دىلشاد ئىسىملىك مەلىكىنىڭ پەشتاق، مەسچىت ۋە قەبرىلەرنى ياساتقانلىقى ئېيتىلىدۇ. شېئىر بىلەن رىۋايەتنى بىر - بىرىگە تەتبىقلاپ كۆرگەندە، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى ياسالغان ۋاقتى جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زور ئوخشىماسلىق بار، شېئىردا قەبرىنىڭ ياسالغان ۋاقتى ھىجرىيە 1226 - يىلى دەپ يېزىلغان. بۇ، جياچىڭ خاننىڭ تەختتىكى ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ئاغزاكى رىۋايەتتە سۇدەيشىياڭنى چيەنلۇڭ خان ئەۋەتتى دېيىلىدۇ. مازار جياچىڭ خاننىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياسالغانلىقتىن، ئۇنى چيەنلۇڭ خان ياساتتى، دېگەن سۆزنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكى ئېنىق.

يولداش جى داچۇن سابىق «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئىپارخان قەبرىسى توغرىسىدىكى ماقالىسىدە، ئىپارخان توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان. بۇ مەسىلىگە ئائىت خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئىپارخان بىلەن تۇردى خوجىنىڭ جەسىتىنى سۇدەيشىياڭنىڭ ئېچكىرىدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئىنكار قىلىنغان. بۇنداق قاراش مازارنىڭ جياچىڭ خان دەۋرىدە ياسالغانلىقى ۋە كىمنىڭ ياسىغانلىقى توغرىسىدا خەنزۇچە مەنبەلەردە بىرنەرسە دېيىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. دۇرۇس، يۇقىرىدىكى شېئىردا دىلشادنىڭ ئېچكىرىدىن بىرەرسىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ چىقىپ «ھەزرەت مازىرى» غا دەپنە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېچكىرىدىن

چىقىپ مەخسۇس پەشتاق، مەسچىت ۋە قەبرىلەرنى ياساتقانلىقى
ئېنىق ئېيتىلغان. دىلشاد ئىچكىرىدىن چىقىپ بۇ مازارنى ياسى-
تىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟ ئۇنىڭغا كەتكەن راسخوت قەيەر-
دىن كەلگەن؟ مانا بۇ سوئاللارغا ئەينى زامانلاردا چىڭ خاندانلىقى-
نىڭ يۈرگۈزگەن دىنىي سىياسىتىدىن جاۋاب تېپىشقا بولىدۇ.

مەلۇمكى، گېزى كەلگەندە دىنىنى ۋاسىتە قىلىپ، ئۆز ھۆ-
كۈمرانلىقىنى چىڭىتىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر
خىل سىياسىتى بولۇپ كەلدى. ئۇلار مۇشۇ سىياسەتكە ئاساسەن،
بۇددىستلارنىڭ، لامىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش مەقسىتىدە، ئاھالى-
سى لاما دىنىغا ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جايلاردا نۇرغۇن
بۇتخانىلارنى بەرپا قىلدى، بۇتلارنى ياساتتى. چيەنلۇڭ خاننىڭ
دەۋرىدە پەقەت شيەنجۇڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سېلىنغان بۇتخا-
نىلارنىڭ سانى 13 تىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قى-
لىشتىكى غەرىزى جياچىڭ خاننىڭ مۇنۇ شېئىرىدىن ئوچۇق كۆ-
رۈنۈپ تۇرىدۇ.

魔鬼征战， 能仁宏誓， 但群生奠，嘉庆
嘉庆《御制水月庵诗》《承德府志》卷十九

چىڭ خاندانلىقى مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادى بولغان خوجىلارنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، خوجىلارغا قا-
رىتا: پاراكەندىچىلىك سالغانلارنى قاتتىق جازالاش، بويسۇنۇپ تىنچ
يۈرگەنلەرگە ئەمەل - مەنسەپ بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق سىياسەت قوللانغانىدى. ئاپاق
خوجا مازىرىنىڭ مەيلى كىشىلەر نەزىرىدە بولسۇن، مەيلى خوجىلار
نەزىرىدە بولسۇن، يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇ-
تۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. چيەنلۇڭ خاننىڭ
1760 - يىلى چۈشۈرگەن يارلىقىدا: «توپىلاڭچى خوجا جاھانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتا - بوۋىسى يۇرت سوراپ كەلگەن، ئۇلار گۇناھسىز، ھازىر ئۇي-غۇر يۇرتى پۈتۈنلەي تىنجىدى. ئۇلارغا دۆلەتنىڭ خەيرىخاھلىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن، قەشقەردىكى بۇرۇنقى خوجىلارنىڭ بارلىق كونا قەبرىلىرىگە قاراشقا ئادەم قويۇلسۇن، دەل - دەرەخلەرنى كېسىش-كە، بېزەپ قىلىشقا يول قويۇلمىسۇن، بۇزۇلغانلىرى قائىدە - نىزام بويىچە رېمونت قىلىنسۇن، ئېگىدارچىلىق قىلىشقا ئەمەلدار قويۇلسۇن» دېيىلگەن. چيەنلۇڭ خاننىڭ بۇ يارلىقى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، چىڭ خاندانلىقى «خوجىلار قەبرىگاھى» دەپ ئا-تالغان ئاپاق خوجا مازىرىنى ياخشى ئاسراپ مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق، مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە خوجىلار-نىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولغان. چيەنلۇڭ خاننىڭ يۇقىرىقى يارلى-قىنىڭ ئىجراسى ۋە شۇ يارلىققا ئاساسەن «خوجىلار قەبرىگاھى» غا قىلىنغان قۇرۇلۇش ئۈستىدە بىرەر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمى-غانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېيىش تەس، شۇنداقتى-مۇ يارلىقتىكى «قەبرىلەرنىڭ بۇزۇلغان جايلىرى رېمونت قىلىن-سۇن» دېگەن سۆزنى سۇدەيشياڭ توغرىسىدىكى رىۋايەت بىلەن مۇ-ناسىۋەتسىز، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ يارلىقى، پەشتاق ئۈستىدىكى شېئىر ۋە ئاغزاكى رىۋايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇھا-كىمە قىلغاندا، شۇبھىسىزكى، چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇنىڭ بەزى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن مازار قايتا ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. مازارنىڭ شېئىردىكى ياسالغان يىلىدىن قارىغاندا، سۇدەيشياڭنى قەشقەرگە چيەنلۇڭ خان ئەمەس، جياچىڭ خان ئەۋەتكەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئىپار-خان توغرىسىدىكى ھېكايە چيەنلۇڭ خانغا باغلانغانلىقتىن، ئاغزاكى رىۋايەتتە سۇدەيشياڭنى قەشقەرگە ئەۋەتكەنمۇ چيەنلۇڭ خان دېيە-شىپ قالغان بولسا كېرەك. يارلىقتىكى قەبرىلەرگە قاراشقا ئادەم قويۇلسۇن، ئېگىدارچىلىق قىلىشقا ئەمەلدار قويۇلسۇن، دېگەن سۆز-لەر ئاغزاكى رىۋايەتتىكى سۇدەيشياڭ مازارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن

نۇرغۇن يەر - زېمىنلارنى، تۇگمەنلەرنى مازارغا ۋەخپە قىلدۇرغان، كۆللەرنى قازدۇرۇپ، باغلارنى ياسىتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مازاردا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان، دېگەن سۆزلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، جيياچىڭ خان (سورىغان ۋاقتى مىلادىيە 1796 ـــ 1820 - يىللار) سۇدەيشياڭنى ئەۋەتىپ، مازارنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشىنى ياساتقان. سۇدەيشياڭ بولسا مازارنى باشقۇرىدىغان ۋە مازار ئەتراپىدىكى خوجىلارنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەزرەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 - خانى بولغان ئابدۇرېشىت خاننىڭ پىر - ئۇستازى بولۇپ تونۇلغان چوڭ ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ يەكەندىكى مازىرىمۇ جيياچىڭ خان دەۋرىدە 1222 - ھىجرىيە (مىلادىيە 1807 - يىلى) ياسالغان، بۇنى يەكەننىڭ شۇ زاماندىكى ھۆكۈمرانى يۇنۇس ۋاڭ ياساتقان. خۇددى ئاپاق خوجا مازىرىنى سۇدەيشياڭ ئارقىلىق جيياچىڭ خاننىڭ ياساتقىنىغا ئوخشاش، يەكەندىكى خوجا مۇھەممەت شېرىپ مازىرىنىمۇ يۇنۇس ۋاڭ ئارقىلىق جيياچىڭ خان ياساتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق مازارلارنى خاننىڭ نامىدىن ياساتقاندىن كۆرە، خان تەرىپىدىن قويۇلغان ئەمەلدارلار نامىدىن ياساتىش، مەلۇم جەھەتلەردىن خانغا پايدىلىق بولسا كېرەك. شېئىردا ئېيتىلغان دىلشاد ـــ ئىپارخاننىڭ ئۆزى، دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بولسىمۇ، مۇنداق قاراش شېئىردىكى مەزمۇننىڭ ئۆزىگە ۋە ئىپارخاننىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بەزى رىۋايەتلەردە سۇدەيشياڭ مازارنى ياساتقاندا گۈمبەزلىك قىلىپ ياساتماي، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قۇرۇلۇش تەقلىدى بولغان خۇيزۇلارنىڭ مەسچىتى شەكلىدە ياساتقان، ئاپاق خوجا ۋاقتىدا ياسالغان مازار قۇرۇلۇشىنى سۇدەيشياڭ ئېچىپ، ئۈستىنى ئوچۇق شىپاڭ قىلىپ ياساتقان دېگۈچىلەرمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھىجرىيە 1293 ـ يىلىغا كەلگەندە، دىلشاد بىنا قىلدۇرغان مازارنىڭ بۇ شەكلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن چاقتۇرۇلۇپ، قايتىدىن ھازىرقى شەكلىدە ياسىتىلغان.

كۆل بېشىدىكى پارسچە شېئىر بار پەشتاق چېقىلماي ساقلىنىپ قالغان، مازار گۈمبىزى ئۈستى يۈملاق، ئاستى چاسا ياسالغان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مودا بولۇپ قالغان بىر خىل مىللىي شەكىلدۇر. مازار دەرۋازىسى ئۈستىدىكى خەتكە كۆز تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن مازارنىڭ ھىجرىيە 1293 ـ يىلى (مىلادىيە 1876 ـ يىلى) ياقۇپبەگ تەرىپىدىن سېلىنغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ خەت پارسچە شېئىردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئەينى زاماندا قەشقەرنىڭ مەھكىمە شەرئىيەدە قازى كالان بولۇپ تۇرغان ئاخۇنى سەيىير ئەكمەلخان ياقۇپبەگنىڭ ئەمرى بويىچە يازغان، دەپ مۆلچەرلىنىدۇ. ... مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ ئىسمى ئېيتىلىدىغان جايدا ئەكمەل سۆزى تىلغا ئېلىنغان. بۇ شېئىر 16 مىسرا بولۇپ، ھەر مىسراسىدىن ئەبجەد ھېسابىدا مازارنىڭ ياسالغان يىلى چىقىدۇ. بۇ شېئىردىكى:

ئاپىرىن مەرھەمەت ئان ئۇلۇغ جاناپ،

(ئالىيجاناب پادىشاھنىڭ قىلغان ئىلتىپاتىغا ئاپىرىن) دېگەن مىسرادىن مازارنى ياقۇپبەگنىڭ ياساتقانلىقى چىقىدۇ.

يۇسۇف مىسرى شىيەم يەئقۇپ كەنئان ھىكەم.

(ئەخلاق ۋە پەزىلەتتە مىسىرلىق يۇسۇپ پەيغەمبەرگە، ئىلمى ھېكمەتتە كەنئانلىق يەئقۇپ پەيغەمبەرگە ئوخشايدۇ) دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغانلىقى، بۇ مازارنىڭ شەكىللىنىشتە ئاپاق خوجىنىڭ ئاتىسى يۇسۇپ خوجىنىڭ قەبرىسىدىن باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ شېئىردا يەنە: بىناھايى سەفارەشكى ئىرەم (مازارنىڭ چىرايلىق قۇرۇلۇشىدىن ئىرەممۇ رەشكى قىلىدۇ) دېگەن سۆز بىلەن مازارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى مەدھىيەلىنىپ، ئۇنىڭ كۆركەملى-

كى قەدىمكى زاماندىن قالغان قىسسەلەردە تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدىغان مەشھۇر ئىرەم شەھىرىگە ئوخشىتىلسا، «جۇش زەررى ھەرىمۇ ئوسە فاباچۇن ھەرەم» (بۇ گۇمبەزنىڭ ئەتراپىدا ھەرەمگە ئوخشاش پاكلىق قايناپ تۇرىدۇ) دېگەن مىسرادا مازارغا چوقۇنۇش تەرغىب قىلىنىپ، ئۇ مۇسۇلمانلار ھەج قىلىدىغان جاي ــ ھەرەمگە ئوخشىتىلىدۇ. قەبرىلەر جايلاشقان چوڭ گۇمبەزدىن ئۇن نەچچە مېتىر يىراقلىقتا چاغراق كەلگەن بۇ بىر كۆك گۇمبەز بولۇپ، رىۋايەتلەردە ئۇنى ئاپاق خوجا ئۆزى ھايات ۋاقتىدا بىنا قىلدۇرغان دېيىلىدۇ. بۇ گۇمبەزنىڭ خانىقاسى مەسچىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە يېزىلغان پارسچە شېئىردا مازارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت يۇقىرىقى مەزمۇن تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۇرۇلىدۇ.

شۇنى ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەرقايسى دەۋرلەردە مازارنىڭ بىنالىرى ئۈستىگە يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرە خەتلەردە مازار كۆككە كۆتۈرۈپ ماختالغان ۋە مازار پەرەسلىك كەڭ تەرغىب قىلىنغان، مازارنى ياساتقۇچىلارغا ئاللاھىدە مەدھىيىلەر ئوقۇلغان. مازار خانىقاسىنىڭ ئىچىدە ئەسلىدە 72 قەبرە بار ئىدى، 1947 ـ يىلدىكى يەر تەۋرەشتە گۇمبەز كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈپ، قەبرىلەرنى يانجىپ تاشلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن، 1956 ـ يىلى گۇمبەز قايتا ياسىلىپ، ياقۇپبەگ ياساتقان شەكلى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، يانجىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، قىسقارتىلىپ ياسالغان، قەبرىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس.

خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ۋە جىنسىغا قاراپ پەرقلەندۇرۇلگەن. يۇسۇپ خوجا بىلەن ئاپاق خوجا قەبرىسى ئۈستىگە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە سۇرلۇك كۆرسىتىش يۈزىسىدىن، قىممەتلىك رەختلەردىن ئىشلەنگەن مەخسۇس يوپۇقلار يېپىلغان، بىر قىسىم قەبرىلەردە قەبرە ئىگىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان پارسچە خەتلەر بار. 56 ـ يىلى

گۈمبەز ۋە قەبرىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، خەتلەر چېلەڭگۈش بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ ئوقۇش قىيىن. شۇنىڭدەك بەزى قەبرىلەرنىڭ خەتلىرى باشقا قەبرىلەرگە ئالمىشىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. مازار خانىقاسى دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، ئۇدۇلدىكى قەبرە ئۈستىگە ھەل بىلەن چىرايلىق يېزىلغان 4 مىسرا پارسچە شېئىر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئاپاق خوجا قەبرىسىگە يېزىلغان شېئىر بولسىمۇ، كاپىش خوجا قەبرىسىگە ئالمىشىپ قالغان. بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاپاق خوجىنىڭ ۋاپات بولغان يىلى كۆرسىتىلگەن. شېئىرنىڭ تېكىستى مۇنداق:

بەمەشۇقى بەدو ئەندەر جىھان تاق،
مەقامى ئاشىقىرا ھەم شورۇ جوپىت
بەگوشى دىل رەسەد ئەزھاتىغى غەيب
كى تارىخى ۋە فاتەشرا خودا گوفىت.

(ئاپاق خوجا جاھاندا يېگانە مەشۇق بولۇشى بىلەنلا قالماي، ئاشىقلىق ماقامىغا يەتكەنىدى، يەنى كىشىلەر ئاپاق خوجىغا ئاشىق ئىدى، ئاپاق خوجا ئاللاغا ئاشىق ئىدى، دىلنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن شۇنداق ئاۋاز كەلدىكى، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى «خۇدا گۇفت» (خۇدا دېدى) دېگەن سۆزدىن بىلىنىدۇ). خۇدا گۇفت دېگەن سۆزنىڭ ھەرپلىرىنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە رەقەمگە سۇندۇرغاندا، ئۇنىڭدىن ھىجرىيەنىڭ 1105 ـ يىلى چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئاپاق خوجىنى ئاللاغا ئاشىق ئىدى دېيىش بىلەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ پائالىيەتلىرى مەدھىيەلەنسە، ئاپاق خوجا كىشىلەرنىڭ مەشۇقى ئىدى دېيىش بىلەن ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى نوپۇزى تەشۋىق قىلىنىدۇ. كىچىك گۈمبەزنىڭ ياسالغان ۋاقتى ئۈستىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنى تۇنجى قېتىم ئاپاق خوجا ياساتقان، دېگەن رىۋايەت مۇقىملاش-

تۆرۈلغان تەقدىردە، ئاپاق خوجا مازىرىغا تەۋە بىنالار ئىچىدە بۇ
گۈمبەز ئەڭ قەدىمكى بىنا بولۇپ قالىدۇ. گەپ - سۆزلەرگە قارى-
غاندا، گۈمبەزنىڭ يېنىدىكى مەسچىت ئىشىكىنىڭ بىر قانىتىدا
مازارنىڭ ۋە ئاپپاق خوجىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان
نەقىش بىلەن يېزىلغان خەتلەر بولغان. لېكىن تەخمىنەن مۇندىن
150 يىل بۇرۇن مازارنىڭ شۇ چاغدىكى شەيخى بۇ ئىشىكنى سەي-
ياھ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر چەت ئەللىك ئاسار ئەتىقە ئوغرى-
سىغا 150 سەر تەڭگىگە سېتىپ يىگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا سەپلەنگەن
ئىشىكنىڭ قانىتىدىكى نەقىشنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى يەنە بىر
قاناتتىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى بۇ رىۋايەتنىڭ راستلى-
قىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يۇقىرىدا ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ تارىخىي
ئۆتمۈشى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۈم. بۇ، مۇشۇ جەھەت-
تىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىمىزدىنلا ئىبارەت.

**ئىزاھاتلار:**

① سىرۋالمۇخلىس تەزكىرىسىدىن ئېلىندى.

② «سىرۋالمۇخلىس تەزكىرىسى»

③ «مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى»

④ «ئاپاق خوجا تەزكىرىسى»

出 版 人：唐 辉
阿迪力•穆罕默德
策　　划：阿迪力•穆罕默德
责任编辑：塔依尔•居马洪
责任校对：阿丽亚•买买提
封面设计：吾布力哈斯木•艾买提
海米旦•塞达里木
制　　版：阿依努沙•吾布力

新疆文物考古研究丛书（第一辑）
新疆伊斯兰建筑文化及其考古调查研究(维吾尔文)
艾山•阿布都热依木　著

新 疆 人 民 出 版 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32 开本　10 印张
2015 年 6 月第 1 版　2015 年 6 月第 1 次印刷

ISBN 978-7-5466-3177-6（民文）定价:32.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچىلەر: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
خەمدە سەئىدئالىم



شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەجمۇئەسى
(بىرىنچى تۈركۈم)

ISBN 978-7-5466-3177-6
9 787546 631776 >
定价：32.00元